# ئۇيغۇر خەلق
# ماقال-تەمسىللىرى

3

شىنجاڭ مەدەنىيەت نەشرىياتى

# ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى

(3 - توم)

تۈزگۈچىلەر: ئادىل مۇھەممەت
روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ
بېكىتكۈچى: ئوسمان ئىسمايىل تارىم

شىنجاڭ مەدەنىيەت نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔谚语集成(3):维吾尔文/阿迪力·穆罕默德,如则麦麦提·穆太力普编. —乌鲁木齐:新疆文化出版社,2016.9
ISBN 978-7-5469-8734-7

Ⅰ.①维… Ⅱ.①如… Ⅲ.①维吾尔族-谚语-汇编-中国-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I277.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2016)第216862号

---

**责任编辑**:迪丽努尔·阿布都热合曼
**特约编辑**:哈斯亚提·依不拉音
**责任校对**:克尤木·吐尔逊
**制　　版**:阿卜来提·阿伍提
**责任复审**:阿迪力·穆罕默德
**责任决审**:艾尼瓦尔·库迪力克
**封面设计**:努尔买买提·艾买尔
**责任印制**:刘伟煜

**书　　名**:维吾尔谚语集成(3)
**编　　者**:阿迪力·穆罕默德　如则麦麦提·穆太力普
**出　　版**:新疆文化出版社
**地　　址**:乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路5号
**发　　行**:新疆新华书店
**印　　刷**:北京新华印刷有限公司
**开　　本**:880毫米 × 1230毫米 1/32
**印　　张**:21.75
**版　　次**:2016年9月第1版
**印　　次**:2017年1月第1次印刷
**书　　号**:ISBN 978-7-5469-8734-7
**定　　价**:65.00元

---

网络出版　读读网(www.dudu-book365.com)
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店(http://shop67841187.taobao.com)

# مۇندەرىجە

## * بىرىنچى توم *

ۋەتەن، خەلق، ئەل ـ يۇرت توغرىسىدا .................. 1
ئىش ـ ئەمگەك، مېھنەت، ئىشچانلىق ـ ھورۇنلۇق
توغرىسىدا.......................................... 61
پەسىل، ۋاقىت، مەزگىل، تەبىئەت، ھاۋا رايى ھەققىدە ... 137
دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق،
باغۋەنچىلىك قاتارلىقلار توغرىسىدا .................. 175
كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ جاي
توغرىسىدا ................................... 245
ئۆرپ ـ ئادەت، ئاچ ـ توقلۇق، مېھماندوستلۇق توغرىسىدا
263 ..................................................
توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، بالا ـ قازا، بەخت ـ
تەلەي توغرىسىدا ............................ 307
سودا ـ سېتىق، بازار، تىجارەتچىلىك، بەختەجلىك
توغرىسىدا.......................................... 341
ياخشىلىق ـ يامانلىق توغرىسىدا .................... 375
سىياسەت ـ قانۇن، ئىجتىمائىي كەيپىيات، ھەقىقەت ۋە
قانۇنىيەت، ئۆملۈك ـ ئىناقلىق توغرىسىدا ............ 417
سىنىپ، تەبىقە، دوست ۋە دۈشمەن توغرىسىدا ......... 461

باتۇرلۇق، جاسارەت، مەردلىك ۋە يارىماسلىق،
قورقۇنچاقلىق توغرىسىدا ............ 511
ھوشيارلىق، ئېھتىياتچانلىق ۋە ئالدىراڭغۇلۇق توغرىسىدا ... 545
پىتنە - پاسات، ھەسەتخورلۇق، ھەسرەت - نادامەت
توغرىسىدا .............. 575
ھەزىل - مەسخىرە، ئەيىبلەش - سۆكۈش، ھىيلە - مىكىر
توغرىسىدا .............. 621
قوشۇمچە (2):
«ئەتەبەتۇلھەقايىق»تىكى ماقال - تەمسىللەر ............ 673

## * ئىككىنچى توم *

ئاتا - ئانا ۋە قېيىنئاتا - قېيىنئانىلار توغرىسىدا ...... 691
ئۆي - ئائىلە، مۇھەببەت، نىكاھ، ئەر - خوتۇن
توغرىسىدا .................................. 723
ئۇرۇق - تۇغقاندارچىلىق توغرىسىدا ............ 795
قوشنىدارچىلىق توغرىسىدا ........................ 821
پەرزەنت ۋە پەرزەنت تەربىيەسى توغرىسىدا .......... 839
يالغۇز - يېگانىلىق، غېرىب - يېتىملىق توغرىسىدا ... 895
تازىلىق، سالامەتلىك، ئاغرىق - سىلاق، ھايات - مامات
توغرىسىدا ........................................ 917
شەرم - ھايا، ئەخلاق - پەزىلەت توغرىسىدا ............ 963
بىلىم، ھۈنەر - كەسىپ، ئۇستاز - شاگىرتلىق
توغرىسىدا .................................... 993
ئىچىملىك، چېكىملىك، قەرزدارلىق توغرىسىدا ......... 1051

ئۇيغۇر كىتابلىرى يېقىنى www.uyghurkitap.com

تىنچ ـ خاتىرجەملىك ۋە ئوغرى ـ قاراقچىلىق توغرىسىدا ... 1063
راستچىللىق ـ يالغانچىلىق، پوچىلىق توغرىسىدا ...... 1097
ئادىمىيلىك، ئۆزىنى بىلىش توغرىسىدا ................ 1123
ئوي ـ خىيال، تەپەككۇر، مۇھەببەت ـ نەپرەت، غەيرەت ـ
جاسارەت، ئارزۇ ـ ئىستەك، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى توغرىسىدا
............................................................ 1155
سەزگۈرلۈك، بىخۇدلۇق ۋە يىراقنى كۆرەرلىك توغرىسىدا 1181
مۇھەببەت، گۈزەللىك ۋە سەتلىك توغرىسىدا ............ 1221
ھەرخىل جىسمانىي ئەيىبلەر توغرىسىدا ................ 1259
پەند ـ نەسىھەت، مەسلىھەت ـ مۇلاھىزىلەر توغرىسىدا ... 1273
قوشۇمچە (2):
«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ماقال ـ تەمسىللەر ...... 1363

## * ئۈچىنچى توم *

شەخس ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەت توغرىسىدا ............... 1405
گەپ ـ سۆز، تىل توغرىسىدا ......................... 1429
سەپەر، ھەمراھلىق ۋە قاتناش توغرىسىدا ............. 1487
ئادەم ۋە ئۇنىڭ مىجەز ـ خۇلقى، تەبىئىتى توغرىسىدا ... 1507
كەمتەرلىك، ئېغىر ـ بېسىقلىق، ئاقىللىق، ئەخمەقلىق،
نادانلىق توغرىسىدا ................................ 1531
ھەق ـ ناھەق، ھالال ـ ھارام، خۇشامەت، تەييارغا
ھەييارلىق توغرىسىدا .............................. 1579
پۇل ـ بايلىق، باي ـ كەمبەغەللىك توغرىسىدا ......... 1613
بېخىللىق، سېخىيلىق ۋە ئاچ كۆزلۈك توغرىسىدا ...... 1669

تەدبىركارلىق، پەم ـ پاراسەت، ئەقىلسىزلىك ۋە باشقا
بىر قىسىم ئىجتىمائىي ئەھۋاللار توغرىسىدا ............ 1711
قازى، موللا، پالچى، باخشى قاتارلىقلار توغرىسىدا ...... 1795
تەكسىزلىك، غەلىتىلىك ۋە تاپا ـ تەنىلەر توغرىسىدا ... 1817
ئۆمۈر سىناقلىرى ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلار توغرىسىدا ... 1903
قىياسىي ئىبارىلەر، سېلىشتۇرۇشلار ۋە دارىتما
مەزمۇنلار توغرىسىدا ....................... 1967
هايۋانات، نەرسىلەر ۋە هادىسىلەر توغرىسىدا ............ 2051

**قوشۇمچە (3):**

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى ماقال ـ تەمسىللەردىن
تەرمىلەر ................................ 2065

**قوشۇمچە (4):**

ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى ئاتىلار سۆزى ............ 2081

**قوشۇمچە (5):**

پايدىلانغان ماتېرىياللار ......................... 2091

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# شەخس ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەت توغرىسىدا

# ئا

ئات تەپكەن هارمۇ، ئېشەك تەپكەنمۇ؟

ئات كۆتۈر ئوبدان بىلەن،
سۇ كۆتۈر ئاپتۇۋا بىلەن.

ئاتنىڭ سىرى ئىگىسىگە مەلۇم،
قىزنىڭ سىرى مەھەللىسىگە (مەلۇم).

ئاداش تۇتساڭ قېرىنى،
پىدا قىلۇر جېنىنى.

ئادەم ئۆزىدىن،
تاغار بۆزىدىن.

ئادەم ئۆلمىگۈچە رەھمەتلىك بولماس.

ئادەمگە ئادەم لازىم،
ئېشەككە سامان (لازىم).

ئادەمنىڭ مېھرى ئاپتاپتىن ئىسسىق.

ئادەمنىڭ ئىچىدە ئادەم بار.

ئاداۋەت قىلسا كىشىگە،
مۈشكۈل چۈشەر بېشىغا.

ئارسلاننىڭ سىرىنى يولۋاس بىلمەس.

ئاسقاڭدا گۆش بولسا، دوستۇڭغا يارايسەن.

ئاغزىم غىزا تونۇماس،
كۆزۈم ئادەم (تونۇماس).

ئاغىنە ساپ بولسا،
تاشلىقتا ئات بولسا.

ئاق تىكەن تىكەنمىدى چۈشەنگىلى،
خەق دېگەن ئاتاڭمىدى ئىشەنگىلى.

ئاق قۇشقاچ ئاق قۇشقاچ ئۈچۈن دان بەرگۈدەك،
بىر تۇغقان بىر تۇغقان ئۈچۈن جان (بەرگۈدەك).

ئاڭلىمىغان سۆزنىڭ ئىگىسى يوق،
يىغلىمىغان بالىنىڭ ئىنىسى (يوق).

ئالا قاغىدا ئىلمىشىڭ بولسا، بىر كۈنى ئالارسەن.

ئالتۇننى تاپماق ئاسان،
سىرداشنى تاپماق تەس.

ئالدامچى يەپ قاچار،
يۈزسىز شالىنى چاچار.

ئاللا بەرمىگەننى موللا بەرمەس.

ئاللىيار بىلەن مولليارنىڭ ئىشى يوق.

ئامىتىمنىڭ بارىدا تۆمۈر بۇجاڭ دەيسەن مېنى،
ئامىتىمنىڭ يوقىدا تۆمۈر گالۋاڭ دەيسەن مېنى.

ئانا بۆركۈت ئايرىم ئۇچار،
بالا بۆركۈت جۈپ (ئۇچار).

ئانىسى يەكلىگەننى بالىسى چوقۇر.

ئايىنىپ كەتكەن دوست ئەمەس.

ئە

ئەرباب بىلەن جودا قىلما،
غوجام بىلەن سودا (قىلما).

ئەرنى ئېغىرچىلىق ئىچىدە تاللا.

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دېسە،
بەش تەڭگەمنى بېرىڭ دەپتۇ.

ئەقلى يوق دوستتىن يامانلار،
قورسىقى توق تاماقتىن (يامانلار).

ئەقىلسىز بىلەن پولۇ يېگۈچە،
ئەقىللىك بىلەن تاش يېگەن ياخشى.

ئەگرى قوزۇققا قىڭغىر توقماق.

ئەل رازى — خۇدا رازى.

ئەلچىگە ئۆلۈم يوق،
نەيچىگە تىنىم (يوق).

ب

بار ئاغىنە ئىززەتكە لايىق.

بار ئاغىنە — ئۇرۇق - تۇغقان،
يوق ئاغىنە — يات.

بارارسەن ئاكاڭ قېشىغا،
كېلەرسەن غوجاڭ قېشىغا.

بارغۇچە ئاللا - خۇدا،
يانغۇچە قالدى قۇدا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بارىنى مومامىۇ قىلار،
يوقىنى كىم قىلار؟

باشقىنى ئىززەتلىگىنىڭ،
ئۆزۈڭنى ئىززەتلىگىنىڭ.

بەرسە ئابلاخۇن،
بەرمىسە ئابدۇل كانتۇ.

بەگكە يارىغۇچە،
قوۋۇقچىغا يارا.

بولۇشساڭ خانغا بولۇش.

بىرەي - بىرەي دەيسەن،
قولۇمغا سالمايسەن.

بىرىپ باق،
ئېلىپ باق.

بىلىقنىمۇ باش كىرەك.

بىدە تاپساڭ ئاتقا بەر، سامان يىسۇن كالىلار،
گۆشنى تاپساڭ ئۆزۈڭ يە، تىپىپ يىسۇن باللار.

بىر كۇنلۇككە ئات ئۆلمەس،
ئىككى كۇنلۇككە ئىگىسى بەرمەس.

بىلمىگەن يار بولماس،
بىلگەن خار (بولماس).

# پ

پاقا بىلەن يىلاننىڭ تىلى بىر.

پاقىغا يالغۇزغىچە سوغا سەكرەپ چۈش.

پالتا بار يەردە كەكە تۇرماپتۇ.

پەرىشتە دۈشمەنگە ھەمراھ بولسا،
دۈشمەنىڭ خۇيىنى ئالار.

پوقتا چالما ئاتساڭ، ئۆزۈڭگە چاچرار.

پۇلنى دوست تۇتقۇچە، دوستنى ئۆز تۇت.

— پۇل نەگە بارىسەن؟
— تۇغقاننى يات قىلغىلى.

پىر پىرغا يېتەر.

# ت

تاغقا چىقسا كېيىك بولۇر،
سۇغا كىرسە بېلىق (بولۇر).

تور باغلىمىغان ئۆمۈچۈك ھاشارات تۇتالماس.
توشقان ئۆلسە،
تۈلكە ھەسرەتتە قاپتۇ.

توي ئوينىاش تويچى بىلەن،
قوي بېقىش قويچى بىلەن.

تويدا كەلگەن دوستۇڭنى ئۆلۈمدە سىنا.

تويدا ئىشتىنىمنى بەر دەپتۇ.

تۆر بېشىدىكى بىلەن چىقىشقۇچە،
قازان بېشىدىكى بىلەن چىقىش.

تۆگىنىڭ خۇيىنى مەتەر بىلەر.

تۆمۈرچى كۆمۈرچى بىلەن دوست.

تۈلكىنىڭ سوئالىغا خورازنىڭ جاۋابى بار.

تېپىشمىغۇچە ئېلىشماس،
ئۇرۇشمىغۇچە قېنىشماس.

تىرىك ئىززەتكە تويماس،
ئۆلۈك دۇئاغا (تويماس).

تىنار بولساڭ تۇردەك بول،
سوغۇق بولساڭ مۇزدەك بول.

## ج

جانمۇ جان ئۆزىنىڭ جېنى،
كىشىنىڭ جېنى ئىتنىڭ جېنى.

## چ

چوڭ كۆلدە كىچىك بېلىقمۇ ئوينار.

چوڭ چۆچەككە چاي قۇيسام،
كىچىككىگە دەز كەتتى.

## خ

خالتىدا تالقان بارىدا مەندەك يوقتۇر مەرد كىشى،
خالتىدا تالقان تۈگەپتى يوقتۇر مەندەك سەت كىشى.

خىلى ــ خىلىدا ياخشى،
پىچاق قىنىدا (ياخشى).

## د

داستىخانغا باققان دوست ئەمەس.

دەرد كۆرگەن دەردنى بىلەر،
دەرد كۆرمىگەن نېمىنى (بىلەر).

دەم — غەنىيمەت،
دىدار — غەنىيمەت.

دوستلىرىڭ يوق باغدىن دوستلىرىڭ بار تاغ ياخشى.

دوستنى داستىخان تاپار.

دوستۇڭ دوست بولسۇن،
ھېسابىڭ دۇرۇس (بولسۇن).

دوستۇڭ كۆپەيسە كامال تاپىسەن،
دۈشمىنىڭ كۆپەيسە زاۋال (تاپىسەن).

دوستۇڭغا دۈشمەن بولاي دېسەڭ مىلىنى باق.

دوستۇڭغا قەست قىلغىنىڭ — ئۆزۈڭنى پەس قىلغىنىڭ.

دوستۇڭنى ئۈچ كۈن سىنىما،
ئۈچ يىل سىنا.

دوستۇم دېسەڭ كىشىنى،
بىلىپ باقىن ئىشىنى.

## س

سالاغا پاتمىغان گۆرگە پاتار.

سەن تونۇساڭ مېنى، مەنمۇ تونۇيمەن سېنى،
سەن تونۇمىساڭ مېنى، پېتمۇ تونۇمايدۇ سېنى.

سۇلايمان ئىبراھىمدىن قورقار،
ئىبراھىم خۇدادىن قورقار.

سۆڭەكنى غاجىلىغان بىلەن ياغ چىقماس.

سىز بىز بىلەن،
بۆز كېۋەز بىلەن.

## ش

شامالنىڭ بېشى غۇر - غۇر، ئاخىرى قۇيۇن،
ئويۇننىڭ بېشى ئويۇن، ئاخىرى چويۇن.

شەيتاننىڭ بايرىمى تولا.



ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com

شۈك تۇرسىلا ياۋاش دېمە،
كۈلۈپ تۇرسىلا ئاداش (دېمە).

## غ

غېرىچلاپ دەسسەپ، غۇلاچلاپ ئۆلچەر.

## ق

قاچقاندىن قاچ،
ياندىشقانغا ياندىش.

قارىدىم نېمە بولدى،
هە دېدىم نېمە بولدى؟

قارىغۇنى قارىغۇ يېتەكلەر.

قاغا بىلەن كەپتەر دوست بولماس.

قاغىلار قاق ئېتەر،
ئۆز كۆڭلىنى شاد ئېتەر.

قەلەندەردىن نان تىلەپتۇ،
ئۆلۈكتىن ئىمان (تىلەپتۇ).

قورقۇنچاق بىلەن دوست بولساڭ ئىشىڭنى بۇزار،
دۈشمەن بىلەن دوست بولساڭ بېشىڭنى ئۈزەر.

قوشناڭغا مەسلىھەت سال،
ئۆزۈڭنىڭ بىلگىنىڭنى قىل.

قول ئىچىگە ئېگىلەر.

قېرى مۈشۈك چاشقان تۇتالماس.

قېلىنلىقىم — دۆلىتىم،
نېپىزلىكىم — سۆلىتىم.

ك

كەت دېسە ئىتمۇ كېتەر.

كۆرسە ھالى يوق،
كۆرمىسە كارى (يوق).

كۆرگەننى كۆتلىگەن يەڭدەيدۇ.

كۆز يېشى تاشنىمۇ ئېرىتەر.

كۆلنىڭ ئېتىنى بېلىقى چىقىرار.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆچۈك ئىگىسىدىن بىسوراق سىيمەس.

كېرەك بولسا تېرەك يىقىلار.

كېسەل بىلەن ئۇرۇشساڭ جېنىڭنى ئالار،
ئوغرى بىلەن ئۇرۇشساڭ پۇلۇڭنى (ئالار).

كېسەلنى يوقلا،
گەپ سورىما.

كىچىكنىڭ يۈزى ئېچىلغۇچە،
چوڭنىڭ كۆتى ئېچىلار.

كىشى مېنى كىشى دېسە، كىشى بىلەن مېنىڭ ئىشىم،
كىشى مېنى كىشى دېمىسە، كىشى بىلەن نېمە ئىشىم.

كىشىگە كۆلسەڭ ئۆزۈڭگە يىغلايسەن.

كىشىنى خارلىغان ئۆزى خارلىقتا قالار.

كىشىنىڭ تامىقىنى يېسەڭ تىلىڭ قىسقىرار،
سوۋغىتىنى ئالساڭ قولۇڭ (قىسقىرار).

كىشىنىڭ ھالىغا كىشى يەتمەس.

كىمنىڭ سىرىنى كىم بىلۇر،
كىم ياراتسا شۇ بىلۇر.

## گ

گۈلنىڭ تىكىنى بولىدۇ،
دوستنىڭ ئەيىبى (بولىدۇ).

## م

مالنى تاپقانغا باقتۇر،
ئوتۇننى چاپقانغا ياقتۇر.

مەن ئىشەندىم ئېلى تازغا،
ئېلى تاز ئىشەندى ئەتىيازغا.

مەيلى بارغا مايىل بول.

مۈشۈلۈق مۈك تۆكسە،
مۈشۈكسىز بىگىز تەشلەر.

مۈشۈلۈق مۈك سالسا،
مۈشۈكسىز ئىشتان سالار.

مىڭلىگى ئات ياخشى،
ئوينىغلى يات ياخشى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitab.com

## ن

نارنىڭ تىلىنى سەرىبان بىلەر.

نامەردكە دوست بولغۇچە،
مەردنىڭ قۇربانى بول.

نوچىنىڭ ھە ـ ھۆچىسى بولار،
پوچىنىڭ پۇدەكچىسى (بولار).

نۇقسانسىز دوست بولماس،
سۆڭەكسىز گۆش (بولماس).

## ھ

ھاسا ئوغرى بىلەن مۇسا ئوغرى بىر تۇغقان.

ھاياتلىقىمدا ئەيلىمىدىڭ ياد،
ئۆلگىنىمدە چەكمىگىن پەرياد.

ھۆرمەت قىلساڭ چوڭغا،
ئىشىڭ تارتار ئوڭغا.

ھېزى قوي ئۆلتۈرسە،
تېرنا يىغلار.

ھىممىتىڭ زىيادە بولسا،
ئوغۇللىرىڭ پىيادە قالماس.

## ئو

ئوت تۆمۈرنى ئېرىتەر،
كۆز يېشى كۆڭۈلنى (ئېرىتەر).

ئوقۇرۇڭ ئېگىز بولسا، ئاتتىن قۇرۇق قالىسەن،
كۆلچىكىڭ تېيىز بولسا، سۇدىن قۇرۇق قالىسەن.

ئوۋ ئوۋچى بىلەن،
توي تويچى بىلەن.

## ئۇ

ئۇ سېنىڭچە بولمىسا،
سەن ئۇنىڭچە بول.

ئۇلىغىڭنى بىزار قىلساڭ ئۆلتۈرىسەن،
دوستۇڭنى بىزار قىلساڭ يىغلايسەن.

# ئۆ

ئۆتنە ئارىسىغا سۇ كىرمەس.

ئۆتنە بەرسەم يېرىم بولۇر.

ئۆزدىن ئاشسا ياتقا.

ئۆزۈڭ ساقلىمىغان سىرىڭنى دوستۇڭ قانداق ساقلار.

ئۆزۈڭدە يوق ئالەمدە يوق،
كىشىدە بار، پايدىسى يوق.

ئۆزۈڭنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلەي دېسەڭ،
باشقىلارغا ئەلچى كىرگۈزۈپ باق.

ئۆزۈڭنىڭ كاللىسىنى ئايىغۇچە،
دوستۇڭنىڭ كاللىسىنى ئايا.

ئۆزىڭىز بىر پۇل،
خەلقىڭىز مىڭ پۇل.

ئۆزىنى كۆرسە يۈزى،
ئۆزىنى كۆرمىسە گەجگىسى.

ئۆلسە ئېڭىكىنى تاڭ،
تېرىك بولسا يارىسىنى (تاڭ).

ئۆلۈكمۇ ئۆرە تۇردۇم،
تىرىكمۇ تىك تۇردۇم.

ئۆيگە چىقىشتىن ئاۋۋال قوشنا ئىزدە،
يولغا چىقىشتىن بۇرۇن دوست ئىزدە.

ئۆينىڭ ئىگىسى بولمىسا،
ئۆچكىنىڭ ئېتى ئابدۇراخمان.

ئۆيۈڭگە يولاتما قېرى دەللىنى،
كىرىپ ـ چىقىشتا بۇزار پەللىنى.

## ئۇ

ئۇركۈيدىغان ئىشەك ئۆزىنىڭ سايىسىدىنمۇ ئۇركۈيدۇ.

ئۇزۇمنى تاتلىق دېسەم قورساقنى ئەستى.

## ۋ

ۋاپادار دوست ئاخىرەتكىچە.

## ئې

ئېشەك سامانغا كۆنۈك،
خۇشامەتچى سالامغا (كۆنۈك).

ئېشەكنىڭ قېرىسى چىشىدىن ئايان،
ئادەمنىڭ قېرىسى ئىشىدىن (ئايان).

ئېگىز ئوقۇرغا بويى يەتمەپتۇ،
ئېڭىكى يېغىر بوپتۇ.

ئېگىز ئادەم ئىزا تارتسا،
قارىغىلى يەر تاپالماس.

## ئى

ئىت بىلەن قۇدا بولساڭ،
سۆڭەك بىلەن توي قىلارسەن.

ئىت ئۈرەر،
كارۋان يۈرەر.

ئىت ئىتنى بۆيرۈسا،
ئىت قۇيرۇقىنى بۆيرۈر.

ئىت يېگەندىن بۆرە يېگەن ياخشى.
ئىتنىڭ بۆرە بىلەن ئوينىسا،

قويۇڭدىن قولۇڭنى يۇ.

ئىككى كۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇرۇن بولمىسا، ئوڭ
كۆز سول كۆزنى يەر.

ئىگىسى يوق ئىت تالاشماس.

## ي

يات يېگۈچە دوست،
توغقان ئۆلگۈچە (دوست).

ياخشى ئەر ياخشى ئەرگە پەت قويماس.

ياخشى دوست جان ئوزۇقى،
يامان دوست جان قوزۇقى.

ياخشى كۈندە يات ياخشى،
يامان كۈندە قېرىنداش (ياخشى).

ياغاچچىنىڭ رەندىگە ھاجىتى چۈشەر،
بەندىنىڭ بەندىگە (ھاجىتى چۈشەر).

ياغچى بىلەن قوشنا بولساڭ، باي بولىسەن،
قاسساپ بىلەن قوشنا بولساڭ قەرزدار (بولىسەن).

يامان دوست يالغان بىلەن قىرغا چىقار.

يامانغا ياخشىلىق قىلىش ئەسلىي خاتادۇر،
قوتۇر ئېشەككە بوغۇز بەرسەڭ شىلتىڭ ئاتادۇر.

يامانىنىڭ خۇيىنى تارتقۇچە،
ئىتنىڭ خۇيىنى تارت.

يولۋاس يوق يەردە ئېيىق چوڭ،
كېمە يوق يەردە قېيىق (چوڭ).

يۆلىكى تاغنىڭ يۈرىكى تاش.

يېرىڭ ئاياغدا بولسا،
قىزىڭنى مىرابقا بەر.

يېڭى تۇماقنىڭ يىرتىقى يوق،
ھالال ئىشنىڭ پۈتىقى يوق.

يىقىلاي دېگەن تامنى ھەركىمنىڭ ئىتتەرگۈسى كېلەر.

يىلتىزلىق دەرەخنى بوران ئالالماس.

www.uyghurkitap.com



# گەپ - سۆز، تىل
# تۇغرىسىدا

# ئا

ئات بېشىدىن باغلىنار،
ئادەم ئاغزىدىن (باغلىنار).

ئات چاپتۇرساڭ ئالدىڭغا قارا،
گەپ قىلساڭ ئاغزىڭغا (قارا).

ئات ئۆلسە، ئېگىرى قالار،
ئادەم ئۆلسە، سۆزى (قالار).

ئات يۈگۈرۈكى قۇتقۇزار،
تىل يۈگۈرۈكى تۇتقۇزار.

ئاتنىڭ سىرىنى كۆزىدىن بىل،
ئادەمنىڭ سىرىنى سۆزىدىن (بىل).

ئاتىسى تۇرۇپ سۆزلىگەن ئوغۇلدىن بەز،
ئانىسى تۇرۇپ سۆزلىگەن قىزدىن بەز.

ئاچ كۆز بىلەن ئاش تالاشما،
نادان بىلەن گەپ (تالاشما).

ئادەم تىلىدىن بىلىنەر،
ئېشەك قۇلىقىدىن (بىلىنەر).

ئادەم تىلىدىن كېتەر،
قېرىغاندا بېلىدىن (كېتەر).

ئادەم تىلىدىن كېتەر،
هايۋان مۈڭگۈزىدىن (كېتەر).

ئادەم سۆزىدىن بىلىنەر.
ئادەم سۆھبەتتە بىلىنەر.

ئادەم قۇلاقتىن قېرىيدۇ،
هايۋان تۇياقتىن (قېرىيدۇ).

ئادەم قۇلاقتىن،
هايۋان تۇياقتىن سەمرىيدۇ.

ئادەم كۆركى يۈزدۇر، يۈز كۆركى كۆز،
ئېغىز كۆركى تىلدۇر، تىل كۆركى سۆز.

ئادەم ماڭمىغان يول يامان،
ئىگىسى چىقمىغان سۆز يامان.

ئادەم يۈز يىل ياشىسا،
سۆزى مىڭ يىل ياشايدۇ.

ئادەمدىن قورقما،
گەپتىن قورق.

ئارتۇق گەپ ئىشەككە يۈك.

ئارغامچىنىڭ ئۇزۇنى ياخشى،
گەپنىڭ قىسقىسى (ياخشى).

ئاز سۆز مېغىز،
كۆپ سۆز سېغىز.

ئاز سۆزلە، كۆپ ئاڭلا،
ئاز يە، كۆپ چاينا.

ئاز سۆزلە،
كۆپ ئويلا.

ئاز سۆزلىسەڭ،
كۆپ ئاڭلايسەن.

ئاز سۆزلىگەن ئاز يېڭىلۇر.

ئاز سۆزلىگەن ساز يىگىت،
كۆپ سۆزلىگەن ماز (يىگىت).

ئاز سۆز ـــ غوۋغاسىز سۆز.

ئاز گەپ قىلساڭ، ئىنەك تەپكەن دەيدۇ،
تولا گەپ قىلساڭ ۋالاق تەگكەن دەيدۇ.

ئاز گەپ ـــ ئۇز گەپ،
جىق گەپ ـــ مۇز گەپ.

ئاش ـــ ئۆتنە،
سۆز ـــ لاپقۇت.

ئاغرىقنىڭ سانجىقى يامان،
سۆزنىڭ ئاچچىقى يامان.

ئاغزى بوش كىشىدىن،
ئاغزى ئېچىلمىغان قاپاق ياخشى.

ئاغزى قاتتىق بىرنى ئېمەر،
ئاغزى يۇمشاق مىڭنى (ئېمەر).

ئاغزى ئىتتىڭ تۇمشۇقىغا يەر،
ئايىغى ئىتتىڭ قورسىقىغا (يەر).

ئاغزى ئىتتىكنىڭ دۈشمىنى كۆپ.

ئاغزى يامان بالا تاپىدۇ،
ئاغزى يۇمشاق پاناھ (تاپىدۇ).

ئاغزى يامان بالاغا قالۇر،
كۆزى يامان تالادا (قالۇر).

ئاغزى يامان دەپ تويماس،
نەپسى يامان يەپ (تويماس).

ئاغزى يامانغا ئىككى ئېغىز سۆزدە يول قوي،
قارنى يامانغا ئىككى قوشۇق ئاشنى كۆپ (قوي).

ئاغزى يۇمشاق ئاچ قالماس.

ئاغزى يۇمشاق گۆش يەر،
ئاغزى قاتتىق مۇشت يەر.

ئاغزى يۇمشاق موزاي قوش ئەمچەك ئېمەر.

ئاغزى يۇمشاق ئۆلپەت تاپار،
ئاغزى قاتتىق كۆلپەت (تاپار).

ئاغزى يۇمشاقنىڭ رىزقى كەڭ.

ئاغزىدا شەھەر ئېلىپ،
ئوسۇرۇقىدا سېپىل سوقۇپتۇ.

ئاغزىڭ يامان بولسا،
كۆڭلۈڭ ئارام تاپماس.

ئاغزىڭدىن چىققان چار يىلان،
ئۆزۈڭنى چاقار بىگۇمان.

ئاغزىمدىن چىقتى،
ساقالغا ياماشتى.

ئاغزىمغا كەلدى دەپ دېمە،
ئالدىمغا كەلدى دەپ يېمە.

ئاغزىنى ساقلىغان جان ساقلار.

ئاڭلىغان بىلەن كۆرگەن بىر ئەمەس.

ئاڭلىغان سۆزگە ئىشەنمە.

ئاڭلىغان سۆزنىڭ ئىگىسى يوق.

ئاڭلىغان قۇلاقتا گۇناھ يوق.

ئاڭلىغان ياخشى،
كۆرگەن ئۇنىڭدىن ئەۋزەل.

ئاڭلىمىغان سۆز ــ كۆرمىگەن ئىش.

ئاڭلىمىغان قۇلاقتىن كۆرمىگەن كۆز ياخشى.

ئالتۇن ــ ئەخلەت ئىچىدىمۇ ئالتۇن.

ئالدايدىغان «ماقۇل»دىن «ياق، ياق» ياخشى.

ئالغاننىڭ قولى يۇمشاق،
يېگەننىڭ تىلى (يۇمشاق).

ئامەت كەلدى خۇش دىگىن،
مەن گەپ قىلاي خوش دىگىن.

ئاۋازى ياماننىڭ ئۆمرى قىسقا.

ئاۋۋال ئويلا،
ئاندىن سۆزلە.



ئۇيغۇر كىتاب بىرلىكى www.uyghurkitap.com

ئايدا كەلگەنگە ئاياق،
كۈندە كەلگەنگە تاياق.

ئايدا كۆرسەڭ ئايدەك،
كۈندە كۆرسەڭ كۈندەك.

ئايىغى ئەسكى ئۆينى بۇلغار،
ئاغزى ئەسكى ئەلنى بۇلغار.

## ئە

ئەپقاچتى گەپتە يۈگەن بولماس.

ئەر بار يەردە ئايالغا گەپ يوق،
ئېشەك بار يەردە دەريادا شەك (يوق).

ئەر دېگەن بىر ئېغىز گەپ بىلەن تۇغقان،
بىر ئېغىز گەپ بىلەن يات بولۇر.

ئەر سۆزىدىن يانماس،
يولۋاس ئىزىدىن.

ئەرنىڭ سۆزى بىر بولار.

ئەرنىڭ سۆزى ئۆلگۈچە، ئۆزى ئۆلسۈن.

ئەرنىڭ ئۆزى ئەر ئەمەس، سۆزى ئەر.

ئەرنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، سۆزىگە باق.

ئەسكى يەرگە سۇ بىكار،
نادان كىشىگە سۆز (بىكار).

ئەقىلگە سىغمىغان سۆزنى،
ئاقىل ئېيتىسمۇ ئىشەنمە.

ئەگەر بولسا سۆزگە يەتمەك،
نە دۆلەتتۇر سۇكۇت ئەتمەك.

ئەل ئاغزىغا ئەلگەك تۇتۇپ بولماس.

ئەمەلىيەتسىز گەپ — ئۇلسىز بىنا.

ب

بارماق ئىرادە، يانماق ئىجازەت.

بازار پۇش - پۇش بىلەن،
گەپ خوش - خوش بىلەن.

باش كەسمەك بار،
تىل كەسمەك يوق.

باش يارىسى كېتەر،
تىل يارىسى كەتمەس.

باشتا گەپ بولسا،
ئاياغدا سۆز بولماس.

بال تامغان تىلدىن زەھەرمۇ تامار.

بولغاندا بۇزمىغايسەن،
تولغاندا توزۇمىغايسەن.

بولغانسېرى بولغۇسى كەپتۇ،
تولغانسېرى تولغۇسى (كەپتۇ).

بۇقىنى مۇڭگۈزىدىن،
ئادەمنى سۆزىدىن تۇتىدۇ.

بۇلاقسىز سۇ بولماس،
قۇلاقسىز سۆز (بولماس).

بۆرە ھۇۋلاپ ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ.

— بېشىڭ نەدىن كېتەر؟
— تىلدىن.

بېلى بوشنىڭ گېپى بوش.

بېلىق توردا تۇتۇلار،
تىل بېسىمدا بوغۇلار.

بىر ئادەم كۆۋرۈك سالسا،
مىڭ ئادەم ئۆتىدۇ.

بىر سۆز بىلەن ئەر ئۆلمەس.

بىر سۆز جانغا پاتار،
بىر سۆز قاندا ئاقار.

بىر سۆز جانغا پاتار،
بىر سۆز ياۋغا ساتار.

بىر گەپ قىلغان قۇتۇلۇپتۇ،
ئىككى گەپ قىلغان تۇتۇلۇپتۇ.

بىر گېپى زىخ،
بىر گېپى مىخ.

بىر ئېغىز خاتا سۆزلىسەڭ،
ئون يىل پۇشايمەن قىلىسەن.

بىر ئېغىز سۆز كەم،
ئىككى ئېغىز سۆز ئارتۇق.

بىر ئېغىز سۆز ھار كەلدى،
ئون ئېغىز ئۆي تار كەلدى.

بىر ئېغىز سۆزلەپ ئون كۈن ئويلىغۇچە،
ئون كۈن ئويلاپ بىر ئېغىز سۆزلە.

بىر ئېغىزدىن چىققان سۆز،
مىڭ ئېغىزغا يېيىلار.

بىرگە جازا — مىڭغا ئاگاھ.

بىرىدىن ئىككى ياخشى،
قۇرۇق گەپتىن جىگدە (ياخشى).

بىسمىللانى ئۇنتۇلۇق دە، دېمىگەنلەر دەۋالسۇن،
ئامىن دېسەڭ كېيىن دە، يېمىگەنلەر يەۋالسۇن.

بىلگەن ئەپلەپ سۆزلەر،
بىلمىگەن كەپلەپ (سۆزلەر).

بىھۇدە سۆزلىگەندىن جىم تۇرغان ئەۋزەل.

باش يارىسى كېتەر،
سۆز يارىسى كەتمەس.

پ

پەزىلەتنىڭ بېشى تىل،
ئاڭلىمىسا سۈكۈت قىل.

پور ياغاچ قوزۇق بولماس،
غەيۋەت سۆز ئۇزۇق (بولماس).

پۇت سىپسىقىدىن ئىغىز سىپسىقى يامان،
بەل سىپسىقىدىن گەپ سىپسىقى (يامان).

پۇت يىرىلسا تۈزىلەر،
تىل يىرىلسا ئۈزۈلەر.

پۇل ئەجەلگە داۋا بولالماس.

پىچاق گۆشتىن ئۆتەر،
گەپ سۆڭەكتىن (ئۆتەر).

پىل كۆتۈرمىگەننى تىل كۆتۈرەر.

پىل كۈچلۈك ئەمەس، تىل كۈچلۈك.

ت

تاتلىق تىلدىن زەھەرمۇ تامچىلار.

تاتلىق سۆز قىزىقتۇرىدۇ،
چىرايى ئىزىقتۇرىدۇ.

تاتلىق سۆز كۆڭۈلنى خۇش قىلار،
ئاچچىق سۆز كۆڭۈلنى غەش قىلار.

تاغدەك سۆزنىڭ تىرىقتەك تۈگۈنى بار.

تاماقنىڭ ياخشىسى قورۇما شورپا،
گەپنىڭ ياخشىسى خۇدايا توۋا.

تەرساغا سۆز قىلما.

تەكرارلانغان گەپ تېتىقسىز تاماقتا ئايلىنىدۇ.

توغرا سۆز ئاچچىق بولار.

توغرا سۆز تاشنى تېشەر،
سىلىق سۆز قىلىچنى كېسەر.

توغرا سۆز تاشنى يارار،
ئەگرى سۆز باشنى (يارار).

توغرا سۆزلىسەڭ لەۋزىڭ كۆيمەس.

توغرا گەپ قۇلاققا ياقماس.

توغرا گەپنىڭ توقمىقى بار.

توغرا ئېيتقان تۇغقانغا يارىماپتۇ.

توغرا ئېيتقان قورققانغا يارىماس.

توققۇز ئەلنىڭ تىلىنى بىلگەن،
ئوتتۇز ئەلگە ئۆگۈتچى بولۇر.

تولا سۆز چىققان ئېغىزدىن چاپاق باسقان كۆز ياخشى.

تولا سۆزلىگەننىڭ بېشى كېتەر.

تولا گەپ داغ بولۇر،
قىسقا گەپ ياغ بولۇر.

تولا گەپنىڭ ئىززىتى يوق،
سوغۇق ئاشنىڭ لەززىتى يوق.

ئۇزسىز گەپ قۇلاققا ياقماس.

ئۇلكە تۆلىدىن ئۆلەر،
يىگىت تىلىدىن (ئۆلەر).

تىزگىنسىز ئاتنى ئۇتقىلى بولۇر،
ئېيتىلغان سۆزنى قايتۇرغىلى بولماس.

تىغ بىرگە زەربە،
تىل مىڭغا (زەربە).

تىغدىن قورقما،
تىلدىن قورق.

تىل ئاقىلغا تون ياپتۇرار،
نادان بېشىنى چاپتۇرار.

تىل بايلىقى — ئالەم بايلىقى.

تىل بىلەن چىگكەن تۈگۈچنى چىش بىلەن يەشكىلى بولماس.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىل تاتلىق بولسا دىلغا شادلىق كېلەر.

تىل تەختكىمۇ چىقىرار،
گۆرگىمۇ كىرگۈزەر.

تىل تىغدىن ئۆتكۈر.

تىل كۆتۈرگەن پىل كۆتۈرەر.

تىل كىچىك بولسىمۇ،
دۇنيانى بۇزۇپ - تۈزەر.

تىل نامىڭنىمۇ چىقىرار،
نومۇسقىمۇ قويار.

تىل يۇمشاقلىقىدىن چىشنىڭ ئاستىدا قالمىغان.

تىلدا هاياسى يوق،
ئەلدە ئېتىبارى (يوق).

تىلدىن دىلغا يول بار.

تىلدىن كەتتىڭ،
جاندىن كەتتىڭ.

تىلسىزدىن گەپ سورىما،
بىغەرەزدىن نەپ (سورىما).

تىلغا ئىختىيارسىز،
ئەلگە ئېتىبارسىز.

تىلغا ئىختىيارلىق بەرسەڭ،
ئەلدە ئەتىۋارىڭ بولماس.

تىلنى بىلىش — دىننى بىلىشكە يول ئاچۇر.

تىلنى تارتقان بېشىنى قۇتقۇزار.

تىلنى تارتمىغاننىڭ بېشى كېتەر،
گېلىنى تارتمىغاننىڭ يۈزى (كېتەر).

تىلنىڭ ئاستىدا تىل بار.

تىلنىڭ سۆڭىكى يوق،
كەپنىڭ قويۇق - سۇيۇقى (يوق).

تىلنىڭ ئۆزى سۆز،
يۈزنىڭ ئۆزى كۆز.

تىلى بىلەن تىكەن تېرىغان،
ئاغزى بىلەن يىغار.

تىلى پاكنىڭ دىلى پاك.

تىلى ئىتتىك قولى ئىتتىكنى ئازدۇرار.

تىلى يۇمشاق ئاش يەر،
تىلى قاتتىق تاش (يەر).

تىلى يۇمشاق تىلىكىگە يېتەر.

تىلىدىن كەتكەن بېشىدىن كېتەر.

تىلىدىن ھەسەل تامار،
دىلىدىن زەھەر (تامار).

تىلىغا قاراپ، دىلىنى بىل.

تىلىڭ بىلەن تىكەن تېرىما.

تىلىڭ تىنچ بولسا بېشىڭ سالامەت بولۇر.

تىلىڭ ئۇزارسا ئۆمرۈڭ قىسقىرار.

تىلىڭنى سەن ساقلىساڭ،
تىلىڭ سېنى ساقلايدۇ.

تىلىڭنى ئىختىيارغا قويساڭ،
يۇرتقا ئېتىبارسىز بولىسەن.

تىل — دىلنىڭ ئەلچىسى.

# ج

جۇۋىلىقتا گەپ قىلسام،
چەكمەن چاپانغا تو كەتتى.

جىق گەپ ـــ ئىشەككە يۈك.

# چ

چاقچاقتىن جاق ـ جاق چىقار.

چوڭ گەپنىڭ تېگى بوش.
چېچەن ئادەم سۆزنى قىسقا قىلار.

چېچەننىڭ تىلى بار،
چەبدەسنىڭ قولى (بار).

چېچەننىڭ تىلىغا باق،
چەبدەسنىڭ قولىغا (باق).

چېچەننىڭ سۆزى مەرگەن،
چېۋەرنىڭ كۆزى (مەرگەن).

چىچەننىڭ سۆزى تاتلىق.

چىراي كۆرۈپ هال سورا،
موللا كۆرۈپ سوئال (سورا).

چىرايلىق يۈزدە ئەمەس، سۆزدە.

چىش تۆكۈلۈپ، تىل قالىدۇ.

چىشىم سۇنمىسۇن دېسەڭ تىلىڭنى تۇز تۇت.

## خ

خەق نېمىنى دېمەيدۇ.

خەقنىڭ سۆزىگە ئىشەنگىچە،
ئۆزۈڭنىڭ كۆزىگە ئىشەن.

خەلق ئەقلى — ماقالدا.

خەنجەر قاپچۇقتا ياتماس،
ئۆتكۈر سۆز يانچۇقتا (ياتماس).

خۇپىيانە گەپتىن ئاشكارا شاپىلاق ياخشى.

خىل ـ خىلىدا،
تىل قوۋۇزدا.

# د

داپنى داپ قىلغان گەردىشى،
ئەرنى ئەر قىلغان ۋەدىسى.

دەردمەن كىشى سۆزمەن كېلۇر.

دۇمباقنىڭ ئاۋازىغا زەن قوي،
سۆزنىڭ ۋەزنىگە زەن (قوي).

دېمىگەن سۆزنى دېيىشكە بولىدۇ،
دەۋەتكەن سۆزنى قايتۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ.

دىل سۆيۈنەر ئېغىزدىن،
ئاچچىقى يوق مېغىزدىن.

دىلى ساپ بولمىسا، ئىنساب بولماس،
تىلى ساپ بولمىسا ئىنسان بولماس.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ر

راست بىلەن يالغاننىڭ ئارىلىقى — تۆت ئىلىك.

راست گەپ مىڭ يىلچىلىك،
يالغان گەپ بىر يىلچىلىك.

## س

ساتمىدا قىلغان گەپ سارايدىن چىقىپتۇ.

سەتكە كۆز تەگمەس،
جىمىغۇرغا سۆز (تەگمەس).

سەن دېگۈچە مەن دەۋالاي،
گۇناھىمغا مۇشت يەۋالاي.

سەن دېگۈچە مەن دېۋالاي،
تاز دېگۈچە بەش (دېۋالاي).

سەن دېگۈچە مەن دېۋالاي،
ئىت قوپقۇچە ساۋدىۋالاي.

«سەن» دېسە، «سىز» دە،
تاشلىسا ئىزدە.

سورا ـ سورا مۇسۇلمان بوپتۇ.

سوراپ بەرگۈچە ئۆرۈپ بەر.

سورىمىغان گەپنى دېمە،
قويمىغان مەزەنى يېمە.

سۈنىڭ چىشى يوق يەرنى يارىدۇ،
گەپنىڭ تىغى يوق يۈرەكنى يارىدۇ.

سۆز بەرمەك ئوڭاي،
ئورۇنلىماق تەس.

سۆز بىلەن پولۇ پىشماس،
ماي بىلەن گۈرۈچ (پىشماس).

سۆز تېپىلغاندا يار يوق،
يار تېپىلغاندا سۆز (يوق).

سۆز دورىغا ئوخشايدۇ،
ئارتۇق كەتسە زىيان قىلىدۇ.

سۆز سۆدىن چىقار،
سۆزلىمىسە قايدىن چىقار.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۆز قوغلىغان بالاغا يولۇقار،
يول قوغلىغان دەۋاغا (يولۇقار).

سۆز قويماق يەرگە،
كېيىن كېلەر سىزگە.

سۆز قېلىپىدا ياخشى،
پىچاق غىلىپىدا (ياخشى).

سۆز قىلساڭ ئاستا قىل، تېنىۋالغىلى ياخشى،
يول ماڭساڭ قاراپ ماڭ، يېنىۋالغىلى ياخشى.

سۆز قىلغان كۈمۈش بولسا،
سۆز ئاڭلىغان ئالتۇن بولۇر.

سۆز قىلغۇچىنىڭ،
سورۇن ئولتۇرغۇچىنىڭ.

سۆز قىلىشتىن ئىلگىرى ئويلاپ كۆر.

سۆز كۆپەيسە مەقسەت ئۇنتۇلىدۇ.

سۆز كۆركى ماقال،
ئەر كۆركى ساقال.

سۆز ئىچىدىن سۆز چىقار،
كېۋەز تېرىساڭ بۆز (چىقار).

سۆز ئىگىسى بىلەن يۇرمەس.

سۆزنى كەتكۈزگەن — يۈزنى كەتكۈزگەن.

سۆزدىن سوراق چىقتى،
تۆلۈمدىن توقماق (چىقتى).

سۆزدىن سۆز چىقار،
ياقۇتتىن كۆز (چىقار).

سۆزدىن سۆزنىڭ پەرقى بار،
ھەممە مالنىڭ نەرخى بار.

سۆزدىن كۆلكە چىقار،
ئويلىمىغان يەردىن تۆلكە (چىقار).

سۆزگە دەردمەن ياخشى،
لايغا كەتمەن ياخشى.

سۆزلەڭ دېسە ئالتە ئېشەككە يۈك،
ئىش قىلىڭ دېسە خەپشۈك.

سۆزلىسە ۋالاقتەگكۈرۈپ دەپتۇ،
سۆزلىمىسە ئاغزىغا ئېشەك تەپكەن دەپتۇ.

سۆزلىسەڭ سۆز كۆپىيەر،
سۆزلىمىسەڭ بوز كۆپىيەر.

سۆزلىسەڭ، سۆز چىقار،
چوقۇساڭ كۆز (چىقار).

سۆزلىسەم «تاق ـ تاق» دەيسەن،
سۆزلىمىسەم ئەخمەق دەيسەن.

سۆزلىسەم تىلىم كۆيىدۇ،
سۆزلىمىسەم دىلىم (كۆيىدۇ).

سۆزلىسەم ياق ـ ياق دەيسەن،
سۆزلىمىسەم ئەخمەق دەيسەن.

سۆزلىگەندىن سۆزلىمىگەن ياخشىراق،
سۆزلىۋېدىم بېشىمغا يېدىم تاياق.

سۆزلىگۈچى ئەخمەق بولسىمۇ،
ئاڭلىغۇچى ئەقىللىك بولسۇن.

سۆزلىمىگەن سۆزۈمگە مەن ئىگە،
سۆزلىگەن سۆزۈم ماڭا ئىگە.

سۆزلىيەلمىگەن ئېغىزدىن،
چاپاق باسقان كۆز ياخشى.

سۆزمەن بولساڭمۇ گېپىڭنى ئەزمە.

سۆزمەن سالادا ياخشى،
يۇزى قېلىن تالادا ياخشى.

سۆزنى بىلىپ سۆزلىگەنلەر خوپ بىلۇر سۆز قەدرىنى،
مەنىسىز كۆپ سۆزلىگەنلەر نە بىلۇر سۆز قەدرىنى.

سۆزنى سەرلەپ ئىشلەت،
ئەقلىنى جىڭلاپ (ئىشلەت).

سۆزنى قىل سىغار يەرگە،
سۇنى سەپ سىڭار يەرگە.

سۆزنى قىلىشتىن بۇرۇن ئېغىزىڭدا پىشۇرۇۋال.

سۆزنىڭ ئاخىرى بېشىدىن مەلۇم.

سۆزنىڭ ئايىغى يوق،
يەرنىڭ يامىقى (يوق).

سۆزنىڭ بېشى قاتتىق بولسا ئايىغى تاتلىق بولۇر.

سۆزنىڭ پىششىقى ياخشى،
ئاشنىڭ ئىسسىقى (ياخشى).

سۆزنىڭ توغرىسى ياخشى،
تۆگىنىڭ بۇغرىسى (ياخشى).

سۆزنىڭ قايمىقى تەنقىد.

سۆزۈڭ توغرا بولسا ھۆرمىتىڭ كۆپ بولۇر.

سۆزۈڭ توغرا بولسا يۈزۈڭ يورۇق بولۇر.

سۆزۈڭ قوپال بولسا،
دوستۇڭ دۈشمەنگە ئايلىنار.

سۆزۈڭنى تەكرارلىساڭ تەمى قالماس.

سۆزۈڭنى دەپ نېمە قىلىسەن،
ئانىسىدىن تەرسا تۇغۇلغانغا.

سۆزى بار، ئەلەمدە يوق،
ھە، ھە دە بار، ھەمدەمدە يوق.

سۆزى تاتلىق گۆش يەيدۇ،
سۆزى قاتتىق مۇشت (يەيدۇ).

سۆزى توغرىنىڭ قەدرى ئارتۇق بولۇر.

سۆزى تولا،
ئىناۋىتى ئاز.

سۆزى سوغۇقنىڭ ئۆزى سوغۇق.

سۆزى كۆپنىڭ ئىشى ئاز.

سۆزى ھالال،
نىيىتى ھارام.

سۆزى ئىختىيارسىزنىڭ ئۆزى ئېتىبارسىز.

سۆزى يوللۇقنىڭ ئىشى تورلۇق.

سۆزىدە بولسا پەرىشانلىق،
ئۆزىگە كېلەر پۇشايمانلىق.

سۆزىدە تۇرمىغاننىڭ ھۆرمىتى بولماس.

سۆزىدە ئىززەت بولمىسا،
ئۆزىدە ئىززەت بولماس.

سۆڭەكسىز تىل سۆڭەك سۇندۇرار.

سىپسىغان ئېغىزدىن بىخسىغان گەپ چىقار.

## ش

شامال چىقمىسا،
دەرەخ لىڭشىماس.

شورپا يۇزىدىن بىلىنەر،
دانىشمەن سۆزىدىن (بىلىنەر).

شىرنى تىل بىلەن يېتەكلەيسەن،
پىلنى قىل بىلەن (يېتەكلەيسەن).

## غ

غەيۋەت دۇنيانى بۇزار.

غۇنچە تىلىنى تىرناقچە قىلما.

غېرىچنى غۇلاچ قىپ كۆرسىتىپتۇ.

# ق

قائىدە سۆزلەش ئۇچۇن،
قائىدە بىلىدىغان ئادەمنى تاپ.

قەيەردە گەپ جىق بولسا،
شۇيەردە ئىش ئاز بولىدۇ.

قوغلا ـ قوغلا گەپ چىقار،
كولا ـ كولا سۇ (چىقار).

قولۇڭنى قىل قىلىپ ئىشلەت،
تىلىڭنى پىل قىلىپ ساقلا.

قوينۇڭنى كەڭ ئاچ،
ئېغىزىڭنى تار (ئاچ).

قۇرۇق سۆز ئەرنى ئەخمەق قىلۇر.

قۇرۇق سۆز باشنى ساراڭ قىلۇر،
ۋاقىتنى هارام قىلۇر.

قۇرۇق سۆز قۇلاققا ياقماس،
مۇزلۇق سۇ قورساققا (ياقماس).

قۇرۇق سۆڭەكتىن ياغ چىقماس،
قۇرۇق گەپتىن نەپ (چىقماس).

قۇرۇق شاختا ھەممەت بولماس،
قۇرۇق گەپتە قىممەت (بولماس).

قۇرۇق گەپتە نەپ بولماس.

قۇرۇق گەپتىن كاچات ياخشى.

قۇرۇق گەپكە قورساق تويماس.

قۇرۇق گەپكە مۈشۈك ئاپتاپقا چىقماس.

قۇش ئۆز تىرنىقىدىن كېتەر.

قۇشنى يەم بىلەن ئالدايدۇ،
كىشىنى گەپ بىلەن (ئالدايدۇ).

قۇلاق ئاڭلىغاننى كۆز كۆرەر.

قۇلىغى ئىتتىك،
تىلى قاشاڭ.

قۇلىقىڭغا ئىشەنمە،
كۆزۈڭگە ئىشەن.

قىزىل تىل قارا باشقا چىقار.

قىزىم ساڭا ئېيتتىم،
كېلىنىم سەن ئاڭلا.

قىسقا گەپ ساز بولۇر،
ئۇزۇن گەپ ماز (بولۇر).

قىلدەك گەپ قىرىق تەڭگىگە ياراپتۇ.

قىلىچ تەننى يارا قىلار،
ئۆسەك سۆز كۆڭۈلنى (يارا قىلار).

قىلىچ زەربىسى تۈزىلىدۇ،
تىل زەربىسى تۈزەلمەيدۇ.

قىلىنغان سۆز — ئېتىلغان ئوق.

ك

كالاڭ چاق يول بۇزار،
ۋىچىرلىغان سۆز بۇزار.

كەسمىسە قان چىقماس.

كۆپ ئاڭلا، ئاز سۆزلە.

كۆپ بىلىپ، ئاز سۆزلە.

كۆپ سۆز كۈمۈش بولسا،
ئاز سۆز ـــ ئالتۇن.

كۆپ سۆز كىشىنى ئەخمەق قىلار.

كۆپ سۆز ئۆزۈڭگە دۈشمەن.

كۆپ سۆزدىن ئازى ياخشى،
ئاز سۆزنىڭ ئۆزى (ياخشى).

كۆپ سۆزلىگەن ئەقلىدىن ئادىشار.

كۆپ سۆزلىگەن تۇتۇلار،
ئاز سۆزلىگەن قۇتۇلار.

كۆپ سۆزلىگەن كۆپ يېڭىلەر.

كۆپ سۆزلىگەن يا يولدىشىدىن ئايرىلار،
يا قولدىشىدىن (ئايرىلار).

كۆپ سۆز ـــ چۆپ سۆز.

كۆپ گەپ قىلغاننىڭ كېسىلى كۆپ.

كۆپ ئويلا،
ئاز سۆزلە.

كۆپ ئىشلىگەن ھەققىنى يەر،
كۆپ سۆزلىگەن دەككىسىنى (يەر).

كۆپ يامغۇر يەرنى بۇزار،
كۆپ گەپ ئەلنى (بۇزار).

كۆرگەننى كاسكاس يېگەر.

«كۆرگىنىم يوق» دېگەن — بىر سۆز،
«كۆردۈم» دېگەن — كۆپ سۆز.

كۆرمىدىم دېسەڭ بىر سۆز،
كۆردۈم دېسەڭ مىڭ سۆز.

كۆز بىلەن قۇلاقنىڭ ئارىسى — تۆت ئىلىك.

كۆز يەتمىگەن يەرگە سۆز يېتەر.

كۆزدىن قۇلاق سەدىقە.

كۆزدىن كۆز تايسا،
دىلدىن سۆز تايىدۇ.

كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭمۇ؟
قۇلاق بىلەن ئاڭلىغان يالغان.

كۆزنى قاچۇرغان،
سۆزنى قاچۇرار.

كۆسەينى ئۇزۇن قىل،
گەپنى قىسقا (قىل).

كۆكۈل كۆكۈلدىن سۇ ئىچەر.

كۆكۈلدە نىمە بولسا،
ئېغىزدىن شۇ چىقار.

كۆكۈلسىز گەپنىڭ كېچىككىنى ياخشى.

كۆكۈلنى رەنجىتكەن چاقچاق ئەمەس.
كۆلدەك سۆيۈك بولغۇچە،
بالدەك سۆزۈك بولسۇن.

كېچىسى جۆيلۈگەك، كۈندۈزى سۆزلىگەك.

كىشىنىڭ ئاغزىنى تىكىپ قويغىلى بولمايدۇ.

كىيىمىڭ ئۇزۇن بولسا، پۇتۇڭنى ئورايدۇ،
سۆزۈڭ ئۇزۇن بولسا ئۆزۈڭنى ئورايدۇ.

## گ

گەپ ئانىسى قۇلاق،
سۇ ئانىسى بۇلاق.

گەپ ئايلىنىپ سەمرىپتۇ.

گەپ ئايلىنىپ ئىگىسىنى تاپار.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گەپ بەرمىگەن نەپ بەرمەس.

گەپ بىر، قۇلاق ئىككى.

گەپ بىلەن شەھەر ئاپتۇ.

گەپ بىلگەندىن كۆرە، ئىش بىل.
گەپ تاپماق ئاسان،
يىغىشتۇرماق تەس.

گەپ تەگسە تېرىق بولىدۇ.

گەپ تولا يەردە ئەقىل ئاز.

گەپ تىلدىن،
كۆيۈنۈش دىلدىن.

گەپ دېسە تاغار ـ تاغار،
ئىش دېسە تەرى ئاقار.

گەپ دېسە قاپتا بىر،
ئىش دېسە «ۋاي بېلىم».

گەپ دېسە كاپ ـ كاپ،
ئىش دېسە قوناقلىقتىن تاپ.

گەپ دېسە، ئالتە تاغار.

گەپ دېسە، ئالتە ئېشەككە يۈك.

گەپ دېگەن سۆيېغى،
بارمايدىغان يېرى يوق.

گەپ دېگەن لاي دۆگىلەك،
دومىلاۋەرسە يوغىنايدۇ.

گەپ دېگەننىڭ تۇغۇچى بار،
بولمىسا ئىلغۇچى (بار).

گەپ ساتىدىغان يۈز پوچىدىن،
ئىش قىلىدىغان بىر نوچى ئەلا.

گەپ - سۆزۈڭ جايىدا بولسا،
باش - كۆزۈڭ ئامان بولۇر.

گەپ قوغلىغان كىشى،
ئىت قوغلىغان بىلەن باراۋەر.

گەپ قىلالمايدۇ، غەزەلگە ئۇستا،
يول ماڭالمايدۇ، سەنەمگە ئۇستا.

گەپ قىلسا تىلنى كەسمەكچى،
قارىسا كۆزنى تەشمەكچى.

گەپ قىلسا ۋالاقتەككۇر دەيدۇ،
گەپ قىلمىسا مۆرىمەس (دەيدۇ).

گەپ قىلغان يەردە توختىمايدۇ.

گەپ قىلىش دېسە بەش ئېشەككە يۈك،
ئىش قىلىش دېسە موللا مۈشۈك.

گەپ گەپنى تاپار،
گەپ بېرىپ ئىگىسىنى (تاپار).

گەپ گەپنىڭ تېگىنى ئاچار.

گەپ گەپنىڭ كۆتىنى ئاچار.

— گەپ نەدىن چىقىدۇ؟
— كۆڭۈلدىن.

گەپ ۋاقتىدا ياخشى،
كاۋاپ قىزىقىدا (ياخشى).

گەپ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچسە پىلدەك يوغىنايدۇ.

گەپ يولنى قىسقارتار،
دەرد ئۆمۈرنى (قىسقارتار).

گەپ يۈزدە ياخشى،
ئۇسسۇل تۈزدە (ياخشى).

گەپتە گەپ بار،
قورساقتا دەرد بار.

گەپدان بولغۇچە ئىشچان بول.

گەپدانلىقنىڭ ئوتتۇز پۇتىقى بار.

گەپدانلىق ــ شەيتانلىق.

گەپكە خېمىرتۇرۇچ ساپتۇ.

گەپكە كىرمىگەن بالا،
ساپانغا كۆنمىگەن كالا.

گەپمۇ ئېغىزدىن چىقمىدۇ،
جانمۇ ئېغىزدىن (چىقمىدۇ).

گەپنى ئاغزىڭدىن كۆرمە،
دىلىڭدىن كۆر.

گەپنى بىلگەنگە قىل.

گەپنى تەگىسەڭ تېرىق بولۇر،
بىرى قىرىق بولۇر.

گەپنى تەگمىسە ئېرىق بولار،
تەگسە تېرىق (بولار).

گەپنى تېجىمەلدىن سورا،
يولنى يۈرگەندىن (سورا).

گەپنى قىلساڭ بېقىپ قىل،
تامغا قۇلاقنى يېقىپ قىل.

گەپنى قىلغان ئۆتمايدۇ،
ئاڭلىغان ئۆتىدۇ.

گەپنى قىلماق ئاسان،
ئىشنى قىلماق تەس.

گەپنى كولىساڭ گەپ چىقار،
يەرنى كولىساڭ سۇ (چىقار).

گەپنى گەپ ئاچار.

گەپنىڭ ئاخىرى ناندا توختار.

گەپنىڭ ئايىغى يوق،
يەرنىڭ يامىقى (يوق).

گەپنىڭ پوسكاللىسى،
سۆزنىڭ ھەقدانىسى.

گەپنىڭ پىششىقى ياخشى،
ئاشنىڭ ئىسسىقى (ياخشى).

گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار،
ساقالنىڭ تېگىدە «خەپ» بار.

گەپنىڭ چىرايلىقى ياخشى،
رەختنىڭ چىداملىقى (ياخشى).

گەپنىڭ سۆڭىكى يوق.

گەپىنىڭ ئوتتۇز پۇتىقى بار.

گەپنىڭ ئېغىزى بار،
ئۆچكىنىڭ مېغىزى (بار).

گەپنىڭ ئىچىدىن گەپ چىقار،
تۇخۇمنىڭ ئىچىدىن چۈجە (چىقار).

گەپنىڭ يامىنى پىچىر،
ئۇيقۇغا يەتتى تەسىر.

گەپنىڭ يامىنى پىچىر،
ئۇلاغنىڭ يامىنى قېچىر.

گەپنىڭ يامىنى غەيۋەت،
غۇمنىڭ يامىنى ھەسرەت.

گەپنىڭ يامىنى كۇس - كۇس،
ئوسۇرۇقنىڭ يامىنى پۇس - پۇس.

گەپنىڭ يامىنى كۇس - كۇس،
كىشىنىڭ يامىنى مىس - مىس.

گەپنىڭ يوغىنى پوچىنىڭ،
قاتتىق ئۆتۈك نوچىنىڭ.

گۇۋاھلىق سۆز — نىكاھلىق خوتۇن.

گۆزەللىك يۈزدە ئەمەس، سۆزدە.

گېپى بوشنىڭ بېلى بوش.

گىلەم قىلىدىن ئىسسىق،
ئادەم تىلىدىن (ئىسسىق).

## ل

لەۋزىدىن يانغان يۈزدىن قالار.

## م

ماقالسىز سۆز بولماس،
لەقەمسىز ئەر (بولماس).

مايسىنىڭ بېشىغا چىققان سېغىز،
ئادەمنىڭ بېشىغا چىققان ئېغىز.

مەززىسىز قوغۇننىڭ ئۇرۇقى تولا.

مەنىسىز گەپتىن پاقىنىڭ كۇركىرىشى ياخشى.

مۇنارغا تاش ئاتما،
ساراڭغا سۆز قاتما.

مىش ــ مىش گەپ تاش يارار،
بايىقمىساڭ باش (يارار).

مىڭ ئاڭلىغان بىر كۆرگەنگە يەتمەس.

مىڭ پاتمان مۇشتتىن بىر گەپ يامان.

مىڭ ئېغىز سۆز قىلغان ئادەم ئۆلىدۇ.

ن

نادانغا سۆز قىلساڭ يەيسەن تاياق.

نانىنى چايناپ يە،
گەپنى ئويلاپ قىل.

نەپتىن قالغۇچە گەپتىن قال.

نومۇسسىز بىلەن گەپ تالاشقۇچە،
ئىت بىلەن سۆڭەك تالاش.

ھ

ھارۋا ماڭغان يول تار بولماس،
يامانغا گەپ قىلساڭ ھار ئالماس.

ھايۋان كۆزىدىن بىلىنەر،
ئادەم سۆزىدىن (بىلىنەر).

ھەر چاغ دېگىلى بولۇر دېمىگەننى،
ياندۇرغىلى بولماس لېكىن دېگەننى.

ھەر گەپنىڭ ۋاقتى بار،
ھەر چېكىتنىڭ جايى بار.

ھەسەتخورنىڭ كۆزىگە باق،
دانانىڭ سۆزىگە (باق).

ھەق سۆز ئاچچىق بولۇر،
مېۋىسى تاتلىق (بولۇر).

ھەق سۆز تاشنى ئېرىتەر.

ھەق سۆزلىگەن ئالىم،
خۇشامەتچى زالىم.

ھەق سۆزلىمىگەن بىئەجەل ئۆلۈپتۇ.

ھەق سۆزنىڭ توقمىقى بار،
يالغان سۆزنىڭ قورقمىقى (بار).

ھەق گەپكە ھەممە جىم تۇرار.

ھەق ھەقتىن كېلۇر.

ھەققانىيەتنىڭ شىمشىرى ئىككى يۈزلىمىنىڭ بېشىدا ئەگىيدۇ.

ھەقنى ھەق سۆزلە، يامان بولمايدۇ،
رەڭگىرويىڭ ئەبەدىي سامان بولمايدۇ.

ھۈنەرنىڭ ئالدى ــ ياخشى سۆز.

# ئو

ئوت باسقان يەردە زىرائەت بولماس،
قۇرۇق گەپ بار يەردە پاراسەت (بولماس).

ئوت كۆيمىگۈچە ئىس چىقماس.

ئوتقا كەلگەن خوتۇننىڭ ئوتتۇز ئېغىز گېپى بار.

ئوچۇق ئېغىزغا دەرۋازا بېكىتىپ بولماس.

ئورۇنلۇق تىل ئورنىنى تاپار،
ئورۇنسىز تىل ئورىسىنى (تاپار).

ئورۇنلۇق سۆز كۈمۈش،
ئۈنۈملۈك ئىش ئالتۇن.

ئورۇنلۇقنىڭ گېپى ئالتۇن.

ئورۇنلۇقنىڭ گېپى يوللۇق.

ئوشۇق سۆز
— چىقىن چىشكەن ئاش.

ئوشۇق گەپ ئېشەككە يۈك.

ئوق تەندىن ئۆتەر،
تىل جاندىن (ئۆتەر).

ئون قېتىم ئويلا،
بىر قېتىم ئېيت.

ئون ۋەزچىدىن بىر تېۋىپ ئەلا.

ئويلاپ سۆزلىسەڭ يىغلىماي كۈلىسەن.

ئويلاپ سۆزلىگەن يېڭىلمەس.

ئويلانمىغان ئىشىڭدا،
كۈندە غوۋغا بېشىڭدا.

ئويلاۋەرسەڭ دانا بولىسەن،
ئويناۋەرسەڭ بالا (بولىسەن).

ئويلىماي سۆز قىلغىنىڭ — نىشانسىز ئوق ئاتقىنىڭ.

ئويلىماي سۆزلىسەڭ ئاغرىماي ئۆلىسەن.

ئويلىماي سۆزلىگەن ئاغرىماي ئۆلەر.

ئويلىماي سۆزلىگەن ئاغرىماي ئۆلەر،
ئويلاپ سۆزلىگەن يىغلىماي كۈلەر.

ئويلىماي قىلغان سۆز،
نىشانسىز ئاتقان ئوت.

ئويلىنىپ سۆزلە،
قولاق سېلىپ ئاڭلا.

ئويناپ دېسىمۇ،
ئويىدىكىنى دېمە.

ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ،
ئويلاپ سۆزلە.

ئويناپ ئۆگەنمەي،
ئويلاپ ئۆگەن.

ئويناپ ئېيتساڭمۇ،
ئويلاپ ئېيت.

ئويناپ ئېيتقانمۇ ئويلىماي ئېيتماس.

ئويناپ يۈرگۈچە، ئويلاپ يۈر.

ئويىدا بار،
ئۆيىدە يوق.

## ئۇ

ئۇزۇن گەپ داغ بولۇر،
قىسقا گەپ ياغ (بولۇر).

ئۇزۇن گەپ قۇلاققا مۇشت.

## ئۈ

ئۆتكۈر پىچاق قىنىغا قەست،
يامان سۆز جانغا (قەست).

ئۆز تىلىڭدىن ئۆزۈڭ كېتەرسەن.

ئۆزۈڭگە باقما، سۆزۈڭگە باق.

ئۆزىگە قارىما،
سۆزىگە قارا.

ئۆلۈكنىڭ كۆزى يامان،
ئۇرۇشقاقنىڭ سۆزى (يامان).

ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىدىغانمۇ ــ تىل،
ئۆلۈمگە تۇتقۇزىدىغانمۇ ــ تىل.

## ئۇ

ئۈزۈمنى يە، بېغىنى سورىما.

## ۋ

ۋارقىرىغانىنىڭ تاۋى بوش.

ۋالاقتەگكۈرنىڭ ئاغزىغا ئىت كۈچۈكلەر.

ۋەدەڭ سەل بولسۇن،
ئىشىڭ جېدەل بولسۇن.

## ئي

ئېغىز بالا تۇغمايدۇ،
باشقا ھەممىنى تۇغىدۇ.

ئېغىز ساقلىغان،
جان ساقلار.

ئېغىز كۆركى تىلدۇر،
تىل كۆركى سۆزدۇر.

ئېغىز ئېغىزدىن قالماپتۇ.

ئېغىز يۇگۇرۇكى باشقا،
پۇت يۇگۇرۇكى ئاشقا.

ئېغىزدا بار، كۆڭۈلدە يوق،
سۆزدە بار ئەمەلدە يوق.

ئېغىزدىن ئاغرىق كىرىدۇ،
بالا چىقىدۇ.

ئېغىزدىن چىققان سۆز يەرگە چۈشكەن سۇ.

ئېغىزدىن چىققان سۆز،
ئورنىدىن چاچرىغان كۆز.

ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتسە،
يىڭنىمۇ تۆۋرۈككە ئايلىنار.

ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچسە،
يىڭنە تۆۋرۈككە ئايلىنۇر.

ئېغىزغا كەلگەننى دېمەك نادانلىق ئىشى،
ئالدىغا كەلگەننى يېمەك ھايۋانلىق ئىشى.

ئېغىزنىڭ خاتالىقىنى قول تۈزىتىدۇ.

ئېغىزنىڭ دەرۋازىسى يوق،
تىلنىڭ سۆڭىكى (يوق).

ئېغىزنىڭ نوختىسى يوق،
تىلنىڭ سۆڭىكى (يوق).

ئېغىزى بىرنىڭ مېغىزى بىر.

ئېغىز — دەرۋازا،
سۆز — شامال.

ئېيتقان سۆز — ئاتقان ئوق.

## ئى

ئىت ھاۋشار،
كارۋان ئۆتەر.

ئىتنى ھاۋشىدى دەپ،
ئېغىزنى كەسكىلى بولماس.

ئىش قىلىشتا بېلى بوش،
گەپ تېپىشتا ئېغىزى قوش.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitab.com

ئىشەندۈرەي دېسەڭ خەقنى،
ئالتۇندەك قىل گەپنى.

# ي

ياخشى سۆز ئادەم نۇرى.

ياخشى سۆز بالدىن شېرىن.

ياخشى سۆز تاشنى ئېرىتىدۇ.

ياخشى سۆز تاشنى يارار،
يامان سۆز باشنى (يارار).

ياخشى سۆز جانغا راھەت،
يامان سۆز جانغا جاراھەت.

ياخشى سۆز جانغا ئوزۇق،
يامان سۆز جانغا قوزۇق.

ياخشى سۆز سۆيۈندۈرەر،
يامان سۆز ئۆكۈندۈرەر.

ياخشى سۆز سۆيۈندۈرىدۇ،
يامان سۆز ئۆكۈندۈرىدۇ.

ياخشى سۆز ھەسەلدىن تاتلىق.

ياخشى سۆز يىلاننى ئۇۋىسىدىن چىقىرىدۇ.

ياخشى سۆز ئىنسانغا سىڭەر،
يامان سۆز هايۋانغا (سىڭەر).

ياخشى سۆز يىلاننى ئىنىدىن چىقىرار،
يامان سۆز قىلىچنى قىنىدىن چىقىرار.

ياخشى سۆزگە قۇلاق سال،
يامان سۆزگە ياماق (سال).

ياخشى سۆز — كۆڭۈل ئوزۇقى.

ياخشى گەپ بوسۇغىدىن چىققۇچە،
يامان گەپ يەتتە تاغدىن ئېشىپتۇ.

ياخشى گەپ جاننىڭ تىرىكى،
يامان گەپ جاننىڭ ئېكىكى.

ياخشى گەپ قۇلاقتا ياقماپتۇ،
كېيىن پۇشايمان قىلسا ئاقماپتۇ.

ياخشى گەپ ئۈچ كۈن،
يامان گەپ يۈز كۈن.

ياخشى گەپ ئىسسىتقۇ،
يامان گەپ سوۋۇتقۇ.

ياخشى گەپ ياشنىتار،
يامان گەپ قاقشىتار.

ياخشى گەپ يۈرەكنىڭ يېغى،
يامان گەپ يۈرەكنىڭ دېغى.

ياخشى گەپنىڭ باھاسى يوق،
يامان گەپنىڭ داۋاسى (يوق).

ياخشى گەپنىمۇ تۈزەپ قىلمىساڭ،
ئىش بۇزۇلار.

ياخشىلىقمۇ ئېغىزدىن،
يامانلىقمۇ ئېغىزدىن.

ياخشىنىڭ گېپى — جەننەت،
يامانىنىڭ گېپى — مىننەت.

ياخشىنىڭ ئۆزى ئۆلسىمۇ،
سۆزى ئۆلمەس.

يارىماس گەپنى تىلىڭدىن كۆرمە،
دىلىڭدىن كۆر.

ياغاچ قۇلاققا گەپ ئۆتمەس.

يالغان سۆزنىڭ قانتى قىرىق بولسىمۇ قىرقىلار.

يالغان گەپ چاپسان بىلىنەر.

www.uyghurkitap.com

يالغان گەپ قىل: بىرى ئىككى مۇسۇلماننى كېلىشتۈرسە،
بىرى ئەر بىلەن خوتۇننى ئەپلەشتۈرسە.

يالغان گەپ ئۈچ قېتىم دېيىلسە راستقا ئايلىنار.

يالغان گەپمۇ سەۋەبسىز چىقمايدۇ.

يالغان ئۇزۇن ياشىماس.

يالغان ئېيتما، ئېيتساڭ ئۇنۇتما.

يالغاننىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام.

يامان تىل گايىدا ساغارتار يۈزۈڭنى،
بېشىڭنى تۆۋەن قىپ، تەلمۈرتەر كۆزۈڭنى.

يامان سۆز دۈشمەنگىلا يارايدۇ.

يامان سۆز ئىگىسىگە يانار.

يامان سۆز ياخشى بولماس،
ياخشى سۆز يامان (بولماس).

يامان سۆز يالقۇنجىغان ئوت.

يامان سۆزنى قايتۇرۇۋالغىلى بولماس.

يامان گەپ ئاڭلاپ پولۇ يېگەندىن،
ياخشى گەپ ئاڭلاپ ئۇماچ ئىچكەن ياخشى.

يامان گەپ باشقا بالا.

يامان گەپ سەكسەن قامچىدىن يامان.

يولنى كارۋاندىن سورا،
گەپنى تېجىمەلدىن (سورا).

يۇرتقا كەلگەن بۆز ئەرزان،
ئېغىزغا كەلگەن سۆز (ئەرزان).

يۇمشاق سۆزنىڭ باھاسى يوق.

يۇمشاق قاتتىقنى يېڭەر.

يۇمشاققا ماقۇل،
قاتتىققا ياق.

يۇمشاقنى يېمىگەن قاتتىقنى غاجار.

يۇرەلمىگەن رەت بۇزار،
سۆزلىيەلمىگەن گەپ (بۇزار).

يۇز ئاھانەتتىن بىر تاياق ياخشى.

يۇزۇڭدە كىر بولسىمۇ گەپ ـ سۆزۇڭدە بولمىسۇن.

يۇزىگە ئېيتقاننىڭ ئەيىبى يوق.

يېمىسەڭمۇ ھەسەلنىڭ گېپىنى قىل.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# سەپەر، ھەمراھلىق ۋە قاتناش توغرىسىدا

# ئا

ئات كىشنىشىپ تېپىشار،
ئادەم سىردىشىپ (تېپىشار).

ئات مىنىشتىن بۇرۇن بوغۇز تەييارلا.

ئات هارسا پىچاق،
ئېشەك هارسا بىر چاڭگال قوناق.

ئاچچىق - تاتلىقنى تېتىغان بىلەر،
يىراق - يېقىننى كۆرگەن (بىلەر).

ئادەم سەپەردە بىلىنەر.

ئادەم يېقىنى يېقىن ئەمەس،
سەپەرداش يېقىنى يېقىن.

ئاستا ماڭغانمۇ ماڭغان،
توختاپ قالغان يامان.

ئاستا يۈرگەن تاغ ئاشار،
يۈگۈرگەن باغ (ئاشار).

# ئە

ئەتىگەن تۇرساڭ ئالدىڭدىن كۈن چىقار،
كەچ تۇرساڭ كەينىڭدىن تۈن (چىقار).

ئەتىگەندە يول يۈرسەڭ،
كەچقۇرۇندا سۆيۈنەرسەن.

# ب

باقار ئىتىڭ غونان بولسا،
ماڭغان يولۇڭ راۋان بولماس.

بەش ياشلىق سەپەردىن كەلسە،
يۈز ياشلىق ئالدىغا چىقىپتۇ.

بەلگە بولسا يولدىن ئازماس،
بىلىم بولسا سۆزدىن (ئازماس).

بۆرۈن تاغ ئايلىنىپ كەلسە،
ئەمدى باغ ئايلىنىپ كېلۇر.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com

بىر سۆزلىشىپ مۇڭداش دېمە،
بىللە مېڭىپ يولداش (دېمە).

بىر كۆرگەن تونۇش،
ئىككى كۆرگەن تۇغقان.

بىر كۆرۈپ دوستۇم دېمە.

بىر كۇنلۇك سەپەرگە چىقساڭ،
بىر ئايلىق ئوزۇق ئال.

بىر كۇنلۇك يولداشقا قىرىق كۇنلۇك سالام.

بىر يەردە تاپقان پۇلنىڭ بەرىكىتى ئاز،
سەپەردە تاپقان پۇلنىڭ بەرىكىتى ساز.

پ

پاقا كۆلدە ئوينايدۇ،
كارۋان چۆلدە ئوينايدۇ.

پىيادىنىڭ ئېتى چورۇق،
كۇچى ئۇرۇق.

## ت

تاغقا چىقساڭ بۆرىدىن،
شەھەرگە كىرسەڭ ئوغرىدىن قاچ.

توقاي بولسىمۇ يول ياخشى،
ئەخمەق بولسىمۇ دوست (ياخشى).

توڭلىغاندا مۇز ئۇچراپتۇ،
ئۇسسىغاندا ئوت (ئۇچراپتۇ).

تۆھمەتخور بىلەن سەپەرداش بولما.

تىل بىلگەن يولدىن ئازماس،
ئەقىل بىلگەن چۆلدىن ئازماس.

## چ

چۆلدە ئۇسسۇزلۇق يامان،
يولدا يالغۇزلۇق (يامان).



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## د

دەم غەنىيمەت — دىدار غەنىيمەت.
دىلى يامانىنىڭ يولى بۇزۇق.

## س

سائەتى كەلگەندە سەپەر قىل.

سەپەر خامنى پىشۇرار،
جاھىلنى كامىل قىلار.

سەپەر قىلساڭ ياخشى ھەمراھ بىلەن،
دوست بولىسەن پىكرى دانا بىلەن.

سەپەر قىلغان يول بىلەر،
كۆپ ئوقۇغان مول بىلەر.

سەپەر قىلغىن يولۇڭغا بېقىپ،
سودا قىلغىن پۇلۇڭغا بېقىپ.

سەپەردە يولداش كېرەك،
ئىشتا قولداش (كېرەك).

سەپەرگە چىققاندا كۆپ يۇرگەنلىك ئۆيدە قون.

سەپەرگە چىققىن ياخشى بىلەن،
ئۇلپەت بولما باخشى بىلەن.

سەراتاندا سۇغار، مىزاندا تېرى،
مىزاندا تېرىيالمىساڭ تۇرۇپتۇر نېرى.

سەن ئىزدىسەڭ مېنى،
مەنمۇ ئىزدەرمەن سېنى.

سەھەر تۇرساڭ كەچ قالمايسەن،
ياخشى بىلەن يۇرسەڭ ئاچ قالمايسەن.

سەھەر ئۇچقان قۇشنىڭ قورسىقى توق.

سەھەردە ھۇۋلىغان ئىتتىن قورق.

ق

قاشاڭ ئاتنى مىنگۈچە،
پىيادە ماڭغىن ئۆلگۈچە.

قىش كۈنى يا جۇۋا ئال،
يا جۇۋان ئال.

قىش كۈنى يول يۈرمىگەن،
سوغۇقنىڭ ئاچچىقىنى بىلمەس.

## ك

كارۋان تۆگىنىڭ قېرىسىنى ئالدىغا سالار.

كارۋاننىڭ يولى بىر،
رىزقى مىڭ.

كەتكەن كەلمەيدۇ.

كەتمەك ئاسان،
قالماق تەس.

كۆچتۈم — ئۆچتۈم.

كۆز يۇمغىچە داۋان ئاشقىلى بولماس.

كۆمۈرنىڭ ياخشىسىنى مەش ئايرىيدۇ،
تۆگىنىڭ ياخشىسى دەشت ئايرىيدۇ.

كۈن تىكلەنسە سايەڭ قىسقىرار.

كېچىدىن سەھەر ياخشى،
چوكانتالدا سەپەر (ياخشى).

كېچىسى ماڭساڭ يول ئاۋۇيدۇ.

كېچىسى يول ماڭساڭ تاڭ ئاتقاندا خوش بولىسەن.

## گ

گەپنى سۆزمەندىن سورا،
يولنى كارۋاندىن (سورا).

## ل

لاتاڭغا قارىماي، ئاتاڭغا قارا،
هارۋاڭغا قارىماي، كاتاڭغا قارا.

## م

ماڭغان ئاياغقا تاش پاتار.

ماڭغان دەريا،
ياتقان بورىيا.

ماڭغان يول يىراق ئەمەس،
مېڭىشتىن قورققان يول يىراق.

مەنزىلگە يەتتىم دەپ ئوزۇقۇڭنى تۆگەتمە،
كۆچىمەن دەپ ئوتۇنۇڭنى (تۆگەتمە).

مۇزداۋان ئېگىز بولسىمۇ، ئاسماندىن پەس.

مۇساپىر يول ئازابىدىن قورقماس.

مېڭىپ هارغاندا مايماق ئېشەك مەپە كۆرۈنەر.

ن

نارنىڭ تىلىنى كارۋان بىلەر.

نىشانەڭ ئوڭ بولسا،
پېشانەڭ ئوڭ بولىدۇ.

نىشانسىز يول يۈرمە.

## ھ

ھارۋامدا پىلىك يوق،
چىقىقاندىن كېيىن غىلىك يوق.

ھەمراھ يولدا سىنىلار.

ھەمراھسىز سەپەر قىلساڭ،
ئۆلۈكۈڭ چۆلدە قالار.

## ئو

ئوت كۆرۈنگەن يەرگە بارما،
ئىت ھاۋشىغان يەرگە بار.

ئوزۇقسىز سەپەر قىلساڭ،
ئەل ئىچىنى پاناھ قىل.

ئوزۇقلۇق ئات ھارماس.



ئۇيغۇر بېكتى

## ئۇ

ئۇزۇن بولسىمۇ تۈز ياخشى.

ئۇزۇن يولغا ھەمراھ ياخشى،
ئەسكى ھەمراھتىن ئەرۋاھ (ياخشى).

ئۇزۇن يولغا ھەمراھ ياخشى،
ناچار ھەمراھتىن ناسۋال (ياخشى).

## ئۈ

ئۆتكەل ئۆتسەڭ ئاۋۋال ئۆت،
كېيىن ئۆتسەڭ يول تايغاق.

ئۆيدىن چىقساڭ سەپەرگە،
تەييار تۇرغىن خەتەرگە.

## ئۈ

ئۈزۈمنىڭ ياخشىسى مۈناقى،
سەپەرداشنىڭ ياخشىسى چۆچەكچى.

## ئې

ئېتى بارنىڭ يولى بار.

ئېتىڭ تۇلپار بولسىمۇ،
قامچاڭنى تاشلىما.

ئېتىڭ ياخشى بولسا قامچا بىھاجەت.

## ئى

ئىت بىلەن يولداش بولساڭ،
قولۇڭدىن تاياق چۈشمىسۇن.

ئىتتىن قورقساڭ، سەپەر قىلما.

# ي

ياخشى ئاتنى يولدا سىنا،
سەپەرداشنى چۆلدە (سىنا).

يازدا يول يۆر، تاڭ ئاتماستا،
قىشتا يول يۆر، كۈن چىققاندا.

يازدا يېپىنچا ئال،
قىشتا سېلىنجا (ئال).

يازدا يېتىشقا كات ياخشى،
سودا ـ سېتىققا يات (ياخشى).

يازلىق قوغۇن تورلاشماس،
تۆزسىز خېمىر قولاشماس.

يالغۇز بولساڭ سەپەرلىك،
يولۇڭ بولار خەتەرلىك.

يامان ئاتتىن ياياق ياخشى.
يامان يولداشتىن يالغۇزلۇق ياخشى.

يامان ئادەم يولداش بولماس،
يولداش بولسىمۇ سىرداش بولماس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يامان بىلەن يولداش بولما،
نادان بىلەن سىرداش (بولما).

يامان يولداش يىلاندىن يامان.

يامان يولداشتىن تاياق ياخشى.

يامان يولداشتىن ياخشى ئات ئەلا.

يالاق كىشىگە يانچۇقمۇ ئېغىر.

يول ئازابىنى ماڭغان بىلەر،
قىش ئازابىنى توڭغان بىلەر.

يول ئازابى — گۆر ئازابى.

يول بەرمىگەن قول ئەمەس.

يول بۇياقتا،
ئات ئۇياقتا.

يول بىلمەي تۇرۇپ يولغا چىقما.

يول بىلمىگەن قارىغۇدىن بەتتەر.
يول سورىغان يولدىن ئازماس.

يول سورىماي يولغا چىقما.

يول ماڭغانچە ئېچىلار،
ئادەم ئىشلىگەنچە ياشىرار.

يول ماڭغاندا يولداش ياخشى،
ئىش قىلغاندا قولداش (ياخشى).

يول يۈرسەڭ باشقا چىق،
سۇ ئۈزسەڭ قاشقا (چىق).

يولدا قويساڭلار قويۇڭلار،
چۆلدە قويماڭلار مېنى.

يولدا ماڭساڭ ئۇدۇل ماڭ،
كىشى بىلەن نە ئىشىڭ.

يولدا ئۇچراشقان ھەمراھ ھەمراھ ئەمەس.

يولدىشىغا قارىمىغان يولدا ئۆلەر.

يولدىشىڭ ياخشى بولسا، سۇ ئىچىپ توق كېلەرسەن،
يولدىشىڭ ناچار بولسا، پولۇ يەپ ئاچ كېلەرسەن.

يولدىشىنى تاشلىغان يولدا قاپتۇ.

يولغا چىق يولداش بىلەن،
توينى قىل قولداش بىلەن.

يولغا چىقساڭ سەھەر چىق.

يولغا چىقساڭ ھەمراھ تاپ.

يولغا چىققاننىڭ غېمىنى ئۆيدە قالغان يەيدۇ.

يولمۇ تاپ،
يولداشمۇ تاپ.

يولنىڭ ئاخىرى بولماس،
بىلىمنىڭ چېكى (بولماس).

يولنى سائىلدىن سورا،
ئۆۋنى سەيياتتىن (سورا).

يولنى قىسقارتىدىغان گەپ،
ئۆمۈرنى قىسقارتىدىغان دەرد.

يولنى ماڭغان يول بىلەر،
كىتاب كۆرگەن مول بىلەر.

يولنى يۈرگەن بىلەر.

يولۇڭ ئاز بولسىمۇ،
گېپىڭ ساز بولسۇن.

يولۇڭ ئەگرى بولسا،
پەللەڭ يىراق.

يولى باشقا،
مەنزىلى بىر.

يولى يامانىنىڭ ھارۋىسى بۇزۇق.

يۇك ئېغىر،
مەنزىل يىراق.

يېيىشلىك ئات ھارماس.

يىراق بولسىمۇ بىلگەن يولۇڭدا ماڭ.

يىراق بولسىمۇ يول ياخشى،
قېرى بولسىمۇ قىز (ياخشى).

يىراق يەرنىڭ ئەندىشىسى يامان.

يىراق يەرنىڭ گېپى ھەرخىل.

يىراقتىكى ئالتۇنغا ھەۋەس قىلغۇچە،
يېقىندىكى گەندىنى تارت.

يىراقنى يېقىن قىلغان ئات،
يېقىننى يىراق قىلغان يات.

يىراقنىڭ دانىسىدىن،
يېقىننىڭ سىيماسى ياخشى.

يىراقنىڭ دېڭى يامان.

www.uyghurkitap.com



# ئادەم ۋە ئۇنىڭ مىجەز - خۇلقى، تەبىئىتى توغرىسىدا

# ئا

ئات مىنسە، ئاتىسىغا باقماپتۇ.

ئات مىنمىگەن ئات مىنسە، مىنىپ ئۆلتۈرەر.

ئات ئۆلسە — ئېگىرى قالار،
ئادەم ئۆلسە — ئېتى (قالار).

ئاتتىن چۈشسە، ئۈزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ.

ئاتقا كۆچى يەتمەي، ئېگەرنى ئۇرۇپتۇ.

ئاتنى تاقىلىسا، ئېشەك پۇتىنى كۆتۈرۈپتۇ.

— ئاتنى نەگە باغلايسەن؟
— «ئۆيگە كىرسىلە» دېگەن تىلىمغا.

ئاچ كۆزنىڭ ئەقلى كەم، كۆزى كور.

ئاچ ئىتقا ئاش بەرسە توق ئىت غىڭشار.

ئاچ كۆز تويماس،
بېخىل بېيىماس.

ئاچ كۆزنىڭ ئۆزى تويسا،
كۆزى تويماس.

ئاخشىمى ئېيتقاندىن ئەتىسى يالتىيار.

ئادەم بالىسى تۇغۇلۇپ ئەيىبناق بولمايدۇ،
تۇرۇپ ئەيىبناق بولىدۇ.

ئادەم بالىسى خام سۈت ئەمگەن.

ئادەم زىنىنتى كىيىم،
ياغاچ زىنىنتى ــــ يوپۇرماق.

ئادەم گۈلدىن نازۇك،
تاشتىن قاتتىق.

ئادەمدىن ھېچنېمە قېچىپ قۇتۇلماس.

ئادەمنىڭ دورىسى يوق،
مەسچىتنىڭ مورىسى (يوق).

ئادەمنىڭ قابىلىيىتى قورساقتا،
ھايۋاننىڭ قابىلىيىتى تۇياقتا.

ئادەمنىڭ ئۆزىگە بېقىپ سۆزى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئادەمنىڭ ئۆزىنى بىلمە،
يۈرىكىنى بىل.

ئادەم — زامان پەرزەنتى.

ئادەم — ھەممىگە باش.

ئادىمگە قاراپ ھۆرمىتى.

ئاسمان بىسۇالسا، ئاستىدا يىتىپ مانتا يەر.

ئاسماندىكى ئاينى ئالسا، كۈننى تەلەپ قىلارمىكىن؟

ئاغامچىغا ئۈن بىسىپ قويۇپتۇ.

ئاغزى ئوچۇق ئاچ قالماس.

ئاغزىدا «ئاللا»،
كۆڭلىدە شەيتان.

ئاق بۆكنى ئىلىپ تاشلاپ،
كۆك بۆكنى كىيگەن بىلەن ئادەم ئۆزگەرمەس.

ئاق ئىت، قارا ئىت — بەرىبىر ئىت.

ئالەمنى سۇ بىسىپ كەتسە،
ئۆردەك پەرۋايىغا ئالماپتۇ.

ئالتۇن چىشلىق كۈلگۈنچەك،
دىلى يۇمشاق ــ كۆڭۈلچەك.

ئالغاندا «بىسمىللا»،
بەرگەندە «ئەستاغپۇرۇللا».

ئالغاندا ئالمان، بەرگەندە بەزگەك.

## ئە

ئەتلەس توزۇسا، پايتما بولماس.

ئەتىيازدا قويماق يەپ، كەچ كۈزدە كېكىرەر.

ئەسكىگە سۆز ھار كەلمەس.

ئەلگەككە كىتىپ، ئەرگە تېگىپتۇ.

ئەيىبسىزنىڭ بىر ئەيىبى بار.

## ب

باتنىغان گادايىنىڭ خۇرجۇنىغا زىيان.

باتۇر ساراڭدىن قورقار،
ساراڭ مۇتتەھەمدىن (قورقار).

باسقان ئىزىدىن ئوت ئۈنمەيدۇ.

بالا تۇغۇلسا، زامانىسىغا ئوخشار.

بەرسە يېمەيسىز، تىلىمۇالىسىز.

بەرگەندە بىرمۇ كۆپ، ئالغاندا يۈزمۇ ئاز.

بەرمىگەننى سورايسەن،
بەرسە — چىشلەيسەن.

بەگكە يارىغان بەگمەك چولاققا يارىماپتۇ.

بوي يەتمىگەن ئۈزۈم ئاچچىق.

بۇغداي كۆرسىتىپ، ئارپا سېتىپتۇ.

بۆرە بىلەن قوينى ئاپتۇ،
قويچى بىلەن بۆرىنى.

بۆرە ئېغىز، تۈلكە قۇيرۇق.

بېخىلدىن پۇل ئالماق — پېتىر ناندىن قىل ئالماق.

بېخىللىق باشقا يېتەر.

بېخىللىق بېيىتماس.

بېخىلنىڭ باغرى قاتتىق.

بېخىلنىڭ بېغى كۆكەرمەس،
سېخىينىڭ بېغىغا كۆز كەلمەس.

بىر ئادەمنى چۈشىنىش ئۈچۈن،
بىر تاغا تۇزنى بىللە يېيىش كېرەك.

بىر تىيىن بېرىپ ئېيتقۇزالمايسەن،
ئون تىيىن بېرىپ توختىتالمايسەن.

بىر قېتىم يالغان ئېيتقاننىڭ،
مىڭ قېتىم ئېيتقان راست گېپىمۇ يالغان.

بىر ھارغاندا سۆز قىلما،
بىر — ھاللىغانغا.

بىر ھارغانغا گەپ قىلما،
بىر ئاچقانغا.

بىر ياماندىن قورق، بىر ياۋاشتىن.

بىردىن ئىككى ياخشى،
ئىككىدىن بىر (ياخشى).

بىرنىڭ كۆزى قارىغۇ،
بىرنىڭ — كۆڭلى.

# پ

پاقىنى زىلچىغا ئولتۇرغۇزساڭ،
پاتقاق ئىزدەپ قاچىدۇ.

# ت

تادان تۇلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنار.

تارتىنچاق ئاچ قالار.

تاز بىلەن تاز تارغاق تالىشار.

تاز دورا تاپسا ئاۋۋال بېشىغا سۈركەيدۇ.

تاماشىخورغا سوقۇشمۇ قىزىق.

تاماگەرنىڭ تامىقى قۇرۇق.

تاۋاقچىنىڭ ئۆمرى كوتا.

تاۋۇزنىڭ تېشى كۆك، ئىچى قىزىل.

تەرسا ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلىدۇ.

تۇڭگۇز تېرىسى سېسىقلىقىدىن ئاش يېمەس،
ئادەم تېرىسى — ئۇلۇغلىقىدىن.

تۇڭگۇز دۈمبە بىلەن سەمرىيدۇ.

تونىغا قاراپ تونۇغىلى بولماس.

تويماسنى گۆرنىڭ توپىسى تويدۇرىدۇ.

تويمىساڭ تويۇڭدا تويارسەن.

تۆگىگە بويىنۇڭ نېمىشقا قىڭغىر دېسە، «نەرىم تۈز؟» دەپتۇ.

تۈز يەردىن لاقىا چىقىپتۇ،
سىلىق يەردىن چوماق (چىقىپتۇ).

تۈگمەننىڭ نورىدىن پۈتۈن چىقار.

تۈگمىدەكنى تۆگىدەك قىپتۇ.

تۈڭلۈكىدىن شامال كىرمەس،
ئىشىكىدىن ئادەم.

تۈلكىنىڭ گۇۋاھچىسى — قۇيرۇقى.

تۈنۈگۈن كۆچەت تىكىپ،
بۈگۈن سايىسىدا ئولتۇرار.

تېرىككەكلىك ـــ كۆچسىزلىك.

تىلى تاتلىق، باغرى قاتتىق.

## چ

چاقىرمىساڭمۇ بېرىۋېرىمەن،
ئۇزاتمىساڭمۇ كېتىۋېرىمەن.

چوڭ قىزىڭنى بەرمىسەڭ، كىچىكىگە رازىمەن.

چىرايلىق چىرايدىن ئەمەس،
چىرايلىق ـــ يۈرەكتىن.

## خ

خەقنىڭ بېشىدىكى سامانىنى كۆرۈپ،
ئۆزىنىڭ بېشىدىكى دەرەخنى كۆرمەپتۇ.

خورىكى يوغان يىگىتنىڭ تۇمشۇقىغا ئىلمەك قوزۇق.

## د

دەپ ئۇيالمىغان قىپ ئۇيالماس.

دەۋاگەر دەۋا قىلماس،
دەۋا قىلسا، قۇرۇق قالماس.

دۇمبىسى قىچىشقان ئېشەك تۇگمەنگە بارار.

دىلىدا تەكچىسى يوق.

## ز

زامان قانداق بولسا، بالا شۇنداق بولار.

زامانە — دەريا،
ئادەم — بىر قېيىق.

## س

سامان كىشىنىڭ بولغان بىلەن،
سامانلىق ئۆزۈمنىڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىسكتى www.uyghurkitap.com

سەتلىكىمنى بىلىندۇرمىگەن ـــ خۇشخۇيلۇقۇم.

سەن ئۆزۈڭنى داڭلىما،
كىشى سېنى داڭلىسۇن.

سۇغا كىرىپ، قۇرۇق چىقار.

سېخىينىڭ بەرگۈسى كەلسە،
بېخىلنىڭ ئىچى ئاغرىپتۇ.

## ش

شاھلىق تاجىنى كىيسىمۇ ئېشەك،
ئېشەكتۇر بەربىر، ئېشەكتۇر ئېشەك.

## غ

غەيۋەتچى غەيۋەت قىلمىسا،
قورسىقى تويماس.

غەيۋەتچىنىڭ غەيۋەتسىز كۆڭلى خۇش بولماس.

## ق

قاچىسىنى يالىمىسا ئىت تويماس.

قارنى يامان يېگىنىنى سۆزلەر.

قازىنىغا بېقىپ چۆمۈچى.

قورسىقىم يېرىلسا يېرىلسۇن،
ئېشىپ قالمىسۇن.

قولى بىلەن بېرىپ،
پۇتى بىلەن ئالىدۇ.

قۇلىقى بار، لېكىن گاس،
تىلى بار، لېكىن گاچا،
كۆزى بار لېكىن قارىغۇ.

قېرىشقانىنىڭ قورسىقى ئاچ.

قىزارغاندا قاراڭغۇ ياخشى.

قىزغانچۇق خۇدانىڭ سېخىيلىقىدىنمۇ قىزغىنار.

قىشلىقى قار ساتىدۇ.

## ك

كۆرەلمەس قېرىنداشنىڭ بەختىنىمۇ كۆرەلمەيدۇ.

كۆرەلمىگەننىڭ ئۆيى نەدە؟
— پايلالمىغاننىڭ يېنىدا.

كۆرگەندىن كۆز ھەققى ئاپتۇ.

كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چوماق.

كۆڭلى زەھەرنىڭ قولىمۇ زەھەر.

كۆڭۈلنى كەڭ تۇتسا،
بىر تال ئۈزۈم قىرىق كىشىگە يېتەر.

كىشى ماڭا تەگمىسە،
مەن كىشىگە تەگمەيمەن.

كىشى ئۆلسىمۇ، نامى قالار.

كىشىنىڭ ئەيىبى كۆرۈنۈپ تۇرار.

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com

## گ

گال پىچاق قول كېسەر.

گەپچى كەلگەن يالغانچى كېلەر.

گول قازانغا قارايدۇ،
تادان — ئوچاققا.

گېپى يۈرەكتىن چىقماي،
بۆرەكتىن چىققان ئىكەن.

## ل

لاچىن ئۇچۇشىدىن بىلىنەر.

## م

ماختىغان قىز سونجىقىغا ئولتۇرۇپتۇ.

مەن ئۆلگەندىن كېيىن توپان سۇيى باسسۇن.

## ھ

ھاۋانىڭ يامىنى كېتەر،
ئادەمنىڭ يامىنى كەتمەس.

ھاۋشىغان ئىتتىن قورقما.

ھاياسى يوق يىگىت تۈگۈلۈكى يوق ئۆيگە ئوخشاش.

ھەر گۈلنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق پۇرىقى بار.

ھۆسنىخاننىڭ ئالتە كۆڭلىكى بار،
بىر كۆڭلەكچىلىك ھۆسنى يوق.

ھىيلىگەردىن تۇخۇم ئالساڭ،
سېرىقى بولماس.

## ئۇ

ئۇرۇشقاق خوتۇن تۇل قالار.

ئۇرۇشقاق كۆلەڭگىسى بىلەنمۇ ئۇرۇشىدۇ.

ئۈششۈق ئادەم ئالۋاستىدىن يامان.

ئۈنچى ھاكچىنى كۆرەلمەپتۇ.

## ئۆ

ئۆتكۈر پىچاق قىنىغا قەست قىلار،
يالغانچى جېنىغا قەست قىلار.

ئۆز قەدرىنى بىلمىگەن،
كىشى قەدرىنى بىلمەس.

ئۆزۈڭگە باق، ئۆزگىنى قوي.

ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىڭنى بىلگۈڭ كەلسە، كىشىدىن سورا.

ئۆلگەن بېخىلنىڭ قويندا بىر توقاچ.

ئۆلگەن ئىنەكنىڭ سۈتى ئۇلۇغ.

ئۆيۈمدە زاغرام يوق،
ئېتىم مارجانبۇۋى.

## ۋ

ۋالڭ غوجامنىڭ تۈگمەنچىسىنىڭ قوشنىسىنىڭ قوشنىسىمەن.

## ئې

ئېشەك ئالدىغا چۈشۈۋالسا،
ئاتنىڭ مېڭىشى بۇزۇلار.

ئېشەك مەككىگە بارسىمۇ، ئېشەك.

ئېشەكتە ئۆيات بولسا،
ئىشتان كىيەر ئىدى.

ئېشى ئارتىپ ئۆلگەندىن،
ئاچ يېتىپ ئۆلگەن ياخشى.

ئېشىكىگە يارىشا توقۇمى (ئېگىرى).

ئېغىر خوتۇن چاي قايناتقۇچە،
چاققان خوتۇن ئاش پىشۇرار.

## ئى

ئىت يالىقىدىن قىزغىنار.

ئىتنىڭ چىشلىگىنى هارمۇ،
ئېشەكنىڭ تەپكىنىمۇ؟

ئىتنىڭ يامىنى ماراپ چىشلەيدۇ.

ئىچى يامانىنىڭ بىر دەممۇ كۆڭلى خۇش بولماس.

ئىككى پىچاق بىر قىندا ياتماس.

ئىككى قوچقارنىڭ بېشى بىر قازاندا قاينىماپتۇ.

ئىككى يامانغا دۇنيامۇ تارلىق قىلىدۇ.

ئىنەكنى ساغالمىسا،
سوغىسىنى يەرگە ئۇرۇپتۇ.

ئىنسان زەھىرى يىلان زەھىرىدىن كۈچلۈك.

# ي

ياخشى ئاتنىڭ تۇيىقىدىن چاڭ چىقماس.

ياخشى بولساڭ، تويۇڭغا بارارمەن،
يامان بولساڭ ئۆلۈمۈڭگە (بارارمەن).

ياخشى سۆزنى ئاڭلىماس،
يامان سۆزنى ئۇنۇتماس.

ياخشىنىڭ ئايىغىدا قۇرت ئۆلمەس.

ياخشىنىڭ تىلى يۈرىكىدە،
يامانىنىڭ يۈرىكى تىلىدا.

يالغان بىلەن ئۇزۇنغا بارالمايسەن.

يالغانچى بولساڭ، ئۇنتۇغاق بولما.

يالغانچى ئۇنتۇغاق كېلەر.

يالغانچى ئۆزىنى ئۆزى رەسۋا قىلار.

يالغانچى يالغان تاپالمىسا، راستنى ئېيتار.

ياماﻥ سىلىغاننى بىلمەس،
سېيىر سىيپىغاننى (بىلمەس).

ياماﻥ كۆرگەﻥ ياغاچ مەسچىتنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۆگرۈك بوپتۇ.

ياماﻥ كۆنلەر ياخشى بولۇر،
ياماﻥ ئادەم ياخشى بولماس.

ياماﻥ ھارۋا يول بۇزار،
ياماﻥ ئادەم يۇرت بۇزار.

ياماﻥ ياماندىن قورقار،
كەتمەﻥ ساماندىن (قورقار).

ياماﻥ يىگىتنى ئېيتار،
ياخشى — كۆرگىنىنى.

ياماننىڭ سۆيىنى ئىچكۈچە قاپىقىنى چىقمۇەت.

يەي دىسە چىشى ئاغرىيدۇ،
بېرەي دىسە ئىچى ئاغرىيدۇ.

يولۋاسنىڭ تېرىسى قالار،
ئادەمنىڭ — ئېتى.

ياۋاش ئۆينىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە.

يۈزۈڭ كىر بولسا، ئەينەكتىن كۆرمە.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈكلۈك ئېشەك ھاڭرىماس.

يۈكى يېنىك ئېشەك يورغىلار.

چۈلۈق تۇخۇمدىن چۈجە چىقماس.

يىرتىق تۆشۈكتىن كۈلەر.

يىلان بەزى ـ بەزىدە چاقسا،
ئادەم دائىم چاقىدۇ.

يىلان قانچە ئەگرى بولسىمۇ،
ئۆز ئۇۋىسىدا تۈزىلەر.

يىلان ئۆزۈم ئەگرى ئەمەس،
يولۇم ئەگرى دەر.

www.uyghurkitap.com



# كەمتەرلىك، ئېغىر - بېسىقلىق، ئاقىللىق، ئەخمەقلىق، نادانلىق توغرىسىدا

# ئا

ئابدالدا ئۈيات يوق،
كېپەكتە قۇۋۋەت (يوق).

ئات مىنىپ ئاتامغا باقمىدىم.

ئات ئېشەكتىن تۇغارمۇ،
ئېشەك ئاتتىن ئازارمۇ؟

ئاتاڭدىن دۇنيا قالغۇچە،
ھۇنەر قالسۇن.

ئاتاڭنىڭ كىيگىنى تېرە تۇماق،
ساڭا نېمە يوغان دىماق.

ئاتالماس ئوقىدىن كۆرىدۇ.

ئاتقا كۈچى يەتمىگەن چاكاندا ئۈۋاپتۇ.

ئاچ قورساق خام دېمەس،
كەمتەر نام (دېمەس).

ئاچچىق ئالدىدىن يۇرەر،
ئەقىل كەينىدىن.

ئاچچىق ئەقىلنى كېسەر.

ئاچچىق كەلگەندە،
ئەقىل قاچىدۇ.

ئاچلىق نېمە يېگۈزمەيدۇ،
ئاچچىق نېمە دېگۈزمەيدۇ.

ئەخمەققە ئەقىل كار قىلماس.

ئادەم ئەقلى بىلەن كۆرۈنەر.

ئادەم بالىسىنىڭ باھاسى ئىلىم بىلەن.

ئادەمدە ئەقىل بولمىسا،
كۆز دېگەن تام تۆشۈكى.

ئادەمنىڭ ھۆسنى باش بىلەن.

ئاشپەز ئىككى بولسا،
ئېشى تۇزسىز بولار.

ئاغرىمىغان باشقا ئالتە تاياق.

ئاغزىغا كەلگەننى دېيىش — ناداننىڭ ئىشى،
ئالدىغا كەلگەننى يېيىش — ھايۋاننىڭ ئىشى.

ئاق قوناقنىڭ پاتىقى تولا،
نادانلىقنىڭ چاتىقى (تولا).

ئاق ناننى ياراتمىغان زاغرا كۆمەچكە ئۆچ بولۇر.

ئاقساق قوي يول تالىشار،
ئايىملار تۆر تالىشار.

ئاقىلنىڭ ئالامىتى كەمتەرلىك،
نادانىنىڭ ئالامىتى تەكەببۇرلۇق.

ئالەم ۋاپاسىز ئەمەس،
ئادەم ۋاپاسىز.

ئالتۇن چىرىماس،
ئەقىل قېرىماس.

ئالتۇن ئېغىرلىق بىلەن يەڭدەر.

ئالتۇننى دەسسەپ،
توقۇم ئىزدەپتۇ.

ئالتۇننىڭ يېنىدا يېتىپ ئالتۇن بولماس.

ئالتىنچى ئايدا ئالتە چاپان،
ئون ئىككىنچى ئايدا كالتە چاپان.

ئالدامچى «دۆت»كە ئامراق،
قەلەندەر «مۆت»قا (ئامراق).

ئالدامچىغا ئالدانساڭ ئۇۋالىڭ ئۆزۈڭگە.

ئالدامچىنىڭ دەسمايىسى — يالغانچىلىق.

ئالدامچىنىڭ دوپپىسى كۆپ.

ئالدامچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام.

ئالدامچىنىڭ ئۇستىسى تۇلكە،
تەخسكەشنىڭ دەسمايىسى كۇلكە.

ئالدانغاندا ئەقىل قاچار.

ئالدايدىغان «ماقۇل»دىن «ياق» ياخشى،
قاملاشمىغان بىر جۇپتىن، تاق ياخشى.

ئالدىچە ئاپتۇۋنى ئاپتۇ،
كەينىچە چىلاپچىنى ئۆرۈپتۇ.

ئالۋاننى باردىن ئال،
قۇشقاچنى ياردىن (ئال).

ئالىم بولساڭ، ئالەم سېنىڭكى.

ئالىم بىلگىنىنى سۆزلەر،
ئەخمەق يېگىنىنى (سۆزلەر).

ئالىمدا دىماق يوق،
تاۋاردا ئۇلاق (يوق).

ئامەت ـــ ئەخمەقنى سارالڭ قىلۇر.

ئانا سۈتى بىلەن كىرگەن ئەقىل،
كالا سۈتى بىلەن كىرمەس.

ئاۋۋال چىققان(بۇرۇنقى) قۇلاقتىن كېيىنكى مۈڭگۈز ئاشار.

ئايىنىڭ شولىسىغا نان چىلاپتۇ.

## ئە

ئەتىگەن تىككەن دەرەخنىڭ سايىسىنى كەچتە ئىزدەپتۇ.

ئەجەب كۈلدۈڭ ئالتۇن تاپقاندەك،
قىلغان ئىشىڭ پايپاقتا ناھال قاقاقاندەك.

ئەخمەق ھولۇقسا ئەقلى دۈمبىسىگە چىقىدۇ.

ئەخمەق ئات مىنسە خۇدانى ئۇنتۇيدۇ،
ئاتتىن چۈشسە ئېتىنى (ئۇنتۇيدۇ).

ئەخمەق ئاداشقىنىنى بىلمەس.

ئەخمەق ئادەم داۋخور كېلىدۇ.

ئەخمەق ئالىنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئەخمەق ئاينىڭ شولىسىغا يامىشىپ تۇتۇلۇكتىن چۈ- شۈپتۇ.

ئەخمەق ئاينىماس،
ئوغرى بېيىماس.

ئەخمەق ئەخلەتكە يېقىن.

ئەخمەق ئەلچى ئىككى تەرەپنى بۇزار.

ئەخمەق بولمىسا سورۇن قىزىماس.

ئەخمەق بۇزۇشتا بار،
تۈزەشتە يوق.

ئەخمەق بىلەن تويغا بارغۇچە،
ئەقىللىك بىلەن چاۋار تەر.

ئەخمەق بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشقا ئەخمەقلىق كېرەك.

ئەخمەق بىلمەس ئېتىنىڭ ھارغىنىنى،
كوسا بىلمەس ئۆزىنىڭ قېرىغىنىنى.

ئەخمەق پۇتىنى ئۆتۈكىنىڭ تېشىدىن قاشلار.

ئەخمەق تۇۋا قىلار قازا يەتكەندە،
نادان سودا قىلار بازار كەتكەندە.

ئەخمەق چوڭ يولدىمۇ ئادىشار.

ئەخمەق چىچەننىڭ گېپىنى ئاڭلىماس،
چىچەن ئەخمەقنى ئالدىماس.

ئەخمەق سودا قىلار بازار كەتكەندە،
ساراڭ تەزىم قىلار مېھمان كەتكەندە.

ئەخمەق سۆلەتلىك بولسىمۇ ئىززىتى تۆۋەن،
ساپال قاچا ئېغىر بولسىمۇ قىممىتى تۆۋەن.

ئەخمەق قازانغا قارايدۇ،
تادان ئوچاققا (قارايدۇ).

ئەخمەق كاللا ــــ پۈتقا زۇلۇم.

ئەخمەق كۈندۈزى چىراغ ياقىدۇ،
يېغى تۈگەپ، كېچىسى ئايغا باقىدۇ.

ئەخمەق نەسىھەتتىن تەربىيە ئالماس.

ئەخمەق ئۆزىنى داڭلايدۇ،
تەنتەك قىزىنى (داڭلايدۇ).

ئەخمەق ئىشتىنىنى سېلىپ ئوسۇرار.

ئەخمەق يىگىتنى داڭلايدۇ.

ئەخمەقتىن ئەقىل سورىما.

ئەخمەققە «ناماز ئوقۇ» دېسە پېشانىسىنى يېرىۋالىدۇ.

ئەخمەققە ئارغامچا بەرسەڭ،
ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىدۇ.

ئەخمەققە توقماق.

ئەخمەققە جاۋاب ـــ سۈكۈت.

ئەخمەققە قىز كۆرسەتمە،
موزايغا سۈت (كۆرسەتمە).

ئەخمەققە كۆز سالما،
ئابدالغا سۆز (سالما).

ئەخمەققە گەپ ئۆتمەس،
تاشقا مىخ (ئۆتمەس).

ئەخمەققە ئىشەنگۈچە،
ئەقلىڭگە ئىشەن.

ئەخمەقكە ھەۋىسىڭنى كەلمەس،
ھەسىتىڭنى كەلمەس.

ئەخمەقنى ئەيىبلىمەي ئىشقا سال.

ئەخمەقنىڭ زىياپىتىدىن دانانىڭ سۆھبىتى ئەلا.

ئەخمەقنى ئۆلدى دېسە ئىشەن،
«ئوڭلاندى» دېسە ئىشەنمە.

ئەخمەقنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگكەندە گالۋاڭ بولۇر.

ئەخمەقنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن.

ئەخمەقنىڭ ئەقلى خۇرجۇندا.

ئەخمەقنىڭ بېشى تاشقا تەگكەندە ئادەم بولۇر.

ئەخمەقنىڭ جېنى ئازابتا.

ئەخمەقنىڭ خۇشاللىقى ـــ كوسىغا چىققان ساقالچىلىك.

ئەخمەقنىڭ دوستلۇقى ـــ تۇراقسىز.

ئەخمەقنىڭ دوستى بولغۇچە،
ئەقىللىكنىڭ قۇلى بول.

ئەخمەقنىڭ قولى ئۇزۇن،
ئەقلى قىسقا.

ئەخمەقنىڭ مېلىنى ئوغرى يەيدۇ،
ئوغرى يېمىسە بۆرە يەيدۇ.

ئەخمەقنىڭ ئۆگى يوق،
چاپىنىنىڭ يېڭى (يوق).

ئەخمەقنىڭ ئۆزى بىلمەس،
بىلگەننىڭ سۆزىگە كىرمەس.

ئەخمەقنىڭ ئۆيىگە بارما،
خورىكى چوڭنىڭ تويىغا (بارما).

ئەخمەقنىڭ ئېتىنى يول قېرىتار.

ئەرز يازغاننى تىللىماي،
قەلەمنى تىللاپتۇ.

ئەسكى تامنى ئۆي ئەتمە،
بىۋاپانى يار ئەتمە.

ئەقلى يوق باشتىن — سۈيى يوق قاپاق ياخشى.

ئەقلىڭگە ئەقىل قوش،
جەھلىڭگە سەۋر (قوش).

ئەقىل باسمىغان ئاچچىقنىڭ ئايىغى پۇشمان.

ئەقىل ساقالدا ئەمەس، باشتا.

ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا.

ئەقىلدىن ئارتۇق بايلىق يوق.

ئەقىلدىن تەجرىبە ئارتۇق.

ئەقىلسىز باش ئاياغقا زەخمەت كەلتۈرەر.

ئەقىلسىز باشنىڭ دەردىنى پۇت تارتىدۇ.

ئەقىلسىزگە باش بولغىچە،
ئەقىللىكنىڭ قولى بول.

ئەقىلسىزگە ئەقىل ئۆگەتمە،
پاچاقغا پىچىرلىما.

ئەقىللىك ئويلاپ تۇرغىچە،
ئەخمەق سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتۈپتۇ.

ئەقىللىك ئۆزىنى ئەيىبلەر،
ئەقىلسىز دوستىنى (ئەيىبلەر).

ئەقىللىكنىڭ قەدرى ئەخمەقنىڭ يېنىدا بىلىنەر.

ئەقىللىك دېسە ئەخمەقنى،
بېشىڭغا ئۇرار توقماقنى.

ئەقىللىككە بەر قويماق،
ئەخمەقلىققە ئۇر توقماق.

ئەقىلنى ئاقچىغا سېتىۋالغىلى بولماس.

ئەقىلنىڭ سۆزى — ئۆمرى ئۆتكۈچە،
نادانىنىڭ سۆزى — ئىشىكتىن چىققۇچە.

ئەقىل — ئابرۇي،
ھۈنەر — بەخت.

ئەقىل — بايلىق.

ئەقىل — تۈزۈماس تون،
بىلىم — تۈگىمەس كان.

ئەقىل — دوست،
جاھىل — دۈشمەن.

ئەقىل — دۆلەت،
كىيىم — سۆلەت.

ئەقىل — يۈرتنىڭ ئاغىسى،
ئۇستا — يۈرتنىڭ چاكاسى.

ئەمگەكسىز ئالىم — يامغۇرسىز بۇلۇت.

ئەيىبى يوق ھايۋان يوق،
غېمى يوق ئادەم (يوق).

ئەيىبنى يوشۇرغان — ئەخمەق.

# ب

باش ئالدىدا يۈرەر،
پۇت كەينىدە (يۈرەر).

باش بولسا، بۆك تېپىلىدۇ.

باش پۇتتىن ئەقىل سورىمايدۇ.

باش قەيەردە بولسا، پۇت شۇ يەردە.

بالا قۇش ئۇچۇشنى بىلەر،
قونۇشنى بىلمەس.

بەيگە قېچىرغا قالدى،
ئۇسسۇل توكۇرغا (قالدى).

بوزەكنى تاپسام،
بۇرنىغا يىپنى ساپسام.

بوش قاپ تىك تۇرماس.

بولىدىغان ئاش كۆكىدىن مەلۇم.

بولىدىغان مېۋە گۈلىدىن بىلىنەر.

بوينى ئۇزۇندىن سورىساڭ، تۆگىدىن سورا،
ساقىلى ئۇزۇندىن سورىساڭ، ئۆچكىدىن سورا.

بۇقىدەك ھۆركىرەپ،
ئىنەكتەك سىيىپتۇ.

بۇلتۇر كەلدى ئۇلتۇرغىلى،
بۇ يىل كەپتۇ سورىغىلى.

بۇلتۇرقى ئۆلۈككە بۇ يىل يىغلاپتۇ.

بۇركۇت ئۆمرىدە بىر قېتىم ئازار.

بېشى قىچىشسا سۆڭگىچىنى قاشلاپتۇ.

بېشىدا بارنىڭ قېشىدا بار.

بېشىڭ پاتمىغان يەرگە ئۆزۈڭ پاتمايسەن.

بېشىڭدا بولمىسا خوش،
خالتاڭ ھەممىشە بوش.

بىر يەپ ئىككى تويغا ھۆكمەت چولاق.

بىغەرەزدىن بەخت قاچار.

بىغەرەز — پادىشاھتىن چوڭ.

بىكار گەپ قىلىش — ئەخمەقنىڭ ئىشى.

بىلگۈسى كەلگەن سوراپ بىلەر.

بىلمىگەن ئەيىب ئەمەس،
بىلگۈسى كەلمىگەن ئەيىب.

بىلمىگەننى بىلەي دېسەڭ،
بىلمىگەنلىرىڭگە ئىقرار بول.

بىلىكى چوڭ بىرنى يېڭەر،
بىلىمى چوڭ مىڭنى يېڭەر.

بىلىم بىلگۈچىدە،
ئەقىل سەزگۈچىدە.

بىلىم دېگەن — كۈچ.

بىلىم — ئەقىلنىڭ چىرىغى.

بىۋاپا يار — جېنىغا دار.

## پ

پاراسەتسىز پالاكەتكە يولۇقار.

پاراڭ بار يەردە ساراڭ بار،
ساراڭ بار يەردە باراڭ (بار).

پاقا ئۆزىنىڭ قۇمچاق ئىكەنلىكىنى ئۇنتار.

پاڭغا پىچىرلاپ،
قارىغۇغا ئىمالەپتۇ.

پامپىلىقتىن داڭگال تاپالماپتۇ.

پەمسىز پەلەمپەيدىن يىقىلار.

پوچىنىڭ سۆزىگە ئەخمەق ئىشىنىدۇ.

پۇل تاپقۇچە،
ئەقىل (ئىلىم) تاپ.

«پىشۇرۇپ بېرەيمۇ» دېسە،
«خام يەيمەن» دەپتۇ.

پىتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا ساپتۇ.

## ت

تادان غېمىنى ئۆزى قىلار.

تادان ئوچاققا قارايدۇ،
نادان قازانغا (قارايدۇ).

تادانىنىڭ كۆلكىسى كەلگۈچە،
نادانىنىڭ جېنى چىقىپتۇ.

تاراڭلىغان تۇگمەنىنىڭ ئۇنى يىرىك.

تاشقا يامغۇر كار قىلماس،
نادانغا سۆز كار (قىلماس).

تەرساغا گەپ ئۆتمەس،
تاشقا مىخ (ئۆتمەس).

تەلۋە ئات مىنسە،
تەگرىنى تونۇماس.

تەلۋە تەپسە،
زەنجىر ئۈزۈلىدۇ.

تەلۋە تەلۋىنى كۆرسە،
تايىقىنى يوشۇرۇپتۇ.

تەلۋە تۆر بەرمەس،
ۋالاقتەگكۈر سۆز (بەرمەس).

تەلۋىگە تاياق تۇتقۇزما،
بوۋاققا ئاياغ (تۇتقۇزما).

تەلۋىگە چوماق تۇتقۇزما،
نادانغا مەنسەپ (تۇتقۇزما).

تەلۋىنى قورقۇتماق ــ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرمەكتىن تەس.

تەلۋىنىڭ بېگىم بىلەن نېمە ئىشى.

تەلۋىنىڭ تېرىسى قېلىن.

تەلىم بېرىش ئۈچۈن تەلىم ئېلىش كېرەك.

تەنتەك بىر ئىشنى ئىككى قېتىم قىلار.

تەنتەك تۆرنى بىلمەس.

تەنتەككە تەستەك ھەر جايدا بار.

تەنتەكنىڭ ھەۋەسلىرى پەس،
قولىدىن ياخشى ئىش كەلمەس.

تەنتەكنىڭ يولى ئۆز بېشىغا دۈشمەن.

«تۈتۈپ تۇر» دېسە، يۇتۇپتۇ.

توخۇ ئاق قۇش چىقارمايدۇ.

توخۇ توڭغانسېرى دەرەخنىڭ ئۈچىغا چىقىدۇ.

توخۇ سامان چاچار،
نادان ئەيىبىنى ئاچار.

توخۇنىڭ قانىتى بار، ئۇچالمايدۇ.

توقماق سۇنغاندا توختار،
ئەخمەق هارغاندا (توختار).

تويدىن كېيىن غەزەلخان نېمىگە لازىم.

تۇخۇمى يوق مېكىيان تولا قاقاقلار.

تۆگە بويىغا ئىشىنىپ،
يىلدىن قۇرۇق قاپتۇ.

تۆگىدەك بويۇم بولغىچە،
تۈگمىدەك ئەقلىم بولسىچۇ.

تۆگىگە سولاق كۆرسەتمە،
نادانغا ئويماق (كۆرسەتمە).

تۆگىگە مىنىپ تۆگە ئىزدەپتۇ.

تۈگمەنچىنىڭ پايدىسى غەللە ـ پوستەك،
داققالچىنىڭ پايدىسى ئاھانە ـ تەستەك.

تۈگمەنگە نېمە قۇيساڭ شۇ چىقىدۇ.

تۆگىنى كۆرۈپ، تۆگىنى كۆرمەپتۇ.

تېشى پال ـ پال،
ئىچى تال ـ تال.

تېشىڭنى كىيىم بىلەن بويا،
ئىچىڭنى ئىلىم بىلەن (بويا).

جانلىق نادان ــ ئۆلۈك،
جانسىز ئالىم ــ تىرىك.

جەيھۇن بويىدا ئۇسسۇز.

## چ

چاپىقىنى ئالىمەن دەپ، قارىغۇ قىپتۇ.

چاشقان تۆشۈكىگە پاتمىسا،
قۇيرۇقىغا كەلگۈرەك باغلاپتۇ.

چالا تۇغچى ئادەم ئۆلتۈرەر.

چوڭ بولسا، كىچىك بولماق تەس.

چوڭقۇر دەريانىڭ ئاققىنى بىلىنمەس.

چىللىغاندا كەلمەي،
ئۆزى كەلگەن شەرمەندە.

## خ

خام تېرىنى ئەيلىسە، ئۆلتان بولۇر،
نەپسىنى يىغقان كىشى سۇلتان بولۇر.

خۇيى بار ئات ئېپقاچار،
ۋاپاسىز يار يەپ قاچار.

## د

دادام قازناقتا يوق.

دەرەخ مېۋىسى بىلەن قىممەت.

دەريادىن ئۆتۈپ بولغاندا قېيىقنىڭ كېرىكى يوق.

دوستۇڭ تەمەخور بولسا يالىڭاچ قالىسەن،
ۋاپاسىز بولسا يالغۇز قالىسەن.

دۇتار تارى ساتاردا يوق،
بىلىمسىز كىشى قاتاردا يوق.

دۇتارچى دۇتارچىنى كۆرسە، قولى تىترەيدۇ.

دۈمباقنىڭ ئاۋازى يوغان،
ئىچى قۇرۇق.

دۇنيادا ئەخمەق بولمىسا،
ئەقىل ئىگىلىرى زېرىكىپ قالار.

دۆتكە نەسىھەت كار قىلماس،
قارىغا سوپۇن (كار قىلماس).

دىلىڭغا جەھىل ئورنىسا،
بېشىڭدىن ئەقىل كېتەر.

## ر

رودۇپاي كالتەكتىن قورقار.

## ز

زامان ئەخمەقنىڭ قولىغا قالسا،
نادانغا ئامراق بولۇر.

زەھەردىن شىپا تىلىمە،
ئەسكىدىن ۋاپا (تىلىمە).

زېرەك تېپىپ سۆزلەيدۇ،
قوپال كۆپۈپ (سۆزلەيدۇ).

زېرەك كىشى خۇشامەتنى دوست تۇتماس.

## س

سادىن لاچىن چۈشمەس،
توڭگۇزدىن قوي (چۈشمەس).

سادىنمۇ لاچىن چۈشەر.

ساراڭ ئەقىل تاپسا قوتانغا زەردىۋال تارتىدۇ.

ساراڭ باشنىڭ دەردىنى پۇت تارتىدۇ.

ساراڭ بولساڭ پېرە ئوينات،
ئەل - يۇرتتىن نېرى (ئوينات).

ساراڭ بىلەن سايە تالاشما،
كالۋا بىلەن سۆز (تالاشما).

ساراڭ يۈگۈرگەن يەرگە ساقمۇ يۈگۈرۈپتۇ.

ساراڭدىن سورىمساڭمۇ ئۆزى ئېيتار.

ساراڭغا سوت يوق،
ھارۋىدا خوت يوق.

ساراڭغا سوراق يوق.

ساراڭغا سۆز قاتقۇچە،
ھايۋانغا سۆز قات.

ساراڭغا سۆز قاتما،
قاغىغا ئوق ئاتما.

ساراڭغا شوتا بەرسەڭ ئاسمانغا چىقىمەن دەيدۇ.

ساراڭنىڭ ئەقلى بالادەك.

ساراڭنى باغلاپ قوي،
كىندىكىنى ياغلاپ قوي.

ساراڭنىڭ بازار بىلەن ئىشى يوق،
تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق.

ساراڭنىڭ قىلىقى ئارتۇق.

ساراڭنىڭ كۆلكىسى تۈگىمەس،
ھۇرۇننىڭ ئۇيقۇسى (تۈگىمەس).

ساراڭنىڭ گېپى يوغان،
كونا دۇمباقنىڭ ئۈنى (يوغان).

ساراڭنىڭ ئۆڭ ـ تەتۈرى يوق.

ساراڭنىڭ يېمەيدىغىنى يوق،
چېقىمچىنىڭ دېمەيدىغىنى (يوق).

ساق باشتا بىر خىيال،
تاز باشتا مىڭ خىيال.

ساق بىر كۆلەر،
گاس ئىككى كۆلەر.

سامانلىقتا يىڭنە ئىزدەپتۇ.

سايىسىغا مۇشت ئېتىپتۇ.

سەككىز پۇلغا ئۇنىمىغان ئەخمەق ئالتە پۇلغا ئۇناپتۇ.

سەن ئەخمەقنى بابلىساڭ،
ئەقىللىك سېنى بابلايدۇ.

سوراپ بىلىش ئۇيات ئەمەس،
بىلمەي قېلىش ئۇيات.

سوراپ بىلىشتىن قورقما،
بىلمەي قېلىشتىن قورق.

سوراشتىن ئېرىنگەن ئادەمگە نادانلىق مەڭگۈ ھەمراھ.

سوراقچىدىن قورقما،
تۆگىچىدىن قورق.

سوراقچىدىن تۆگىچى يامان.

سورىغان تاغ ئاشار،
سورىمىغان باغ (ئاشار).

سۇ ئىچكۈك كەلگەندە قۇدۇق كولىغىلى بولماس.

سۆزلىگەن ئەخمەق بولسىمۇ،
ئاڭلىغان ئاڭلىق بولسۇن.

سۈتسىز ئىنەك بەك مۆرەر.

سۈيى يوق ئېرىققا مىراب بوپتۇ.

سېنىڭدىن كۆپ بىلسە،
كىچىكتىنمۇ ئۆگەن.

ق

قاپاقنى دەپ باراڭلىق سېتىۋاپتۇ.

قاراپ تۇرۇش بىلەن ھۈنەر ئۆگىنىش مۇمكىن بولسا،
ئىت ئالىلىقاچان قاسساپ بولار ئىدى.



ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

قارىغۇ توخۇغا بەرى دان.

قارىغۇغا چىراغنىڭ كېرىكى يوق.

قارىغۇغا سۈرمىنىڭ نېمە كېرىكى.

قارىغۇغا كۈنمۇ ئوخشاش،
تۈنمۇ ئوخشاش.

قارىغۇغا ھەمىشە قاراڭغۇ.

قارىغا سوپۇن، دۆتكە نەسىھەت كار قىلماس.

قازاندا بولسا، چۆمۈچكە چىقار.

قازاندا نېمە بولسا،
چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ.

قوپسا مورىنى ئۆرۈپتۇ،
ياتسا بورىنى (ئۆرۈپتۇ).

قولىدىكىنى قىرىق قېتىم ئىزدەپتۇ.

قېرى ئات چۆنەك بۇزماس.

قېشىنى تۈزىمەن دەپ،
كۆزىنى چىقىرىۋاپتۇ.

قىرچاڭغۇ ئات سەمرىسە،
تۇتۇق بەرمەس.

## ك

كاسىپ قىرىسا، ھۈنىرىمۇ قىرىيدۇ.

كاككۇك ئۆز ئىتىنى چاقىرار.

كاكىلىشى بىر تۇخۇم،
ۋاي - ۋۇي ئۇنىڭ قاقاقلىشىنى!

«كاللا» دېسە،
«پاقالچاق» دەپتۇ.

كالۋا تاش سانىسا،
زېرەك قوم سانار.

كەپتىرى يوقنىڭ پەغىزى يوغان،
موخوركىسى يوقنىڭ قەغىزى (يوغان).

كەكلىكنىڭ مېڭىشىنى ماڭىمەن دەپ،
قارغا مېڭىشىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ.

كۆپ قىرىنىڭ ئىچىدە بىر بالا دانا بولىدۇ،
كۆپ بالىنىڭ ئىچىدە بىر قېرى بالا بولىدۇ.

كۆپ كۆرگەن كۆپنى بىلەر،
كۆپ سۆزلىگەن نېمىنى (بىلەر)؟

كۆپ مىياۋلىغان مۈشۈك چاشقان تۇتالماس.

كۆپ ياشىغاندىن سورىما،
كۆپ كۆرگەندىن سورا.

كۆرەڭ ئاغزىدا شەھەر ئېلىپ،
ئوسۇرۇقىدا سېپىل سوقار.

كۆرەلمەسنىڭ كۆتىگە تەپ،
غىلتاڭ يەرگە سۇنى سەپ.

كۆرەلمەسنىڭ كۆتىگە ئۇر،
يېيەلمەسنىڭ چىشىغا ئۇر.

كۆرەلمەسنىڭ كۆزىنى ئوي.

كۆرەلمەسنىڭ كۆتى ئوچۇق.

كۆرەلمەسنىڭ ئىچى زەھەر.

كۆز ـ كۆز قىلما، كۆز تېگىدۇ،
ماختانچاقىقا سۆز (تېگىدۇ).

كۆزگە يېقىن كۆڭۈلگە يېقىن،
كۆزدىن يىراق كۆڭۈلدىن يىراق.

كۆنچىنىڭ پىرى يوق،
ئىككى تېرىسىنىڭ بىرى يوق.

كۆچ ھەممىنى ئېگەر،
ئەقىل كۆچنىمۇ يېڭەر.

كۆچۈڭگە (ئاقچاڭغا) ئىشەنگۈچە، ئەقلىڭگە ئىشەن.

كۆچىگە ئىشەنگەن تاياق يەيدۇ.

كۆزدە كۆچۈلا ئىزدەپتۇ.

كېتىدۇ جاھاننىڭ كارى،
تۈگەيدۇ غەمنىڭ بارى.

كېرىلگىنىڭ كۆل بولغاي،
يېرىلغىنىڭ يەر (بولغاي).

كىشى ھىيلە بىلەن قىلسا غۇرۇر،
ئايىغى تەرەپتىن ساماندەك قۇرۇر.

كىشىگە قىلساڭ ئىزا،
خانۇ مانىڭدىن بىزا.

كىگىز پايپاققا نال قېقىپتۇ.

كىيىمگە قاراپ قارشى ئالىدۇ،
ئەقلىگە قاراپ ئۇزىتىدۇ.

## گ

گالۋاڭ مۆھلەتكە يارىماس،
پاكار سۆلەتكە (يارىماس).

گالۋاڭ يولۇچى قاشاڭ ئات مىنەر.

گالۋاڭغا گالۋاڭ ياخشى.

گەپنى قىلماڭ تەلۋىگە،
تەلۋە ئامراق غەلۋىگە.

گۆھەرنى تاشقا ئۇرما،
ۋىجداننى مەنسەپكە (ئۇرما).

## م

ماختىغان قىز مەرىكىدە ئوسۇرۇپتۇ.

مەن پىچاق بولاي،
سەن گۆش بول.

مەن كۈلگۈچە،
سەن تېلىقىپ تۇر.

مەن يوقاتقان بولاي،
سەن تېپىۋالغان بول.

مەنمەنلىك كېلەر پۈلدىن،
ئازدۇرار سېنى يولدىن.

موللا تولا بولسا،
قوي هارام ئۆلەر.

مۈشەققەتسىز هۈنەر يوق.

مېۋىسى تولا دەرەخ ئېگىلىپ تۇرىدۇ.

مېۋىسىز دەرەخكە كىم باقىدۇ،
مېۋىلىك دەرەخكە هەر كىم چالما ئاتىدۇ.

مېۋىلىك دەرەخ ئېگىلىپ تۇرار،
مېۋىسىز دەرەخ گىدىيىپ (تۇرار).

مىنگىنىڭ كىشىنىڭ بىيىسى،
ئەتە كېلەر ئىگىسى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ناچار يەرگە سۇ بىكار،
نادان كىشىگە سۆز (بىكار).

نادان ئات مىنسە چىپىپ ئۆلتۈرەر.

نادان ئادەم ماختانچاق كېلەر،
بىلىمسىز ئادەم پوچى (كېلەر).

نادان ئادەم — پەردىسى يوق ساز.

نادان ئادەم — كۆزى ئوچۇق قارىغۇ.

نادان ئامبال يۇرت بۇزار.

نادان ئەلنىڭ موللىسى — هاراملىق.

نادان ئەلنىڭ نەسلى قۇرار.

نادان بەرگەن گۆھەردىن،
ئاقىل بەرگەن هۈنەر ياخشى.

نادان بولماق — گۇل بولماق،
ئۆز ئىشىغا قۇل (بولماق).

نادان بىلەن گەپ تالاشقۇچە،
ئىت بىلەن سۆڭەك تالاش.

نادان بىلەن يۈرمە،
نومۇسۇڭنى تۆكمە.

نادان بىلمەس ئۆزىنى،
ئويلاپ قىلماس سۆزىنى.

نادان بىلىم قەدرىگە يەتمەس.

نادان پادىشاھ ئەقىللىك ۋەزىرىنىڭ ئويۇنچۇقى.

نادان پادىشاھ جاھاننى تار قىلىدۇ،
بىلىملىكنى خار (قىلىدۇ).

نادان تۈلكە قاپقانغا يۈگۈرەر.

نادان تېگى يوق ھاڭنى «قاراڭغۇ» دەيدۇ.

نادان سۆز قىلسا،
دانا ئىبرەت ئاپتۇ.

نادان كىشىنى ماختىسا،
سىناق ۋاقتىدا مات بولىدۇ.

نادان گالغا ئامراق،
ئەقىللىك مالغا (ئامراق).

نادان گەپ بېرەر،
ئەقىللىق نەپ بېرەر.

نادان گۈلگە يۇگۇرەيدۇ،
زېرەك مېۋىگە (يۇگۇرەيدۇ).

نادان ئۆزىگە ئۆزى دۈشمەن.

نادان ئۆي تۇتسا،
ئاقىل جاھان تۇتار.

ناداندا بوي بار،
تاداندا ئوي (بار).

ناداندىن دوستلۇقنى ئۈمىد قىلما.

نادانغا ئەمەل تەگسە قوتانغا زەردىۋال تارتىپتۇ.

نادانغا بېرىلگەن مەنسەپ — كىچىك بالىغا تۇتقۇزۇل-
غان ئۇستىرا.

نادانغا سۆزلىگەن ئىسسىت سۆزۈم،
ئۆلۈككە يىغلىغان ئىسسىت كۆزۈم.

نادانغا سۆھبەت ياراشماس،
بىلىملىككە تۆھمەت (ياراشماس).

نادانغا قىلغان سۆز — ئۆلۈككە يىغلىغان كۆز.

نادانغا مەنسەپ تەگسە،
ئاۋامغا زەخمەت يەتكۈزەر.

نادانغا مۆڭگۈز بەرسە،
ئۈسۈپ ئۆلتۈرەر.

نادانغا ئۆلپەت بولغان قان يۇتار.

نادانغا يۈز بەرمە،
ئابدالغا سۆز (بەرمە).

نادانلىق قاراڭغۇلۇقتىن يامان.

نادانلىق نامراتلىقنى چىللايدۇ،
ھورۇنلۇق مۇشەققەتنى (چىللايدۇ).

نادانلىقنىڭ ئاقىۋىتى گادايلىق.

نادانلىق — چۆلدە ئۆسكەن قامغاق.

نادانلىق — خارلىق.

نادانلىق — قاراڭغۇلۇقتىن يامان.

نادانلىق — يۇقۇملۇق كېزىك،
ئەقىل بولمىغاي، ئۇنىڭغا سېزىك.

ناداننى تادان باشقۇرار،
تاداننى جاھان (باشقۇرار).



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نادانني تادان ئوڭلار،
هارۋىنى كاتاڭ (ئوڭلار).

نادانني توسما، هارغاندا توختايدۇ.

نادانني دورىما،
ئاقىلنى خورلىما.

**نادانىڭ بېشىغا مىڭ گۆچە،**
**ئەقىللىكنى بېشىڭغا مىندۇر.**

نادانىڭ ئۇيقۇسى تاتلىق.

نەپسىگە ئەگەشكەن ئەخمەقلىق — پالاكەت تېگىدە ياتماقلىق.

هاماقەتتىن قۇتۇلۇپ،
قاباھەتكە تۇتۇلدۇم.

هاماقەتنىڭ بۇرنى ساختىپەزنىڭ قارمىقىدا.

«هارماڭ» دېسە،
«خامان باقتىم» دەپتۇ.

هەر كاللا — بىر دۇنيا.

ھەر كاللىدا ھەر خىيال،
دۆت كاللىدا مىڭ خىيال.

ھەرگىز ئىيتما ئەخمەققە،
زادى ئالماس قۇلاققا.

ھۆكۈم سۈرسە نادانلىق،
ئەلگە بولماس ئاراملىق.

ھۆكۈم سۈرسە نادانلىق،
داناغا يوق ئامانلىق.

ھىيلىگەر سامان تېگىدىن سۇ قويار.

## ئو

ئوقۇدۇم دېگىچە،
بىلدىم دېگەن.

ئوقۇرنى بىلمىگەن ئۆي — تەلۋە.

ئوقۇماقنىڭ كېچە ـ كۈندۈزى يوق.

ئوقۇماق يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازماق.

ئولتۇرسا تاۋاقنى سۇندۇرىدۇ،

قوپسا ئۇرىقنى (سۇندۇرىدۇ).

ئويچى ئوي ئويلىغىچە،
تۆگىچى سۇدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

ئويناپ ئۆگەنمەي،
ئويلاپ ئۆگەن.

## ئۇ

ئۇخلاپ چۈش كۆرۈپتۇ،
ئىككىنى ئۈچ كۆرۈپتۇ.

ئۇققانغا بىر سۆز،
ئۇقمىغانغا مىڭ سۆز.

## ئۆ

ئۆچكىدىمۇ ساقال بار.

ئۆزگىگە ئۆگەت — ئۆزۈڭ ئۆگەن.

ئۆزۈڭ ۋاپاسىزلىق قىلىپ،
ئۆزگىدىن ۋاپا كۈتمە.

ئۆزى بولالماپتۇ،
بولغاننى كۆرەلمەپتۇ.

ئۆزىنى بىلگەن كىشىگە خار ئەمەس.

ئۆزىنى بىلمىگەننىڭ بۆرىنىڭ بېزىنى ئال.

**ئۆزىنى سورىغان قازى ئىشىكىگە بارماپتۇ.**

ئۆزىنى سورىغان يۇرت سورار.

ئۆزىنى سورىغان — شەھەرگە سۇلتان،
ئۆزىنى سورىمىغان — ئۆتۈككە ئۇلتان.

ئۆكۈز بىلەن تەڭ بولىمەن دەپ،
پاقا يېرىلىپ كېتىپتۇ.

ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۆگىنىش كېرەك.

ئۆلگەندىن كېيىن تېۋىپ كېرەك ئەمەس.

ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇپتۇ.

ئۆلۈككە يىغلىغان ئىسست كۆزۈم،
نادانغا سۆزلىگەن ئىسست سۆزۈم.

ئۆمۈچۈك ئۆملەيدۇ،
ئۆملىگەننى كۆرەلمەيدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆي كۆيگەندىن كېيىن قۇدۇق كولىغىلى بولماس.

ئۆيىنى ئايلىققا بېرىپ،
بۇرنىنى ئۇششۇتكەن دەللە.

# ۋ

ۋاپا تاق، جاپا جۈپ.

ۋاپادار بولساڭ پاناھ تاپىسەن،
بىۋاپا بولساڭ بالا (تاپىسەن).

ۋاپاردارلىق — مەردنىڭ ئىشى،
ۋاپاسىزلىق پەسنىڭ ئىشى.

ۋاپاسىز ئادەمدىن ۋاپالىق ئىت ياخشى.

ۋاپاسىز ئەردىن ھوسۇللۇق يەر ياخشى.

ۋاپاسىز يار — پىلىكى يوق شام.

ۋاپاسىزدا ھايا بولماس،
ھاياسىزدا ۋاپا (بولماس).

ۋاپاسىزدىن ۋاپا كۈتمە،
دۈشمىنىڭگە تىز پۈكمە.

ۋاپاسىزغا بېشىم ئاغرىدى دېمە.

ۋاپاسىزنى يار تۇتما.

— ۋاپاغا جاپا بارمۇ؟
— ئىزدىسە تېپىلار.

ۋەدىسىدە تۇرمىغاننىڭ يۈزى يوق.

ۋىجدان ئالدىدا سۆكۈلمىگەن،
شۆھرەت ئالدىدا پۈكۈلۈپتۇ.

ۋىجدانسىزنىڭ قىممىتى يوق،
مەردنىڭ مىننىتى (يوق).

ۋىجدانسىزنىڭ گۈلى بولغۇچە،
مەردنىڭ قۇلى بول.

ۋىجدانسىزنىڭ ۋاپاسى يوق،
ۋىجدانلىقنىڭ جاپاسى (يوق).

ۋىجدانلىق يىگىت يولدىن ئازسىمۇ،
يۇرتىدىن ئازماس.

ۋىجدانلىقنىڭ قەدرىگە يەت،
ۋىجدانسىزنىڭ كۆتىگە تەپ.

## ئې

ئېشەك تەخىيگە ئېشەكلىكتىن باشقىنى ئۆگەتمەيدۇ.

ئېشەك تۆگىگە يول باشلاپتۇ.

ئېشەككە ساتارنىڭ كېرىكى نېمە.

ئېشىكىنى يىتتۈرۈپ قويۇپ،
تاقىسىنى ئىزدەپتۇ.

ئېغىزىدىن كەلگەننىڭ ھەممىسى قولىدىن كەلسە،
بارچە ئادەم پادىشاھ بولۇر.

ئېغىر تاشنى سۇ ئالماس.

ئېغىر - بېسىق بولساڭ، خىزىر بولارسەن.

ئېغىرلىق — راھمانلىق،
يېنىكلىك — شەيتانلىق.

ئېگىز گالۋاڭنىڭ بېشى زېدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئى

ئىت چورۇق يەيدۇ،
ئۆزى يالاڭ ئاياغ يۈرىدۇ.

ئىچى تولمىسا، تېشىغا چىقماس.

ئىش بىلگەن ئىشنى ھاردۇرار،
ئىش بىلمىگەن ئۆزىنى (ھاردۇرار).

ئىش پەم بىلەن،
ئىشىك دەم بىلەن.

ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ.

«ئىشىكنى ئېچىڭ» دېسە، مورىنى ئۆرۈپتۇ.

ئىلىمسىز ئادەم ــ مېۋىسىز دەرەخ.

ئىلىم ــ تۈگىمەس كان.

ئىنەكنى تۇغدۇرۇپ سۈت ئال،
گالۋاڭنى ئىشلىتىپ كۈچ ئال.

ئىنچىكە يىپمۇ تۆگىنى يېتىلەيدۇ.

# ي

يا ئۆزى قىلالمايدۇ،
يا كىشىنى كۆرەلمەيدۇ.

يار ئەتسەڭ يىنىڭدىمەن،
يار ئەتمىسە يەمەندىمەن.

يامانغا ئۆلۈم يوق،
ياخشىغا كۈن (يوق).

«ياغ يوق» دىسە، «پوشكال» دەپتۇ،
«پۇل يوق» دىسە، «گۆش ئەكەل» دەپتۇ.

يەتمىش ياشلىقمۇ يەتتە ياشلىقتىن ئۆگىنىدۇ.

يەنە دىسەم يەنە دەيدۇ،
ئاستا دىسەم بەك (دەيدۇ).

يەنە دىسەم يەنە شۇ،
ئاتام ئىيتقان بايىقى.

يەي دىسە چىشى ئاغرىيدۇ،
بىرەي دىسە ئىچى ئاغرىيدۇ.

www.uyghurkitap.com

يوق بولسا، تۆكۈلمەس.

يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەپتۇ.



# ھەق - ناھەق، ھالال - ھارام، خۇشامەت، تەييارغا ھەييارلىق توغرىسىدا

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى www.uyghurkitap.com

# ئا

ئابدال سەمرىمەس، ئوغرى بېيىماس.

ئابدال قوينىغا يىغار،
بۇقا بوينىغا (يىغار).

ئابدال كەلسە كەلسۇن،
بۆز خالتىسى كەلمىسۇن.

ئابدال گال باقار،
باخشى پال باقار.

ئابدال نان تاپالماس،
نان تاپسا قاچا تاپالماس.

ئابدال يامانلىسا خۇرجۇنغا زىيان،
يەڭگەم يامانلىسا بوغچىسىغا (زىيان).

ئابدالغا كەپسەن بەرسە،
«تارازاڭ راستمۇ» دەپتۇ.

ئابداللىرى بىزنىڭكىدە،
خۇرجۇنلىرى سىلىنىڭكىدە بوپتۇ.

ئابدالنىڭ دوستلۇقى — مەھەللە كۆرۈنگۈچە.

ئابدال ئات مىنىپ «باي بولدۇم» دەپتۇ.

ئابدال پادشاھ بولسىمۇ تىلەپ يەپتۇ.

ئابدال سەمرىمەس،
ئوغرى بېيىماس.

ئابدالنىڭ پەدىسى تۈگىمەس،
يالغانچىنىڭ ئەتىسى تۈگىمەس.

ئات ئىگىسىنى كەينىگە مىنگەشتۈرمەپتۇ.

ئاتنى مىنىپ ئىشەك ئالدىغا كەپتۇ.

ئاتنىڭ ياخشىسى يورغا،
ئادەمنىڭ ئەسكىسى دورغا.

ئادەم باقساڭ، مەيدە داغلار،
ھايۋان باقساڭ، ئېغىز مايلار.

ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە،
ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا.

ئادىل بەگنىڭ تۇغقىنى يوق.

ئارقامدىن دېگەنلەر،
تېزىكىمنى يېگەنلەر.

ئاسماندىكى ئايغىمۇ ئوغرىنىڭ پىكرى بار.

ئاش ئاز،
بىسمىللا كۆپ.

ئاش بەرگەنگە مۇشت بېرىپتۇ.
ئاش تېرىماي ئاق نان يەپتۇ،
قوي باقماي پاقلان (يەپتۇ).

ئاشنىڭ ئالىسى قورساق ئاغرىتار،
سۆزنىڭ ئالىسى كۆڭۈل (ئاغرىتار).

ئاغرىمىغان بېشىمغا ئالتە تاياق.

ئاغزى قايماق،
كۆڭلى مايماق.

ئاغزىدىن ھەسەل تامىدۇ،
كۆڭلىدىن زەھەر (تامىدۇ).

ئاق قۇشقاچ بېقىمچى،
ئەسكى ئادەم چېقىمچى.

ئاقساق ئۆچكە قويدىن ئىلگىرى.

ئالدىدا قول قېقىشىپتۇ،
ئارقىدىن پۇت تېپىشىپتۇ.

ئالدىدا كەلگەنلەر گۆشكە تويۇپتۇ،
ئارقىدا كەلگەنلەر مۇشتقا (تويۇپتۇ).

ئالدىنقىسىنى غوجا ئاپتۇ،
كېيىنكىسىنى دورغا (ئاپتۇ).

ئالىمەن دەپ قوشلاپ بېرىپتۇ.
ئانىسى تەپكەن موزاينىڭ تېنى ئاغرىماس.

ئانىنى ئۇرساڭ ئۇۋالى يوق.

ئاۋۋالقىسىنى بوران ئاپتۇ،
كېيىنكىسىنى شامال (ئاپتۇ).

ئاينى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولماس.

## ئە

ئەركىلەرگە كۈندە مەشرەپ، كۈندە توي،
غېرىبلارغا كۈندە ھەسرەت، كۈندە ئوي.

ئەزرائىل جان دەيدۇ،
بەش بالا نان (دەيدۇ).

ئەسكى ئۆزىنى بىلمەس،
كىشىنى كۆزگە ئىلمەس.

ئەسلىي شەيتاندىن،
ئادىمىي شەيتان يامان.

ئەگرى نوغۇچ تاراقلايدۇ،
ئەسكى ئادەم ۋالاقلايدۇ.

ئەگرى نوغۇچ تاراقلايدۇ،
جا موللام ۋالاقلايدۇ.

ئەڭلى يامانىنى پىت بىلۇر،
نىيىتى يامانىنى ئىت (بىلۇر).

ئەلگە دۇشمەن بولساڭ،
ئەل ئىچىگە كىرەلمەيسەن.

ئەلنى ئالدىغان ئۆزىنى ئالدار.

## ب

بار كەتمەننى مەن چاپسام،
هۆپۆپ كېلىپ ئۇھ تارتتى.

بار كەتمەننى مەن چاپسام،
يېتىپ يەيدۇ باي غوجام.

باشقىلارنى قەستلىگەن،
ئۆزىنى قەستلەپتۇ.

باشقىلارنىڭ ئالا تاغ،
ۋاي مېنىڭ يۈرەككە داغ.

باغلاقلىق ئارسلاننى توشقان بالىسىمۇ تېپەر.
بايغا داۋاگەر بولساڭ ئۆزۈڭگە دۈڭگىلەر.

بەتتەم قوغۇننىڭ ئۇرۇقى تولا،
ئويلانماي قىلغان ئىشنىڭ سورىقى (تولا).

بەتنىيەت خۇينى قويماس.

بەتنىيەتنىڭ قازىنى تۆشۈك.

بەتنىيەتنىڭ يولى تار.

بۇغداي تېرىدى قادىر،
ئاق ناننى يېدى سادىر.

بۆرە قېرىسا،
كۈچۈككە بوزەك بولار.

بۆشۈكتە كىرگەن خۇي،
ئۆلگەندە چىقار.

بۆكىگە جىگدە سېلىپ،
بۇرۇتنى يېكەندە ئاپتۇ.

بېزەپ ئېغىزدىن سېسىق سۆز چىقار.

بېشىڭغا بالا كەلسە،
كۆرمەكتىن باشقا چارە يوق.

بېلى ئاغرىماسنىڭ نان يېيىشىگە باق.

بېلى ئاغرىمىغاننىڭ يېنى ئاغرىماس.

بېلى بوشنىڭ قورسىقى ئاچ،
هۇرۇندىن نېرى قاچ.

بىر تاغار خۇشامەتتىن،
بىر ئېغىز ھەقىقەت ياخشى.

بىر يەردە ئىچىشكىمۇ سۇ يوق،
بىر يەردە كېچىشكىمۇ سۇ بار.

بىرنى بېرىپ ئوننى ئاپتۇ.

بىرنى كۆرۈپ،
بىرىدىن كېچىپتۇ.

بىكار كەلگەن مال ئەمەس،
ئىسراپچىلىقتىن خالىي ئەمەس.

بىكار، بىكاردىن خۇدا بىزار.

بىكاردىن ئات تاپقانلار،
كاسام ئاغرىدى دېمەس.

# پ

پارا كەلسە دەم تارتار،
پاش بولۇشتىن غەم (تارتار).

پىتنە تاپىدىغان راست گەپتىن،
پىتنە باسىدىغان يالغان گەپ ئەۋزەل.

پىتنە ـ پاسات بەتلەكلىك مىلتىقتىن يامان.

پىتنە ـ ئىغۋا داۋان ئاتلايدۇ.

پىتنە ـ ئىغۋا كۆپ بولسا،
ئوك ئىش تەتۈرگە ئايلىنار.

پىتنىخور تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرەر.

پىتنىخور تىرناقتىن تۈك ئىزدەيدۇ.

پىتنىخور شەيتاننىڭ شېرىكى.

پىتىنخورنىڭ سۆزى يامان،
سۆزىدىنمۇ ئۆزى (يامان).

پىتىنخورنىڭ كۆڭلى قارا.

## ت

تاپالىساڭ هالال يە،
تاپالمىساڭ شامال (يە).

تارتقىنىم جەبىر ـ جاپا،
ئاڭلىغىنىم تەنە ـ تاپا.

تاغدىن تاش توشۇپ نان يېيىش،
خۇشامەتچىلىك قىلىپ جان بېقىشتىن ئەلا.

تام تاغارنى يۆلەپتۇ،
ئاغرىق ساقنى (يۆلەپتۇ).

تاۋار چاپانغا مەشۇت ياقا،
مايماق ئېشەككە ئالتۇن تاقا.

تەر تۆكۈپ ئارپىغا ئۇلگۇردۇم،
ئىش قىلىپ تاپىغا (ئۇلگۇردۇم).

تەرساغا گەپ ئۆتمەس،
تاشقا مىخ (ئۆتمەس).

تەمە بىلەن جان باققىلى بولماس.

تەمەخور ھەجگە بارسا ھېجىرنى ئېلىپ بارار.

تەمەخوردا ئىمان قالماس.

تەمەخوردا يۈز يوق.

تەمەخورنىڭ چىرايىنىڭ خۇنى يوق،
گەپ قىلسا ئۇنى (يوق).

تەمەخورنىڭ قازىنى تۆشۈك.

تەمەخورنىڭ كۆزى تويماس.

تەمەخورنىڭ كۆزىدىن قورق،
ھىيلىگەرنىڭ سۆزىدىن (قورق).

تەمەخورنىڭ ھەسرىتى تۈگىمەس،
تىلەمچىنىڭ ھەسىتى (تۈگىمەس).

تەمەخورنىڭ تۈۋى كامار.

توقسۇندا ئات چاپسا،
پاتقىقى ماڭا چاچرار.

توكۇر ئاتقا تۆمۈر تاقا،
ئەسكى چاپانغا سۆسەر ياقا.

توۋا گۇناھنى يەر،
سەدىقە بالانى (يەر).

تۇزنى يەپ،
تۇزلۇقنى چېقىپتۇ.

تۇل خوتۇن گەپكە ئامراق،
تەمەخور نەپكە (ئامراق).

تۆرنى مۇشۇك ئالدى، بوسۇغىنى ئىت،
چېقىشنى بۆرگە چاقتى، تۇتۇلدى پىت.

تۆگە بوتىلىسا ئۇن ـ تىنسىز،
توخۇ تۇخۇم تۇغسا قاقاقلار.

تۆھمەت باشنى يارىدۇ.

تۆھمەتخور بىلەن ھەمسەپەر بولما.

تۆھمەتخور تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەيدۇ.

تۆھمەتخور، تۆھمەت بىلەن ئۆلەر.

تۆھمەتخوردا كۆز يوق،
مۇتتەھەمدە يۈز (يوق).

تۆھمەتخورلار ئانت ئىچەر،
قارانىيەتلەر قان (ئىچەر).

تۆھمەتنىڭگە تۆھمەت قىلاي،
تۆھمەتنىڭ ھەيران قالسۇن.

تۇگمەنگە مەن بارسام،
چېقىلدۇرغۇسى سەن بوپسەن.

تىلەمچى بەرگەننى ئالار،
دېھقان تەرگەننى (ئالار).

تىلەمچىدىن توغرامچى سوراپتۇ،
دىۋانىدىن ئالدامچى سوراپتۇ.

تىلەمچىگە پۇل بەرسە ساناپ ئاپتۇ.

تىلەمچىگە تەرخەمەك بەرسە «ئەگرى ئىكەن» دەپتۇ.

تىلەمچىنىڭ خالتىسى تولماس،
خالتىسى تولسىمۇ كۆزى تويماس.

تىلەمچىنىڭ خالتىسى چوڭ،
ئابدالنىڭ قامچىسى (چوڭ).

تىلەمچىنىڭ كۆزى تويماس،
ئاتا تويغانغا بالا تويماس.

تىلەمچىنىڭ يانچۇقى — تېگى يوق ھاڭ.

تىلمۇالغان تىزىغا يەتمەپتۇ.

# ج

جاپا تارتقانغا توقۇزنى بېرىك،
يېنى ياتقانغا ئوتتۇزنى (بېرىك).

جاغدا قېرىماس،
ئوغرى بېيىماس.

جاھاننى ئالدى قونتاجى.

# چ

چاشقان تۆشۈك كولار،
پاقا ئېگىلەر.

چىننىنى مۇشۇك سۇندۇرسا،
كېلىننى تىللاپتۇ.

# خ

خەلپە بىلەن قازى دوست بولسا،
جاھان قاراڭغۇلىشار.

خۇشامەتچى بولماي دېسەڭ،
تەمەخور بولما.

خۇشامەتچى بېلىدىن قېرىيدۇ،
ماختانچاق ئاغزىدىن (قېرىيدۇ).

خۇشامەتچىدە نومۇس بولماس،
قىلغان ئىشى دۇرۇس (بولماس).

خۇشامەتچىگە يول قويغاننىڭ ئۆمرى قىسقا.

خۇشامەتچىنىڭ بازىرى كاساتلاشسا،
سۆڭەك غاجايدۇ.

خۇشامەتچىنىڭ تەخسىسى بىللە،
ئالدامچىنىڭ ھىيلىسى (بىللە).

خۇشامەتچىنىڭ چىشى بولمىسىمۇ،
سۆڭەك غاجالايدۇ.

# د

دورغا بىلمىگەن ئۆينى تىلەمچى بىلەر.

دىل ئاغرىقىنى تىل بىلدۈرەر.

دىل نېمىنى كۆزلىسە،
تىل شۇنى كۆزلەيدۇ.

دىلدا پىشمىغان سۆزنى دېمە.

دىلسىز قالغۇچە پۇلسىز قال.

دىلنى تىل ئاشكارىلار.

دىلى ئەگرىنىڭ تىلى ئەگرى.

دىلى بۇزۇق باشقىلاردىن ئەيىب ئىزدەر.

دىلى بۇزۇقنىڭ يېنىدىن ئۆتمە،
دىلى تۈزۈكنىڭ يېنىدىن كەتمە.

دىلى بىرنىڭ تىلى بىر،
تىلى بىرنىڭ غېمى (بىر).

دىلى بىرنىڭ ئىشى بىر.

دىلى پاكنىڭ ئىشى پاك،
دىلى پاكنىڭ تىلى پاك.

دىلى تاتلىقنىڭ تىلى تاتلىق.

دىلى توغرىنىڭ تىلى توغرا.

دىلى زەھەرنىڭ تىلىمۇ زەھەر.
دىلى ساپنىڭ تىلى ساپ.

دىلى قارىنىڭ ھەرىكىتىمۇ قارا.

دىلى كورغا كۆز نەھاجەت.

دىلىدا يوقنىڭ قولىدا يوق.

دىلىڭ تۈزۈك بولسا،
تىلىڭمۇ تۈزۈك بولۇر.

دىلىڭدا نۇر بولسا،
چىرايىڭ نۇرلۇق بولۇر.

دىلىڭدا نېمە بولسا،
تىلىڭغا شۇ چىقار.

دىۋانىنىڭ دوستلۇقى دەرۋازا كۆرۈنگۈچە.

# س

ساختىپەز سەيلىگە چىقسا،
بوستاندا بۇلبۇل سايرىماس.

ساختىپەز ناداننى تاپار،
بىلىملىك ئادەمنى (تاپار).

ساختىپەزدە بەرىكەت يوق،
زومىگەردە شەپقەت (يوق).

ساختىپەزدىن تۇخۇم ئالساڭ ئىچىدىن سېرىقى چىقماس.

ساختىپەزنىڭ سىرى تىلىدا،
پۇختا ئادەمنىڭ سىرى دىلىدا.

سالاغا كەتكەن قېرىندىشىم.

سائىلنىڭ پەنجىسى تولماس،
تەمەخورنىڭ نەپسى تويماس.

سايدا تۇلكە تولا،
تەخسىكەشتە كۆلكە (تولا).

سېغىزخاننىڭ ئۇۋىسىنى تورۇلغا تارتىۋاپتۇ.

سېمىز كالا ئورۇق كالىنى يەپ ئۆلتۇرەر.

سىنىڭ ئۆيۈڭدە يورۇغان چىراغ،
مېنىڭ ئۆيۈمدە يورۇماسمۇ؟

## ش

شار ـ شار ئات كۆتۈرەر،
مىس ـ مىس پۇت (كۆتۈرەر).

شامالنىڭ ئىزى يوق،
تۆھمەتخورنىڭ يۈزى (يوق).

## غ

غوزا كېۋەزدىن چىگىت چىقماس،
ناجىنىستىن يىگىت (چىقماس).

## ق

قارا نىيەتنىڭ يۈزى يوق.

قارا يەردە قان تۇرماس.

قارانىيەت ئادەمنىڭ دۈمبىسىدىن تۆشۈك ئاچسىمۇ، ئىچىگە يورۇق چۈشمەيدۇ.

قارانىيەت ئەمەلنى جانغا تېگمشەر.

قارانىيەت قازىدىن ئوغرى ياخشى.

قارانىيەتنىڭ تامىقى تۆشۈك.

قارانىيەت — قان ئىچەر.

قازانغا قويغان ياغ تۆت سەر،
پۈرايدىغان ئەرۋاھ سەكسەن ئالتە.

قازاننىڭ تۈۋى قارا،
تۆھمەتخورنىڭ دىلى (قارا).

قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيۇپتۇ.

قەلەندەر ئاتقا مىنسە،
چىقمىغان دۆڭ قالماپتۇ.

قەلەندەر ئاش تاپسا سالغىلى قاچا تاپالماپتۇ.

قەلەندەر بولساڭمۇ،
ئوغرى بولما.

قەلەندەر پادىشاھ بولسا كۈندۈزدە چىراغ ياقىدۇ.

قەلەندەر ئىتتىن قورقماپتۇ،
يالاڭ ئاياغ سۇدىن (قورقماپتۇ).

قەلەندەرنى جەننەتكە كىر دېسە ئىشىكنى يېتىلەپ كەپتۇ.

قورۇنغانغا قۇرت چىچار.

قۇلان قۇدۇققا چۈشسە،
پاقا ئايغىر بولۇر.

قۇۋلۇق شۇملۇقنى كەلتۇرەر.

قىزنىڭنى ئالغۇچە قىرنىڭدىن ئۆتەي،
ئالغاندىن كېيىن جېنىڭدىن ئۆتەي.

ك

كاتتىباشتىن تەخسىكەش يامان.

كاززاپ نەپ بەرمەس،
ساختىپەز گەپ (بەرمەس).

كاسكى ئىتنىڭ چىشى بۇرۇن چۈشىدۇ.

كوسىغا تارغاق كەتمەس،
تەمەخورغا باغاق (كەتمەس).

كىشىگە جىگدە ئىرغىتقان ئۆزى قوروق قالار.

كىشىگە سانىساڭ ئۆزگە،
قاشقا سانىساڭ كۆزگە.

## گ

گەپ قىلالمايدۇ،
غەزەلگە ئۇستا.

گەپ قىلساڭ تىلىڭنى كېسىمەن،
قارىساڭ كۆزۈڭنى ئويىمەن.

گۈلزارلىقتا ئەتىرنىڭ قەدرى بولماس.

## م

مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك.

مەرگەن قوينىڭ يېمى ئۆكسۈمەس.

مەككار دەرياغا ئاپىرىپ سۇغارماي ئەكەپتۇ.

مەككارغا ئالدانغان مېلىدىن ئايرىلار،
دۈشمەنگە ئالدانغان جېنىدىن (ئايرىلار).

مەككارنىڭ قالقىنى ــ ھىيلە.

مەككارنىڭ مەككارلىقى ياغلىما تىلدا.

مۈز داۋان ئېگىز بولسىمۇ،
ئاسماندىن پەس.

مۈشۈكنىڭ پۇلى يوق بەزگە ئامراق،
قېيىنئانامنىڭ چىشى يوق گۆشكە (ئامراق).

مېھنەت تاپتى بىر تەڭگە،
بىكار تاپتى مىڭ تەڭگە.

مېۋىلىك دەرەخ ئازار يەر.

مىتە ئاشنى بۇزار،
چېقىمچى يۇرتنى بۇزار.

ن

ناپاك مەھرەملىككە يارىماس.

ناجىنسنىڭ دوستى يوق،
نەپسى يامانىنىڭ كۆزى (يوق).

ناچار ئۇرۇقتىن ياخشى ھوسۇل چىقماس.

ناچار ئۆكۈز بويۇنتۇرۇقنى سۇندۇرىدۇ.
ناچار ئېشەك ئىگىسىنى يەرگە ئاتار.

نەپ بولمىسا سۇ ئېگىزگە ئاقمايدۇ،
قۇرۇق گەپ قۇلاققا ياقمايدۇ.

نىيەت خالىس بولسا،
مۇراد ھاسىل بولىدۇ.

نىيەتسىز ئىش ۋۇجۇدقا چىقماس،
يۈرەكتىكى داغ يۈغانغا چىقماس.

نىيەتنىڭ ئالاسى — خۇدانىڭ بالاسى.

نىيەتنىڭ بۇزۇلۇشى — ئاپەتنىڭ باشلىنىشى.

نىيىتى بۇزۇق باشقىلاردىن ئەيىب ئىزدەيدۇ.

نىيىتى يامان گېپىدىن بىلىنەر،
ئۇستا داپچى دېپىدىن (بىلىنەر).

نىيىتى يامان ھەمراھ — باشقا بالا.

نىيىتى يامانىنى ئىت بىلەر،
ئەسكە چاپاننى پىت (بىلەر).

نىيەتى ياماننىڭ چۇشى بۇزۇق،
كۆڭلى قارىنىڭ ئىشى (بۇزۇق).

نىيەتى ياماننىڭ سايىسى ــ ئىت قۇيرۇقىدەك ئەگرى.
نىيەتى ياماننىڭ قازىنى تۆشۈك.

نىيەتى ياماننىڭ كۆڭلى ئالا.

نىيەتى ياماننىڭ يېنىدىن قاچ،
مىننەتخورنىڭ نېنىدىن قاچ.

نىيەتى ياماننىڭ بىر كۇلكىسى تۇزاق.

ھ

ھارام بايلىق جانغا جاپا.

ھارام بايلىق قولدا تۇرماس.

ھارام پۇلدا باي بولماس،
تونۇر كۇلى لاي (بولماس).

ھارام پۇلنىڭ قەدرى بولماس،
تاپقانسېرى نەپسى تويماس.

ھارام تاماق تەنگە سىڭماس.

هارام قوشتۇك ئېشىڭغا،
بالا تاپتىڭ بېشىڭغا.

هارام نەپكە چىقۇن ئولىشار.

هارام نەرسىنىڭ بەرىكىتى يوق.

هارام يەپ باي سەمرىپتۇ،
سۆڭەك يەپ ئىت سەمرىپتۇ.

هارام يېگەن پات يوقىلار.

هارامدىن كەلگەن پۇل ــ زەھەردىن ئاچچىق.

هارامغا هارام كېتەر،
هالالنى زايە ئېتەر.

هارامغا ھېرىس بولما،
هالالنى قولدىن بەرمە.

هارام گۆش يېگەننىڭ ئىچىنى سۇرۇپتۇ.

«هارماڭ» دېسە، هاپاش بوپتۇ.

هاقارەتلىك كۆرۈمدىن ساداقەتلىك ئۆلۈم ياخشى.

هالال ئاش جانغا راھەت،
هارام ئاش جانغا ئاپەت.

ھالال ئاشنىڭ مىننىتى يوق.

ھالال ئىشلىسەڭ دۇنيا تېپىلۇر،
ئالداپ ئىشلىسەڭ كۇنۇڭ سۆرىلۇر.

ھالال يېگەن ئامان بولۇر،
ھارام يېگەن ھالاك بولۇر.

ھالال يېگەن توق يەپتۇ،
ھارام يېگەن پوق يەپتۇ.

ھالال يېگەن نان — تەنگە قۇۋۋەت.

ھالال يېگەننىڭ ساۋابى بار،
ھارام يېگەننىڭ ھېسابى (بار).

ھالالەن — ھېسابەت،
ھارامەن — ئازابەت.

ھالالدا بەرىكەت،
ھارامدىن نېرى كەت.

ھالالدىن ئاش تاپساڭ،
كوچىغا چىقىپ يە.

ھالالدىن ھېساب،
ھارامدىن ئىنساب.

هالالنى خۇدا بەرمىسە،
هارام يېمەي ئۆلەيمۇ.

هالالنىڭ ئېگىسى بار،
هارامنىڭ نېمىسى (بار).

هالالنىڭ يولى بىر،
هارامنىڭ يولى مىڭ.

هالالنىڭ يىلتىزى مىڭ،
هارامنىڭ يىلتىزى بىر.

«هالۋا» دېدى، كالا يېدى سامانىنى،
زامان ئايرىمىدى ياخشى ـ يامانىنى.

ھەسەل ھەرىسىنىڭ زەھەر ياسىشىدىن ھەزەر قىل.

ھەقنى سۆزلىگەن ئۆز ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلەر.

ھەقىقەتنىڭ چىرىغىنى كۆتۈرگەننىڭ قولى كۆيەر.

ھەقنى سۆزلە، يامان بولماس،
رەڭگىرويىڭ سامان بولماس.

ھىيلىگەر كاسىپنىڭ تىلەيدىغىنى ــ كور خېرىدار.

## ئو

ئوچاق بېشىنى مۈشۈك ئالدى،
ئىشىك بېشىنى ئىت (ئالدى).

ئوغلۇمغا بەردىم ئورغاقتەك،
قىزىمغا بەردەم تىرناقتەك.

ئون تازنىڭ توققۇزى ھەييار،
ئون سوپىنىڭ توققۇزى مەككار.

ئون مولۇققا ئون ھاشار،
يۈز مولۇققا بىر ھاشار.

## ئۆ

ئۆتكەمىدىن ئۆتۈپ،
غەلۋىردە توختاپتۇ.

ئۆزى يۈزسىز،
سۆزى تۈزسىز.

ئۆزىنىڭ بېشىدىكى ئوتنى كۆرمەي،
كىشىنىڭ بېشىدىكى چوغنى كۆرۈپتۇ.

ئۆلگەنلەرنى ئەسلەپ يۈرەر،
تىرىكلەرنى قەستلەپ يۈرەر.

ئۆلۈۋىدى، ئەزىز بولدى،
ئىششىۋىدى سېمىز بولدى.

ئۆي ئىگىسىدىن ئوغرى چوڭ،
قاپىقىدىن نوگىيى (چوڭ).

## ئۈ

ئۈجمە ئىرغىتقان شاختا قالار،
يەردە تۈرغان پايدا ئالار.

## ۋ

— ۋاپاغا جاپا بارمۇ؟
— بىرگە ئىككى.

## ئې

ئېچىشقان يەرگە تۇز سېپىپتۇ.

ئېرىقتىكى سۇنىڭ قەدرى يوق.

## ئى

ئىت ئىگىسىنى چىشلەپتۇ.

ئىچەي دېسەڭ يوق،
كېچەي دېسەڭ بار.

ئىچى يامان يېرىلىپ ئۆلەر.

ئىش بىلمەس كەشتىچى بوپتۇ،
ئاش بىلمەس ئۇگرىچى (بوپتۇ).

ئىشلەپ تاپقان ھالال بولىدۇ،
ھارام يېگەننى خۇدا ئۇرىدۇ.

ئىشلەپ يېگەن لەززەتلىك،
تىلەپ يېگەن مىننەتلىك.

ئىغۋاگەرنىڭ سۆزى يامان،
سۆزىدىن بەك كۆزى (يامان).

ئىغۋانى ھەقىقەت يېڭىدۇ.

ئىككى چېقىمچى بىر بولسا،
دانانى داردا كۆر.

## ي

يامان نىيەت ـــ باشقا بالا.

يامان نىيەت ـــ يورۇققا چىقماس.

يامان ئېشەك ئىگىسىنى يىقىتار.

يانچۇقۇمدا پۇلۇم يوق، كۆڭلۇم بازارنى تارتىدۇ،
ئېشىكىم ئورۇق دېسەم، يوغان تاغارنى ئارتىدۇ.

يولمۇ تېرىم، چۆلمۇ تېرىم،
خالتا نېمىشقا يېرىم.

يۈز كېتەر گالدىن،
باش كېتەر تىلدىن.

يۈزسىز ئادەم قوۋزاقسىز دەرەخ.

يۈزسىزنىڭ سۆزى تۈزسىز.

يۈزنىڭ قارا بولۇشى ئۇيات ئەمەس،
قارا يۈز بولۇشى ئۇيات.

يېڭى تۇماقنىڭ يىرتىقى يوق،
ھالال ئىشنىڭ پۇتىقى (يوق).

يىتسە تۆلەڭ يوق،
يىقىلسا يۆلەڭ (يوق).

يىقىلغان تام دەۋاننى بېسىپتۇ.



www.uyghurkitap.com



# پۇل - بايلىق، باي -
# كەمبەغەللىك توغرىسىدا

# ئا

ئات بايغا يارىشۇر،
ئاۋات چايغا (يارىشۇر).

ئاتنى ئات قىلغان تو‌ۋرىسى،
بەگنى بەگ قىلغان دورغىسى.

ئاتىقى چىقمىغاننىڭ ئاتىقى چىقسا،
تەرەپ ـ تەرەپكە يول ئالۇر.

ئادالەتسىز پادىشاھنى،
ئادالەتلىك خورلۇق ئۆلتۈرەر.

ئادالەتسىز پادىشاھنىڭ دەۋرانى كوتا.

ئادىل قازى ئۆيدىكى دەۋانى سورىيالماپتۇ.

ئارپا ـ بۇغداي تۇلۇمدا،
يېتىم بالا بۇلۇڭدا.

ئارپىبەدىيان ئىچمىگەنلەر ئەمدى ئىچەر چاي،
تەخەي ـ خوتەك مىنمىگەنلەر ئەمدى مىنەر تاي.

ئارتۇق دۇنيا باشنى يارمايدۇ.

ئاز بولسا ئەپلە،
كۆپ بولسا سەپلە.

ئاز بولسا تاتلىق،
كۆپ بولسا ئاچچىق.

ئاز بولسا ساز بولۇر،
كۆپ بولسا ماز (بولۇر).

ئاز بولسا يېتەر،
كۆپ بولسا كېتەر.

ئاز بولسمۇ كۆپكە تاۋاپ قىل.

ئاستىدىكىنى تالايدۇ،
ئۈستىدىكىنى سىلايدۇ.

ئاكىسى پۇل،
چىمەندە گۈل.

ئالدى باھار،
كەينى غازاڭ.

ئالدى تار،
كەينى تاغار.



ئۇيغۇر كىتاب ئورىكىنى www.uyghurkitap.com

ئالىقانغا تۆك ئۆنسە،
باي غوجام چاكىرىغا بېرەر.

ئامبالنىڭ ئېتىنى سۇغار، پۇلىنى ئال.

ئامبالنىڭ ئىشى چىقسا،
تەتىيىننىڭ سىيگۇسى كەپتۇ.

ئامبىلىدىن تۆگچىسى يامان.

ئامبىلىدىن قورقماي، يايىسىدىن قورق.

## ئە

ئەرزان گۆشنىڭ شورپىسى يوق.

ئەزرائىل جان دەيدۇ،
بەش بالا نان دەيدۇ.

ئەسكى تامدا قۇشقاچ تولا،
كەمبەغەلگە پۇتلاش تولا.

ئەسكى تامنىڭ دەزى تولا،
كەمبەغەلنىڭ قەرزى (تولا).

ئەسكى تۇماقنىڭ ئىچىدە ئادەم بار.

ئەسكىلەر ئەل سورىسا،
تەلۋىلەر تۆرگە چىقار.

ئەقىلسىزنى خار قىلغان پۇلى كۆپ بېخىل.

ئەمەل دېمەك — پۇل دېمەك،
بايلىق دېمەك — كۈچ دېمەك.

ئەمەل ئۆسكەندە ئامەت كېلىپ قوچقار قوزىلايدۇ.

ئەمەلدار بۆرە بولسا،
ئەزالىرى تۈلكە بولۇر.

ئەمەلدار پاك بولسا،
دورغىغا نەپ يەتمەس.

ئەمەلدارغا كۈندە توي،
نەگە بارسا يېيىشى قوي.

ئەمەلدارغا ھىجايغان،
پۇقرالارغا ھومىيار.

ئەمەلدارنىڭ خوتۇنى ئۆلسە،
مىڭ كىشى كەپتۇ، ئۆزى ئۆلسە بىر كىشى كەپتۇ.

ئەمەلدارنىڭ ياخشىلىقى ياغ،
يامانلىقى داغ.

ئەمەلدىن كەچسەڭمۇ ئەلدىن كەچمە.

ئەمىلى چوڭنىڭ دەردى كۆپ،
پۇلى كۆپنىڭ غېمى (كۆپ).

ئەمىلىدىن قورقماي ئەلىمىدىن قورق.

ئەمىلگە قاراپ ھۆرمەت قىلىدۇ،
كىيىمىگە قاراپ ئىززەت قىلىدۇ.

ئەمىلىڭ بىلەن ئاتالغۇچە،
بىلىمىڭ بىلەن ئاتال.

ئەۋلادى ئەمەل تۇتسا،
ئەجدادى شۆھرەت تېپىپتۇ.

ب

بار مېلىم — ئاچ مېلىم،
يوق مېلىم — توق مېلىم.

بار بارغا قاراپتۇ،
يوق يەرگە (قاراپتۇ).

بار بارى بىلەن،
يوق ھالى بىلەن.

بار بولسا تۇرالمايدۇ،
يوق بولسا چىدالمايدۇ.

بار بولسا كارى يوق،
يوق بولسا هالى (يوق).

بار بولسا كاۋاپ،
يوق بولسا ئازاب.

بار بىلىملىك،
يوق كالانپاي.

بار پۇلۇمنى ئوغرى ئالدى،
قالغىنىنى رەمچى (ئالدى).

بار تىرىشقاق،
يوق ئۇرۇشقاق.

بار چاغدا پولدۇرۇك - پولدۇرۇك،
تۈگىگەندە قاراپ ئولتۇرۇك.

بار چاغدا توق يەپتۇ،
يوق چاغدا پوق (يەپتۇ).

بار چاغدا قورداق ئېشى،
يوق چاغدا قوناق ئېشى.

بار چاغدا ھەپىرەڭ،
يوق چاغدا زەپىرەڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى www.uyghurkitap.com

بار چاغدا ھورى چىقار،
يوق چاغدا شورى (چىقار).

بار دەپ يەپتىمەن،
تۆگەرنى بىلمەپتىمەن.

بار سۆزلەيدۇ،
يوق كۆزلەيدۇ.

بار ماختانسا تېپىلىدۇ،
يوق ماختانسا چېچىلىدۇ.

بار ماختانسا ئېچىلار،
يوق ماختانسا چېچىلار.

بار نېمىنى دېگۈزمەس،
يوق نېمىنى يېگۈزمەس.

بارغا پەتە،
يوققا ئەتە.

بارغا تەڭلىك لازىم ئەمەس،
چىرايلىققا ئەڭلىك.

بارغا رازى بول،
يوققا سەۋر قىل.

بارلىق تۈزىتىدۇ،
يوقلۇق ئۆگىتىدۇ.

بارلىق ھەرنىمە دىگۈزەر،
يوقلۇق ھەرنىمە يىگۈزەر.

بارلىق ئوخشىتار،
يوقلۇق قاقشىتار.

بارماققا بار،
بەرمەككە يوق.

بارماقنىڭ يولى ئۆلۈغ،
داستىخاننىڭ يۈزى (ئۆلۈغ).

بارنى ئايىما،
يوققا كايىما.

بارنى بەرگەن ئۆيالماس.

بارنىڭ بازىرى يىنىدا.

بارنىڭ بىرى يوقار،
يوقنىڭ نىمىسى (يوقار).

بارنىڭ قەدرى يوق،
يوقنىڭ دەردى يوق.

بارنىڭ كىيگۈسى كەلمەيتۇ،
يوقنىڭ خۇمارى قانمايتۇ.

بارنىڭ مايىقى تېگەر،
يوقنىڭ دوقى (تېگەر).

بارنىڭ ئېتىنى ئال،
باينىڭ قىزىنى ئال.

بارنىڭ ئىشى پەرمان بىلەن،
يوقنىڭ ئىشى ئارمان بىلەن.

بارنىڭ يۈزى تاۋاقچە،
يوقنىڭ يۈزى كاۋاكچە.

بارنىڭ يۈزى يورۇق،
يوقنىڭ يۈزى چورۇق.

باردا چىلىق - چىلىق،
يوقتا قۇرۇقچىلىق.

بارغا بەرىكەت بولسۇن،
يوقىغا ھەرىكەت قىلسۇن.

بارغا خوتۇن ئىگە، يوققا ئەر.

باش بولغان بوش ئەمەس.

باش بولماق ئاسان،
باشلىماق قىيىن.

باش بويۇن بىلەن،
بالا ئويۇن بىلەن.

باش تىققۇدەك ئۆيى يوق،
ئاش چىققۇدەك يېرى (يوق).

باشلىق ئايلامدىن قورقار،
ئەمەلدار سايلامدىن (قورقار).

باشلىق بولساڭ تۈزۈك بول،
سۇغا كىرسەڭ بېلىق (بول).

باشلىق خاتا دېسە قايتا دېسۇن،
پۇقرا خاتا دېسە تاياق يېسۇن.

باشلىق شۆھرەتپەرەس بولسا،
پۇقرا بارمىقىنى چىشلەپتۇ.

باشلىققا بېشىچە،
پۇقراغا پۇتىچە.

باشلىقنى كۆرۈپ ئۆيگە باشلاپتۇ،
پۇقرانى كۆرۈپ بېشىنى قاشلاپتۇ.

باشلىقنىڭ ئەمچىكى تولا،
بىچارىنىڭ ۋاي - ۋېيى (تولا).

باغلىرى بالغا تولۇپتۇ،
تاغلىرى مالغا (تولۇپتۇ).

بالا ئۇچراپتۇ يوقسۇزغا،
كېيىك ئۇچراپتۇ ئوقسىزغا.

بالا ـ قازا باينىڭ مېلىغا كېلەر،
كەمبەغەلنىڭ جېنىغا (كېلەر).

بالانىڭ بېشى بايلىق.

باي بار يەردە ئاي بار.

باي باغدا، كەمبەغەل تاغدا.

باي بالىسى ئونبەش ياشتا باش بولۇر،
كەمبەغەل بالىسى ئوتتۇز ياشتا باش بولۇر.

باي بايغا باقار،
سۇ سايغا ئاقار.

باي بايغا يېتەي دېگەندە،
باي قويۇپ خىزىرغا يېتەي دەپتۇ.

باي بەرگەن ئاتنىڭ چىشىغا قارىما.

باي بولاي دېسەڭ ئاتنى سېتىپ قوي قىل،
نامرات بولاي دېسەڭ خوتۇن قويۇپ توي قىل.

باي بولاي دېسەڭ بېغىڭنى تال قىل،
يېرىڭنى شال (قىل).

باي بولاي دېسەڭ تۆگە باق.

باي بولاي دېسەڭ قوي قىل،
كۆز پەسلىدە توي (قىل).

باي بولاي دېسەڭ قىيىن ئەمەس،
چىقاي دېسەڭ ئېگىز ئەمەس.

باي بولاي دېسەڭ مال ئەت،
ئۈزۈم يەي دېسەڭ تال (ئەت).

باي بولاي دېسەڭ ئېتىز چۆرگۈلە،
كەمبەغەل بولاي دېسەڭ بازار (چۆرگۈلە).

باي بولسا بۆلۈپ بەرمەس،
گاداي بولسا ئۆلۈپ (بەرمەس).

باي بولسا پۇلدىن قىسىلماس،
بىلىم بولسا سۆزدىن قىسىلماس.

باي بولسا كۆرەلمەيدۇ،
يوق بولسا كېتەلمەيدۇ.

باي بولساڭ نامراتنىڭ غېمىنى ئويلا.

باي بولغاندا گىردە ياخشى،
ئاچ قالغاندا جىگدە (ياخشى).



ئۇيغۇر كىتاب تورىستكىسى www.uyghurkitab.com

باي بولغاندا نازلىما،
غوربەتچىلىكتىن زارلىما.

باي بولغاندا ئۆتنۆغاننى دوستۇم دېمە.

باي بولمىسا دورغىسى بولماس،
گۆش بولمىسا شورپىسى (بولماس).

باي بېخىل،
نامرات خىجىل.

باي بىلەن كەمبەغەللىك قىرىق يىلدا تەڭلىشىدۇ.

باي پۇل - مېلىغا سۆيۈنەر،
كەمبەغەل ئىككى قولىغا (سۆيۈنەر).

باي پۇلغا كۆمۈلسە،
كەمبەغەل قەرزگە كۆمۈلۈپتۇ.

باي پۇلغا يېقىن،
كەمبەغەل گەپكە (يېقىن).

باي تالقان يېسە،
يامغۇر يېغىپ نەمدەپتۇ.

باي تاي مىنسىمۇ يارىشىدۇ.

باي تۇرۇپ بالىسى يوق،
نامرات تۇرۇپ نالىسى (يوق).

باي زېرىكسە مالىيىنى ئۇرار.

باي سېغىنىغاندا يەر،
كەمبەغەل تاپقاندا (يەر).

باي قەيەردە،
ۋاي شۇ يەردە.

باي قويىنىدا مىدىرلىغۇچە،
كەمبەغەل قويىنىدا قۇترىساڭچۇ.

باي كىشى ھەرنەرسىدە بار ئەمەسمۇ،
يوق كىشى ناسۇالغا زار (ئەمەسمۇ).

باي كىشىدە ھەممە نەرسە تەل،
زار بولۇپ ئۆتەر، يازدا كەمبەغەل.

باي كىيىسە مۇبارەك بولسۇن،
كەمبەغەل كىيىسە نەدىن ئالدىڭ.

باي گۆش يېسە قارنىغا كىرەر،
گاداي گۆش يېسە چىشىغا كىرەر.

باي ماختانسا تېپىلار،
يوق ماختانسا چېچىلار.

باي مېلىنى سۆزلەيدۇ،
نامرات غېمىنى (سۆزلەيدۇ).

باي نامرات بولسا، يۈزىنى قويغىلى يەر تاپالماس.

باي ئوغرىدىن قورقىدۇ،
نامرات مېھماندىن (قورقىدۇ).

باي ئۆلسە بىر كىشى كېلەر،
ئېتى ئۆلسە مىڭ كىشى كېلەر.

باي ئىچسە ماي بولۇر،
كەمبەغەل قۇيرۇق يېسە چاي (بولۇر).

باي يوقالغىنىغا قايغۇرۇپتۇ،
بۆرە ئاچ قالغىنىغا (قايغۇرۇپتۇ).

باي يوقالغىنىغا قايغۇرىدۇ،
بۆرە قالغىنىغا (قايغۇرىدۇ).

باياشات تۇرمۇش نەدە؟ كۆپ تەر تۆككەن يەردە،
ئىسراپچىلىق نەدە؟ پېشانىسى تەرلىمىگەن يەردە.

بايدا ئارغامچا، كەمبەغەلدە كۇلا،
باي بولاي دېسەڭ كەمبەغەلنى بۇلا.

بايدىن ئاياق سورىساڭ، تاياق بېرەر.

بايدىن ئەمەلدار چىقسا،
گادايدىن دانا چىقۇر.

بايدىن بالا ــ قازامۇ قورقىدۇ.

بايدىن پايدا قىچىپ قۇتۇلالماس.

بايدىن ياغ چىقسا،
كەمبەغەلدىن تۇز چىقار.

بايغا ئامەت كەلسە،
قوچقىرىمۇ تۇغىدۇ.

بايغا ئامەت كەلسە،
كەمبەغەلگە ئاپەت كېلەر.

بايغا باقغان قۇل بولۇر،
كەمبەغەلگە باققان گۇل (بولۇر).

بايغا بولسا كۈندە بايرام، كۈندە توي،
كەمبەغەلگە كۈندە ئەلەم، كۈندە ئوي.

بايغا تەڭلىك يوق،
چىرايلىققا ئەڭلىك (يوق).

بايغا قەرزدار بولما،
ئەمەلدار بىلەن قۇدا (بولما).

بايغا نۆۋەت كەلسە،
ئىككى قازان تەڭ قايناپتۇ.

بايغا يارىغان قولى بەگمەن چولاقتا يارىماپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بايغىمۇ بىر كۈن،
كەمبەغەلگىمۇ بىر كۈن.

بايلىق پەرىشتىنىمۇ يولدىن چىقىرىدۇ.

بايلىق تopلىغاندىن ئەقىل توپلىغان ئەلا.

بايلىق تېجەشتىن،
نامراتلىق چېچىشتىن.

بايلىق قاچقان كىشىنى قوغلار،
قوغلىغان كىشىدىن قاچار.

بايلىق كۆزدىن كىرىپ يۈرەكتە توختايدۇ.

بايلىق كىشىنى مەست قىلۇر.

بايلىق مىراس ئەمەس،
يوقلۇق ئۇيات (ئەمەس).

بايلىق نەس،
يوقلۇق تەس.

بايلىقتا مەست بولمىغان كۆلپەتتە خار بولماس.

بايلىقنىڭ ئاتىسى ئەمگەك، ئانىسى يەر.

بايلىقنىڭ ئانىسى — ئەقىل.

بايىنى باي قىلغان ئۆچكە بىلەن قوي،
بايىنى نامرات قىلغان ئۆلۈم بىلەن توي.

بايىنى تەكەببۇرلۇق ئۆلتۈرىدۇ.

بايىنى ھال باسىدۇ،
كەمبەغەلنى بالا باسىدۇ.

باينىڭ ئارغامچىسى بولسا،
كەمبەغەلنىڭ كۆلاسى بار.

باينىڭ ئالدى تار، كەينى كەڭ.

باينىڭ بالىسى بازارغا يېقىن،
كەمبەغەلنىڭ بالىسى قازاغا (يېقىن).

باينىڭ بالىسى كەتمەنگە يارىماس.

باينىڭ بالىسى ھورۇن،
گادايىنىڭ كالىسى (ھورۇن).

باينىڭ بالىسىمۇ ئەركە،
كالىسىمۇ ئەركە.

باينىڭ بەرگىنى — خۇدانىڭ بەرگىنى.

باينىڭ بېشى قىچىشسا،
يوقسۇلنىڭ قورسىقى ئاچار.

باينىڭ پۇلى بولسا كەمبەغەلنىڭ ھۈنىرى بار.

باينىڭ پۇلى — ئوچاقنىڭ كۈلى،
كەمبەغەلنىڭ پۇلى — ئۈنىڭ گۈلى.

باينىڭ تۆگىسى بولساڭ قوۋ بولسەن،
قويچىسى بولساڭ قۇل (بولسەن).

باينىڭ تۆرىدە ئولتۇرغۇچە،
گادايىنىڭ پەگاھىدا ئولتۇر.

باينىڭ جان بەرگىنى بىلىنمەس،
گادايىنىڭ نان بەرگىنى بىلىنمەس.

باينىڭ دەردى پۇلدا،
كارۋاننىڭ دەردى يولدا.

باينىڭ قارنى بەشتۇر،
بىرى ھەمىشە بوشتۇر.

باينىڭ قىزى دۇنياسى بىلەن،
كەمبەغەلنىڭ قىزى ھاياسى بىلەن.

باينىڭ قىشىدا كەمبەغەلگە كۈن يوق.

باينىڭ قىشىغا بارساڭ مىلىڭ كېتىدۇ،
خاننىڭ قىشىغا بارساڭ جېنىڭ (كېتىدۇ).

باينىڭ قىزى تازغا ئامراق.

بايىنىڭ قىزى چوموچ تۇتسا قولى قاپىرىدۇ.

بايىنىڭ قىزىنى ئالماق تەس، باقماق ئاسان.

بايىنىڭ كالىسى تولا،
كەمبەغەلنىڭ بالىسى (تولا).

بايىنىڭ كۆپىسى بار،
كەمبەغەلنىڭ تۆھپىسى (بار).

بايىنىڭ كۆتى بەش پاتمان لاي.

بايىنىڭ كۆزىگە پىلدەك دۇنيا قىل كۆرۈنەر،
كەمبەغەلنىڭ كۆزىگە قىلدەك دۇنيا پىل كۆرۈنەر.

بايىنىڭ كۆشۈكىدە سۇ توختار.

بايىنىڭ كۆلچىكىدىن سۇ ئىچمە.

بايىنىڭ كېلىنى بولغۇچە،
كەمبەغەلنىڭ قۇلى بول.

بايىنىڭ گادىيى بولغۇچە،
گادايىنىڭ بېيى بول.

بايىنىڭ گۆشىدىن،
كەمبەغەلنىڭ مۇشتى ياخشى.

بايىنىڭ مۇشۇكىمۇ ياخشى.



ئۇيغۇر كىتابلىرى ئىنكاسى www.uyghurkitap.com

بايىنىڭ مېلى ئەتىۋار،
نامراتنىڭ جېنى (ئەتىۋار).

بايىنىڭ مېلى قانچە كۆپ بولسا،
يېغىرىمۇ شۇنچە (كۆپ).

بايىنىڭ مېلىنى باقمەن دەپ،
كەمبەغەلنىڭ ئېتى ئۆلۈپتۇ.

بايىنىڭ مېلى — كەمبەغەلنىڭ كۆز يېشى.

بايىنىڭ ئۆيقۇسى كەلمەس،
گادايىنىڭ قوپقۇسى (كەلمەس).

بايىنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ئوغرىنى بىرنى تەپ.

بايىنىڭ ئېتى ھەر كۈنى يەيدۇ قۇيماق،
كەمبەغەللەر ھەركۈنى يەيدۇ توقماق.

بايىنىڭ ئېشىدىن بېخىل قىزغىنىپتۇ.

بايىنىڭ ئىنىكى تولا، ساغقىلى ئادەم يوق،
كەمبەغەلنىڭ بالىسى تولا، باققىلى ئادەم يوق.

بايىنىڭ ئىتى يامان.

بايىنىڭ ئىشكىدىنمۇ كىرەر،
تۈڭلۈكىدىنمۇ كىرەر.

باينىڭ ئىشىنى قىل، پۇلىنى ئال.

باينىڭ ياتقۇسى كەلمەپتۇ،
نامراتنىڭ قوپقۇسى (كەلمەپتۇ).

بەرمىسىمۇ باي ياخشى،
يېمىسىمۇ ماي ياخشى.

بەگ بىلەن ئېلىشىپ بولماس،
دەرەخ بىلەن چېلىشىپ (بولماس).

بەگنىڭ بۆيرۇقىدىن قۇيرۇقى يامان.

بۇ مەينەت مەندە تۇرماس،
ئۇ دۆلەت سەندە (تۇرماس).

بۆقىنىڭ قۇيرۇقى بولغۇچە،
خورازنىڭ تاجىسى بول.

بۆلۈتنىڭ قەدرى يوق ئاينىڭ يېنىدا،
پېقىرنىڭ قەدرى يوق باينىڭ يېنىدا.

بېشى يوق — ھېچنېمە يوق.

بېگىڭ بىلەن چىقىشقۇچە،
قورۇقچى بىلەن چىقىش.

بېگىم ئالۋانغا زورلايدۇ،
موللام دۇئاغا (زورلايدۇ).

بېگىم چىقتى ئۆردىسىدىن،
قورقۇپ كەتتۇق دورغىسىدىن.

بېگىم دورغىسى بىلەن،
ئىشانىم سوپىسى بىلەن.

بېگىم مانتا يېسە،
مەن پىياز كېكەردىم.

بېگىم مېهماندوست،
ئىتلىرى كىرگىلى قويمايدۇ.

بېگىمدىن گۇمان بولدى،
ماڭا بەك ئۇۋال بولدى.

بېگىمگە يەتكۈچە،
بېلىڭ ئۈشتۈلار.

بېگىمنىڭ ئارقىسىدىن ئالىمۇال.

بېگىمنىڭ خوتۇنى خېنىم بولۇر.

بېگىمنىڭ قارنى توق،
قۇلى بىلەن كارى يوق.

بېهىشنىڭ چەكسىزلىكى — باينىڭ ئەقلىنى ئازدۇرار.

بېيىشنىڭ بېشى — توخۇ بېقىش.

بىپۇل بازارغا بارغىچە،
كېپەن ئېلىپ مازارغا بار.

بىر باغ بېدە بىر تەڭگە، بايتال باقماق ئاسانمۇ،
پاتمان بۇغداي يۈز تەڭگە، خوتۇن باقماق ئاسانمۇ؟

بىر باي نەچچە كەمبەغەلنى يەيدۇ.

بىر بېشىدا توققۇز تۇگمەن تېشى چۆرگۈلەپتۇ.

بىر جاندىن، بىر ناندىن، بىر خاندىن زېرىكمەس.

بىر خار بولغان بىر ئەزىز بولۇر.

بىر كۆڭۈلچەك يوقسۇل،
بىر ئېرىنچەك يوقسۇل.

بىر مىسقال ھوقۇق ــــ مىڭ تىللاغا ئەرزان.

بىر يىلدا باي بولاي دېسەڭ ئوغۇت يىغ،
مەڭگۈ باي بولاي دېسەڭ كۆچەت تىك.

بىرى باشلىسا مىڭى ئەگىشىپتۇ.

بىرى باي بولسا، مىڭى زار بوپتۇ.

بىسىناق پادىشاھتىن،
سىنالغان گاداي ياخشى.

## پ

پاچاق ئۇتلەپ تۇياق يەپتۇ،
چوققا ئۇتلەپ قۇلاق (يەپتۇ).

پادىشاھ ئادالەتسىز بولسا، يۇرت ۋەيران بولۇر.

پادىشاھ ئادىل بولسا،
پۇقرالار مايىل بولۇر.

پادىشاھ ئادىل،
خەلقى قايىل.

پادىشاھ بوشاڭ بولسا ئەمەلدارى ئەزمە كېلۇر.

پادىشاھ بىلەن تاز چىقىشالماس،
ئۆردەك بىلەن غاز (چىقىشالماس).

پادىشاھ توق — پۇقرا توق.

پادىشاھ دۆت بولسا ئاغزىغا يۇگەن سال.

پادىشاھ ساراڭ بولسا يالغانغا ئامراق كېلۇر.

پادىشاھ سۆزىدىن يانماس،

قۇش تاپتىن (يانماس).

پادىشاھ قەرزدار بولسا،
ئەرزنى خۇدا ئاڭلىسۇن.

پادىشاھ قەلەندەر بولسىمۇ پادىشاھلىقىنى تاشلىماس.

پادىشاھ كۇندۇزنى كېچە دېسە،
ئاسمانغا يۇلتۇز چىقىپتۇ دېگىن.

پادىشاھ گالۋاڭ بولسا،
خەلقى ساراڭ بولۇر.

پادىشاھ مەست بولسا دۆلىتى غەرق بولۇر.

پادىشاھتىن شەھەر قالىدۇ،
ھارۋىكەشتىن دىرت - ۋۇ -ۋۇ.

پادىشاھتىن كۆزۈڭنى تارت،
ئەۋلىيادىن پۇتۇڭنى (تارت).

پادىشاھسىز ئەل يېتىم،
ئىگىسى يوق يەر (يېتىم).

پادىشاھنىڭ قاچىسىغىمۇ چىۋىن چۇشىدۇ.

پادىشاھنىڭ خوتۇنى خىزىردىن چوڭ،
بالىسى ۋەزىردىن (چوڭ).

پادىشاھنىڭ قولتۇقى كەڭ، قولى ئۇزۇن.

پادىشاھنىڭ قولتۇقى كەڭ، قۇيرۇقى ئۇزۇن.

پادىشاھنىڭ كويىدا بولغۇچە، كۆڭلىدە بول.

پادىشاھنىڭ كۆڭلى پاقىغا چۈشۈپتۇ.

پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە ياقمىسا،
جاھاندىكى ھەممە نەرسە ئاچچىق.

پادىشاھنىڭ ھاجىتى پۇقراغا چۈشۈپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئوت قويۇشىغا رۇخسەت،
پۇقرانىڭ چىراغ يېقىشىغا رۇخسەت يوق.

پارا كەلسە دەم تارتار،
پاش بولۇشتىن غەم تارتار.

پاسار ئوتنىڭ كۆلى چوڭ،
قوڭالتاقنىڭ گېپى (چوڭ).

پايدىسى يوق شاھلىقتىن،
سۈيى يوق ساي ياخشى.

پۇتقا تاپسا باشقا يوق،
باشقا تاپسا پۇتقا (يوق).

پۇقرانىڭ بىكار يۈرۈشى پادىشاھقا تەھدىت.

پۇل ئەجەلگە داۋا بولالماس.

پۇل ئەقىل ئۆزگەرتەر،
تون مېڭىشىنى تۈزىتەر.

پۇل ئەقىلنى تاپار،
ئەقىل پۇلنى (تاپار).

پۇل بايغا ئاقىدۇ،
زامان بايغا (باقىدۇ).

پۇل بولسا توكۇرمۇ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ.

پۇل بېرىپ يۇرت تالاش،
ئاش بېرىپ تۇز (تالاش).

پۇل پۇلنى تاپار.

پىشىشىق ئاش.

پۇل تاپارغا سەن تۇرسالڭ،
يەپ ياتارغا مەن تۇراي.

پۇل تاپتىم ياخشى بىلەن يېيىشكىلى،
يامان بىلەن دېيىشكىلى.

پۇل تاپساڭ سانىۋال.


ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پۇل تاپقۇچە ئەقىل تاپ،
ئۆز ئىشىڭغا كېپىل تاپ.

پۇل تاپقۇچە بىرلىك تاپ.

پۇل تاپقۇچە ھېساب تاپ،
ھېسابتىن ئىلگىرى ئىنساب (تاپ).

پۇل تاپقۇچە يۈز تاپ.

پۇل تاپىدۇ ھەر كىشى،
ئوخشىمايدۇ ساقلىشى.

پۇل تۈتتۈك — ئوت تۈتتۈك.

پۇل تۈگىگەندە پوقىقىنى سىلاپتۇ.

پۇل تۈگىگەندە ئويۇننىڭ نوچىسى چىقىدۇ.

پۇل تېپىشنى بايدىن سورا،
پۇل چېچىشنى نامراتتىن (سورا).

پۇل تىلىسەڭ، ئەمگەك قىل.

پۇل جانغا ئارا تۇرالماس.

پۇل خەجلەپتۇ باي بولغاچ،
چاي ئىچىپتۇ نان بولغاچ.

پۇل دوستنى دۈشمەن قىلۇر،
دۈشمەننى دوست (قىلۇر).

پۇل دېگەن جانغا زىخ.

پۇل دېگەن قەغەز،
ئۆچكە غازاڭغا تېگىشمەس.

پۇل دېگەن قولدا،
بىلىم دېگەن يولدا.

پۇل دېگەن ئۇغۇل بالىنىڭ قولىنىڭ كىرى.

پۇل سۆزلىگەن يەردە باشقىلار سۆزلىيەلمەس.

پۇل مېھنەت بىلەن كېلەر.

پۇل ئۆچكىنى توقماقتا ئۆگىتىدۇ.

پۇل يىغىشتا مەدىكاردىن قەلەندەر ياخشى.

پۇل ـ مال كېتەر بوشلۇقتىن،
پۇرسەت كېتەر خۇشلۇقتىن.

پۇل ـ مال كېتەر خۇشلۇقتىن،
ئىمان كېتەر شوخلۇقتىن.

پۇلسىز ئەر خوتۇنىغا جىن كۆرۈنەر.

پۇلسىز چىرىكلىك بولماس،
ھەرىكەتسىز تىرىكلىك (بولماس).

پۇلسىز ساياھەتچى ـــ قاناتسىز قۇش.

پۇلسىز گەپكە ئامراق،
غەيۋەتچى نەپكە (ئامراق).

پۇلسىزنى بازار تونۇماس.

پۇلسىزنىڭ ئىززىتى يوق.

پۇللۇق ئادەمدىن تاغمۇ قورقار.

پۇللۇق نادانلار بولغان،
پۇلسىز دانالار (بولغان).

پۇلنى پۇل قىلغانمۇ سودا،
بىرنى ئون قىلغانمۇ سودا.

پۇلنى تاپ جاسارەتتە،
خەجلىگىن پاراسەتتە.

پۇلنى ئورماندىن تاپ،
ئاشلىقنى مەيداندىن (تاپ).

پۇلنى يىغقان باي ئەمەس،
نەپسىنى يىغقان باي.

پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە،
بىر ئۇچى يۈرەكتە.

پۇلنىڭ تىلى يوق.

پۇلنىڭ قەدرى يامان،
دەرمەنىنىڭ دەردى.

پۇلنىڭ كۆزى يوق،
بېخىلدا يۈز يوق.

پۇلۇڭ بار بېرىپ ئۆت،
پۇلۇڭ يوق كۆرۈپ (ئۆت).

پۇلۇڭ بار چاغدا ئەھۋال سورايدۇ،

پۇلۇڭ كۆپەيگۈچە، دوستۇڭ كۆپەيسۇن.

پۇلۇڭ يوق چاغدا ئارقاڭدىن غاجايدۇ.

پۇلۇڭغا بېقىپ خەج قىل،
ھالىڭغا قاراپ قەرز (قىل).

پۇلۇڭغا ئىشەنگۈچە، ئەقلىڭگە ئىشەن.
پۇلۇڭغا ئىشەنمە، يولۇڭغا ئىشەن.

پۇلى ئازنىڭ غېمى ئاز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پۇلى بار بازارغا ماڭار،
پۇلى يوق مازارغا (ماڭار).

پۇلى بار بازارغا ماڭار،
تۇغماس خوتۇن مازارغا (ماڭار).

پۇلى بار پەرمان بىلەن،
پۇلى يوق ئارمان بىلەن.

پۇلى بار تاپار،
پۇلى يوق تارتار.

پۇلى بار چاغدا ئەسسالام،
پۇلى تۈگىگەندە ۋەسسالام.

پۇلى بار چاغدا قەلەمقاش،
پۇلى تۈگىگەندە (ئۇھۇش) ئاداش.

پۇلى بار چاغدا هاجاخۇن،
پۇلى تۈگىگەندە هاجى قاپاق.

پۇلى بار كاۋاپ يەيدۇ،
پۇلى يوق ئازاب (يەيدۇ).

پۇلى بار كۈندە كۆرۈشۈپتۇ،
پۇلى يوق كۈندە ئۈرۈشۈپتۇ.

پۇلى بار يولدا قالماس.

ئۇيغۇر كىتاب تورىسكتى www.uyghurkitap.com

پۇلى باردا يېقىن ئاغىنە،
پۇلى تۈگىگەندە نېرى ماڭغىنە.

پۇلى بارغا بازار،
پۇلى يوققا مازار.

پۇلى بارغا پۇل تاتلىق،
مېلى بارغا مال (تاتلىق).

پۇلى بارنىڭ گېپى ئۆتۈك،
پۇلى يوقنىڭ گېپى تۆك.

پۇلى بارنىڭ يۈرىكى پۈتۈن،
پۇلى يوقنىڭ ئالدى تۈتۈن.

پۇلى بولسا قوللايدۇ،
پۇلى بولمىسا قوغلايدۇ.

پۇلى تۈگىگەندە مەيدىسىنى سىلاپتۇ.

پۇلى يوق ئاشىق، تەييارغا مەشۇق.

پۇلى يوق باي بولماس،
يورۇقى يوق ئاي (بولماس).

پۇلى يوق تاللاشقا ئۇستا،
ساتقۇچى داڭلاشقا (ئۇستا).

پۇلى يوق قاساپ مال تۆۋگە كەلمەس.

پۇلى يوق قىممەت ئالار.

پۇلى يوق قىممەت ئالار،
يوقسۇز ئەرزان ساتار.

پۇلى يوق كىشىنى بازار تونۇماس.

پۇلى بار بازارغا ئامراق،
پۇلى يوق مازارغا (ئامراق).

پۇلى يوق ئوغرىدىن غەم قىلماس.

پۇلى يوق يىگىت ئەمەن تېتىيدۇ.

پۇلى يوقنىڭ يۈزى يوق،
پۇلى بارنىڭ كۆزى (يوق).

پۇلى يوق — يالغانچى.

پۇلى بارنىڭ ئۆزى ئوينار،
پۇلى يوقنىڭ كۆزى (ئوينار).

ت

تۇغان بېشىدىكى دەرەخكە كۈن يوق.

تون ياقىسىز بولماس،
تامبال ئاغىسىز (بولماس).

تۆمۈرچىلىك يەل بىلەن،
پادىشاھلىق ئەل بىلەن.

ج

جاپانى تۆگىدىن سوراڭ،
ھالاۋەتنى بۆرگىدىن (سوراڭ).

چ

چىرايلىق ــــ باي، سەت ــــ نامرات.

چىرىغىڭ قانچە بولسا، سايەڭ شۇنچە بولۇر.

خ

خان خانغا يىغلار،
خان كىلىپ خوتۇنىغا (يىغلار).

خان قوزۇق،
پۇقرا ئوزۇق.

خان قېشىدا قاياشىڭ بولسا،
ئاق يەردە كېمە ھەيدەيسەن.

خان ئوردىسىدىن ئايرىلساڭمۇ،
ئەل ئوردىسىدىن ئايرىلما.

خاندەك گاداي بار،
گادايدەك خان (بار).

خانغا يارىغان تازغا يارىماپتۇ.

خاننىڭ ئەمرى ۋاجىپ.

خاننىڭ خەزىنىسىدىن چىقمىغان،
تىلەمچىنىڭ خالتىسىدىن (چىقار).

خاننىڭ قېشىدا بولغۇچە،
سۇنىڭ قېشىدا بول.

خاننىڭ قىزى چۆمۈچ تۇتسا قولى قاپىرىدۇ.

خۇرجۇندا بار پۇلنىڭ تاغاردا بىر دەردى بار.

## د

دۇنيا پۇلدا چۆرگۈلەيدۇ،
تۈگمەن سۇدا (چۆرگۈلەيدۇ).

دېھقانغا جاپاسى تەگسە،
ئەمەلدارغا پايدىسى تېگەر.

## ز

زالىم پادىشاھ بولسا،
نادان ئەۋلىيا بوپتۇ.

زالىم تۈگەيدۇ، زامان قالىدۇ،
ھەقىقەت ھامان ئامان قالىدۇ.

زالىمدا ۋاپا يوق،
پاسىقتا ھايا (يوق).

زالىمدىن جاھىل يامان.

زالىمغا باش ئەگسەڭ خەس بولۇرسەن،
رەقىبكە باش ئەگسەڭ پەس (بولۇرسەن).

زالىمنىڭ جايى جەھەننەم.

زالىمنىڭ زۇلمىدىن ساقلان،
پادىشاھنىڭ ھۆكمىدىن (ساقلان).

زالىم قامچىسىنى تاشلاپ ئالىم بوپتۇ.

زالىمنىڭ زۇلمىدىن ساقلان،
پادىشاھنىڭ تۆھمىتىدىن (ساقلان).

زالىمنىڭ ئوغلى بولغۇچە،
ئالىمنىڭ قۇلى بول.

زالىمنىڭ ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلار.

زەردارنى كالا باستى،
نامراتنى بالا (باستى).

زىغىر تەرمىگەن يەر قالماپتۇ،
بەگە بولمىغان ئەر (قالماپتۇ).

# س

ساخاۋەت قىلغان مالنىڭمۇ ھېسابى بار.

ساخاۋەتسىز باي — سۈيى يوق ساي.

ساخاۋىتى يوق بايدىن، ئاتالغان دۆلەت ياخشى.

سايىسى يوق سايدىن قاچ،
رەھىمىتى يوق بايدىن (قاچ).

سەركىسىز پادا يولدىن ئازار.

سۇ سايغا ئاقىدۇ،
پۇل بايغا (ئاقىدۇ).

## ش

شاھتىن ئىنساپ قاچسا،
ئەلدىن بەرىكەت قاچار.

شاھنىڭ پۇلىمۇ پۇل،
گادايىنىڭ پۇلىمۇ پۇل.

شاھنىڭ غېمى پۇقرانىڭكىدىن كۆپ.

## غ

غوجامنىڭ غوجىسى بار،
زەدەكنىڭ ئورىسى (بار).

غوجامنىڭ قوينى يوغان،
بۇقىنىڭ بوينى (يوغان).

غوجامنىڭ ئېتى ئۇلۇغ،
سۇپىرىسى قۇرۇق.

## ق

قەلەندەر پادىشاھ بولسىمۇ قەلەندەرلىكىنى تاشلىماس.

قولىدا مېلى بارنىڭ،
قوۋۇرغىسىدا يېغى بار.

قۇلىقى ئۇزۇن باي بولۇر.

قىلچىلىك ھوقۇق زىغىرنى قىرىق يارىدۇ.

قىلچىلىك ھوقۇقنىڭ پىلچىلىك كۈچى بار.

## ك

كادىر كۈن كۆرسە قوراق سالىدۇ،
دېھقان كۈن كۆرسە ساراي سالىدۇ.

كەمبەغەل كەمبەغەللىكتىن ئەمەس، كەم ئەقىللىكتىن.

كەمبەغەل بولساڭ شالاڭ ئەلگەكنىڭ ئۈنىنى يە.

كەمبەغەل باش كۆتۈرسە،
باي غوجام تاش كۆتۈرەر.

كەمبەغەل بالىسىنى ئويلايدۇ،
باي كالىسىنى (ئويلايدۇ).

كەمبەغەل بولاي دېسەڭ نەق ئېلىپ نېسى سات،
ئاغرىماي ئۆلەي دېسەڭ كونا تامنىڭ تۈۋىدە يات.

كەمبەغەل بولساڭ بازار قوغلاش.

كەمبەغەل بولساڭ بول، قەرزدار بولما.

كەمبەغەل بولساڭ ئۈچ خىل مال باق: بىرى، مادا ئېب-
شەك؛ بىرى مېكىيان توخۇ؛ بىرى بايتال.

كەمبەغەل بولساڭ، كۆچۈپ كۆر،
باي بولساڭ، ئۆلۈپ (كۆر).

كەمبەغەل تالقان يېسە،
شامال كېلىپ ھەيدەپتۇ.

كەمبەغەل تۆگە مىنسىمۇ ئىت چىشلەپتۇ.

كەمبەغەل چورۇق كىيسمۇ كۆڭلى يورۇق.

كەمبەغەل كەمبەغەلنىڭ قاياشى.

كەمبەغەل كېسەل بولسا ئەزرائىل قەرز سۈيلەپتۇ.

كەمبەغەل گۈل قىسسا تىكىنى سانجىلار.

كەمبەغەل گۈل قىسسا،
تىكىنى بايغا سانجىلار.

كەمبەغەل مانتا سالسا، پوم چىقىپتۇ.

كەمبەغەل نان يەيدۇ،
باي قان (يەيدۇ).

كەمبەغەل ئىشلەپ هارماس،
باي چىشلەپ (هارماس).

كەمبەغەلچىلىك يامان بىركۈن بولسىمۇ،
قەرزدارچىلىق يامان بىر پۈڭ بولسىمۇ.

كەمبەغەلگە پوش - پوش،
باي غوجامغا خوش - خوش.

كەمبەغەللەر روزا تۇتسا،
[illegible]

كەمبەغەللىك ئەيىب ئەمەس، هۇرۇنلۇق ئەيىب.

كەمبەغەلنى باي قىلغان پۇل ئەمەس، ئەقىل.

كەمبەغەلنى بوش چاغلىما،
قوينىدىكىنى تاش (چاغلىما).

كەمبەغەلنى دۆڭدە توسۇپ، ئۆيدە بۇلاپتۇ.

كەمبەغەلنى كەمبەغەل قىلغان باينىڭ كۆنى.

كەمبەغەلنى يۆلىگۈچە، بايدىن تىلە.

كەمبەغەلنىڭ بايلىقى ئۆننىڭ بالىسى.

كەمبەغەلنىڭ بايلىقى — تېنىنىڭ ساقلىقى.

كەمبەغەلنىڭ بېشىنى سىيلىساڭ، مەرتىۋەڭ ئېگىز بولۇر.

كەمبەغەلنىڭ بىر تويغىنى — باي بولغىنى.

كەمبەغەلنىڭ دەردى بار،
باينىڭ ھەسرىتى (بار).

كەمبەغەلنىڭ قەرزى تولا،
بويتاقنىڭ دەردى (تولا).

كەمبەغەلنىڭ مۈشۈكى چاشقان تۇتسا،
باينىڭ مۈشۈكى توشقان تۇتار.

كەمبەغەلنىڭ ھاجىتى يوق،

ھاجىتى بولسا خىراجىتى (يوق).

كەمبەغەلنىڭ ئوغلى ۋاپادار.

كەمبەغەلنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ئوغرىنى مىڭنى تەپ.

كەمبەغەلنىڭ ئېتى ــ نامرات، ئىشى قابىل.

كەمبەغەلنىڭ ئىشى چىشقا دورا.

كەمبەغەل بىلەن ئۇرۇشساڭ كۆڭلىڭنى يىرتىۋەت.

كۈچ ۋە ئامەت كىمدە بولسا شۇ پادىشاھ.

كىشىنىڭ ھەققى كىشىگە سىڭمەس.

كىم چاپاننى يېڭى كىيسە، باي غوجامنىڭ ئوغلى شۇ،
كىم چاپاننى كونا كىيسە، تامنى تەشكەن ئوغرى شۇ.

كىم چىچتى غېرىب چىچتى،
يىغىپ چىچماي، يېيىپ چىچتى.

كىمنىڭ زۇلمى كۆپ بولسا،
زاۋالى يېقىن بولۇر.

## گ

گاداي بىر بۆردا نانغا موھتاج،
باي دۇنيادىكى ھەممىگە (موھتاج).

گادايلىقنىڭ بېشى نادانلىقتۇر.

گىلەمچى باي بولماس.

گىلەمچىنىڭ ئالدى گۈل، كەينى چۆل.

## م

مال ـ دۇنيا ئالدىدا پەرىشتىنىڭ لازىمى يوق.

مال ـ دۇنيا بىر يىلان،
ھامان بىر كۈنى سېنى چاقىدۇ.

مانتا قاسقاندا ياخشى،
ئەمەلدارلىق داستىخاندا (ياخشى).

ئەمەل داسقاندىن.

مەپىسىز بەگ ــ شەپىسىز بەگ.

مەپىگە ئۆگەنگەن خېنىم،
كېمىگە چۈشسە بېشى قايار.

مەنسەپ گۆرگە يېقىن،
مەرىپەت گۈلگە (يېقىن).

مەنسەپ نامازدىگەرنىڭ ئاپتىپى.

مەنسىپىڭ ئۆسكۈچە ئابرۇيۇڭ ئۆسسۈن.

مۇساپىرنىڭ غوجاكىسى تولا.

مىڭ قېشىم بار تېمىم يوق،
مىدىرلايمەن جېنىم يوق.

ن

نامرات بالىغا ئامراق،
زەردار كالىغا (ئامراق).

نامرات بولساڭ شەھەر قوغلاش.

نامرات بولساڭ كۆچۈپ باق.

نامرات بولساڭ يەرگە ئىشلە،
ھوسۇل ئېلىپ نان چىشلە.

نامرات بولساڭمۇ يۇرتۇڭدىن يۈز ئۆرۈمە.

نامرات چېغىدا يوبدان ئىچكەن،
بېيىغاندا ئۇماچ ئىچەر.

نامرات كىشىگە يانچۇقىمۇ ئېغىر كېلىدۇ.

نامراتتا يۆتەل يوغان،
ئورۇق كالىدا مۈڭگۈز (يوغان).

نامراتتىن ئالسا ئۇۋال بولىدۇ،
بايلاردىن ئالسا ھالال بولىدۇ.

نامراتلىق تاشتىن قاتتىق.

نامراتلىقتىن قورقماي،
نادانلىقتىن قورق.

نامراتنى ھۆرمەت قىلسا چورۇقى بىلەن تۆرگە چىقىپتۇ.

نامراتنىڭ قولى قىسقا،
قەرزدارنىڭ تىلى (قىسقا).

نامراتنىڭ قولى قىسقا، يۈزى قىزىل،
باينىڭ قولى ئۇزۇن، كۆزى قىزىل.

نامراتنىڭ كېيىنلىكى باي،
باينىڭ كېيىنلىكى گاداي.

نامراتنىڭ نېنى يانچۇقىدا.

## ھ

ھارام تېپىپ باي بولغۇچە،
ھالال تېپىپ گاداي بول.

ھاكىم تۈزۈك بولمىسا يۇرت بۇزۇلار.

ھالال يېگەننىڭ ساۋابى بار،
ھارام يېگەننىڭ ھېسابى (بار).

ھەركىم ئۆز ئۆيىگە پادىشاھ.

ھۆپۈپ دۆڭگە چىقسا قۇش يەر،
يېتىم دۆڭگە چىقسا مۇشت (يەر).

## ئو

ئوت قويسا ئامبال يوق سوراق،
پۇقرا ياقالمايدۇ چىراغ.

ئوتۇنچى باي بولماس.

ئوردىدا ئادىمىڭ بولسا مۈشتۈمۈڭ بازغان بولۇر.

ئوڭدا ياتقان گىردە يەپتۇ،
كەتمەن چاپقان جىگدە (يەپتۇ).

ئون غوجايىندىن بىر يالاقچى يامان.

## ئۆ

ئۆزۈڭدە يوق،
ئالەمدە يوق.

ئۆھۈ دېسە ئۆپكىسى كۆرۈنەر.

## ۋ

ۋاقتى كەلگەندە خانمۇ ئاتتىن چۈشىدۇ.

## ئې

ئېچمىق بېشىدا دەرەخ ئايىنمايدۇ،
باينىڭ يېنىدا كەمبەغەل (ئايىنمايدۇ).

## ئى

ئىتتىن قورققان گاداي بولماس.

ئىتمۇ كەمبەغەلنى تالايدۇ.

ئىنسان بەختى بىلەن كۆلەر،
پادىشاھ تەختى بىلەن (كۆلەر).

## ي

يامانلىغان ئابدالنىڭ خۇرجۇنىغا زىيان.

يان توم بولسا گەپ چوڭ بولىدۇ.

يانچۇقتا بولسا قولغا چىقىدۇ،
قازاندا بولسا چۆمۈچكە (چىقىدۇ).

يانچۇقتا پۇلۇم،
چىمەندە گۇلۇم.

ياۋاش بالا قۇيرۇق يەپتۇ،
كەپسىز بالا پايخان (يەپتۇ).

ياۋاش بولاي دېسەڭ قوي باق،
باي بولاي دېسەڭ كالا (باق).

ياۋاش تۇرسا بوش دېمەڭ،
يۇمشاق تۇرسا گۆش (دېمەڭ).

ياۋاشتىن قاپلان چىقار.

ياۋاشنى بوزەك ئەتمىسە،
قىيامەتتە سورىقى بار.

ياۋاشنى چىشلەپتۇ،
يامانغا ئىشلەپتۇ.

ياۋاشنىڭ ئايىغىدا قۇرت ئۆمىلەپتۇ.

ياۋاشنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە.

يەتتە گادىي بىر گىلەمگە سىغار،
ئىككى پادىشاھ بىر ئەلگە سىغماس.

يەتمىشنىڭ يېتەر،
ئاتمىشنىڭ كېتەر.

يەڭسەڭ سۇلتان بولۇرسەن،
يېڭىلسەڭ ئۇلتان (بولۇرسەن).

يوقسۇز ئاپتاپ كۆرسە، ئەسلىنى ئۇنتار.

يوقسۇز بولسا يالغان،
تۇكسىز بولسا تايغان.

يوقسۇز مېلىنى ئەرزان ساتار.

يوقسۇزغا قورساق غېمى،
توقلۇققا كۆڭۈل غېمى.

يوقسۇزلۇق تاشتىن قاتتىق.

يوقسۇزلۇق تاشتىن قاتتىق،
قەرزدارلىق زەھەردىن ئاچچىق.

يوقسۇزلۇقنىڭ تېگى — نادانلىق.

يوقسۇزنى تۆگە ئۇستىدە ئىت تالاپتۇ.

يوقلا نېمە يوق،
ئېرىقتىكى سۇمۇ يوق.

يوقلۇق ئۆلتۈرەر،
بايلىق بەزدۇرەر.

يوقنىڭ بىر دەردى بار،
بارنىڭ مىڭ دەردى بار.

يوقنىڭ تەڭلىكىنى تارتقۇچە،
بارنىڭ جاپاسىنى تارت.

يوقنىڭ ھەسرىتىنى تارتقۇچە،
بارىغا قاراپ ئىش قىل.

يوقنىڭ يېمى يوق،
بارنىڭ غېمى (يوق).

يېتىمنىڭ كۆنى قانچىدۇر،
چىۋىنگە مۇنارنى يۆلەتكەنچىدۇر.

يېگى بايدىن قەرز ئالما،
كىشىنىڭ رىزقىغا كۆز سالما.

يېگى بايغا قەرزدار بولما،
تەمەخورغا دوست (بولما).

يېگى تۇماقنىڭ يىرتىقى يوق،
ھالال ئىشنىڭ پۇتىقى (يوق).

يىغساڭ باي بولىسەن،
چاچساڭ نامرات (بولىسەن).



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# بېخىللىق، سېخىيلىق ۋە ئاچ كۆزلۈك توغرىسىدا

# ئا

ئابدالنىڭ پەنجى تويماس،
ئاچ كۆزنىڭ نەپسى (تويماس).

ئاچ بېلىق يەمچۈكنى قارمىقى بىلەن يۇتار.

ئاچ كۆز ئاچ قورساقنىڭ ھالىغا يەتمەس.

ئاچ كۆز ئادەم ئاش تاللىماس،
قاغدالما قىز ياش (تاللىماس).

ئاچ كۆز ئاغزىم كۆيىدۇ دېمىسە،
دوزاخنى يۇتار.

ئاچ كۆز ئەجىلىدىن بالدۇر ئۆلەر.

ئاچ كۆز تويغىنىنى بىلمەس،
بېخىل بېيىغىنىنى (بىلمەس).

ئاچ كۆز تويماپتۇ،
تويسىمۇ قويماپتۇ.

ئاچ كۆز تويماس،
بېخىل بېيىماس.

ئاچ كۆز چىشى بىلەن ئۆزىگە گۆر كولار.

ئاچ كۆز دۇنياغا تويماس،
ئۇششۇق داۋاغا (تويماس).

ئاچ كۆز لاچىن تىرنىقىدىن ئايرىلار.

ئاچ كۆز ئىشاندىن قاچار،
بېخىل مېھماندىن (قاچار).

ئاچ كۆزگە تاڭ ئاتماس.

ئاچ كۆزگە دەريا سۈيى بىر ئوتلام.

ئاچ كۆزگە هارام يوق،
خامانغا ئارام (يوق).

ئاچ كۆزگە ئىش بەرمە،
ۋاپاسىزغا ئاش (بەرمە).

ئاچ كۆزلۈك ئادەمنى خار قىلار.

ئاچ كۆزلۈك ئەقىلدىن ئازدۇرار.

ئاچ كۆزلۈك ـــ بالايىئاپەتنىڭ يىلتىزى.

ئاچ كۆزنىڭ قارنى بەشتۇر،
بىرى دائىم بوشتۇر.

ئاچ كۆزنىڭ قايغۇسى جىق،
قانائەتچاننىڭ شادلىقى (كۆپ).

ئاچ كۆزنىڭ كۆزى تۆت.

ئاچ كۆزنىڭ كۆزى تۆت،
بۇرنى سەككىز.

ئاچ كۆزنىڭ ئازى ئارتىدۇ،
دەردىنى كېچىسى تارتىدۇ.

ئاچ ئىتقا ئاش بەرسەڭ،
توق ئىتقا خىرقىرار.

ئاچقا ئۆلگەننىڭ قەبرىسى يوق.

ئاچنىڭ يېنىدىن قاچ.

ئاخۇنۇم گۆش ئالماس،
گۆش ئالسا بوش ئالماس.

ئادەم دېگەن ناشۇكۇر،
توقتا چىققۇچە يوق سەۋر.

ئادەم قىچقارسا بارمايمەن،
ئاش قىچقارسا قالمايمەن.

ئارتۇق ئۇلجا باشقا يۈك.

ئارغامچا پۇلى تۆرۈپ،
كۆلا پۇلىنى تۇتۇپتۇ.

ئازغا شۈكۈر قىلساڭ، كۆپى كېلەر.

ئازنى ئايىغان كۆپتىن قۇرۇق قاپتۇ.

ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ.

ئاغزى يوغاننى ئۆيدە سىنا،
نەپسى يوغاننى تويدا (سىنا).

ئاغىچا خېنىم زەللىسىگە ئىشىنەر،
قازى ئاخۇنۇم سەللىسىگە (ئىشىنەر).

ئاق قۇشقاچتىن ياغ چىقماس.

ئاقساق يول تالىشار،
پىخسىق پۇل (تالىشار).

ئاقساق يول تالىشىپتۇ،
پىخسىق پۇل تالىشىپتۇ.

ئالاردا ئالامان،
بېرەردە بەزگەك.

ئالاردا ئەئۈزۈبىللا،
بېرەردە ئەستاغپۇرۇللا.

ئالاردا چاققان،
بېرەردە قاچقان.

ئالاردا سانىقى ئوتتۇز،
بېرەردە سانىقى توققۇز.

ئالاردا كىرەر جېنى،
بېرەردە چىقار جېنى.

ئالاردا ھاي - ھاي،
بېرەردە ۋاي - ۋاي.

ئالاي دېسە ئالىيمپتۇ،
بېرەر دېسە ھېجىيىپتۇ.

ئالاي دېسەڭ ئاۋۋال بەر.

ئالسام، يېسەم، بەرمىسەم،
ئەنجانغا كەتسەم، كەلمىسەم.

ئالسام، يېسەم، بەرمىسەم،
يىراققا كەتسەم، كەلمىسەم.

زەردار مېنىڭ تۇغقىنىم،
نامراتنى مەن كۆرمىسەم.

ئالغاندا پاتمانلاپ،
بەرگەندە مىسقاللاپ.

ئالغاندا خۇش چىراي،
بەرگەندە مۇز چىراي.

ئالغاندا ياغدەك،
بەرگەندە داغدەك.

ئالغاندا ياھۇ،
بەرگەندە ئاھۇ.

ئالغۇچە «ھەشقاللا»،
بەرگۈچە «ئەستاغپۇرۇللا».

ئالغۇچە ئارسلان،
بەرگۈچە چاشقان.

ئالغۇچە ئالمان،
بەرگۈچە بەزگەك.

ئالغۇچە ئەركەك،
بەرگۈچە بەزگەك.

ئالغۇچە بىگىز،
بەرگۈچە لاتا ـ كىگىز.

ئالغۇچە سۆزىنى كۆرۈڭ،
بەرگۈچە كۆزىنى (كۆرۈڭ).

ئالغۇچە قوغۇن پىچاي،
بەرگۇچە ئاغزىغا چىچاي.

ئالغۇچە ياپىر،
بەرگۇچە كاپىر.

ئالماقلىق زىرەكلىك،
بەرمەسلىك نادانلىق.

ئالماقنىڭ بەرمىكى بار،
چىقماقنىڭ چۈشمىكى (بار).

ئالىدىغاندا ئاچ،
بېرىدىغاندا قاچ.

ئاي نۇرىدا قول ئىسسىتقىلى بولماس.

ئايالنىڭ كىيىمى پۈتمەس،
هارۋىنىڭ جابدۇقى (پۈتمەس).

ئە

ئەجەل يەتمىسە جان چىقماس،
بېخىل بايىدىن نان (چىقماس).

## ب

بار دېسەڭ بارچىغا يېتەر،
يوق دېسەڭ قانچىگە (يېتەر).

باغۋەن گۈلگە ئامراق،
بېخىل پۇلغا (ئامراق).

بەرگەكنى ئالغاق تونۇيدۇ.

بەرگىنى ئالىقانچە،
ئالغىنى ئالەمچە.

بەرگىنىڭنى مىننەت قىلما،
ئالغىنىڭنى ئۇنتۇپ قالما.

بەرمەس قاغىدىن پوق بەرسىمۇ ئال.

بەرمەس قىزنىڭ تويلۇقى ئېغىر.

بەرمەسنىڭ باھانىسى تولا.

بەرمەسنىڭ ئېشى پىشماس،
پىشسىمۇ قازىنىدىن چىقماس.

بەرمەسنىڭ ئىشى پىشماس،
تەمەخورنىڭ ئىچى پۇشماس.

بەرمەككە بىرمۇ كۆپ،
ئالماققا ئونمۇ ئاز.

بەرمىسەڭمۇ تەڭلەپ قوي.

بەرمىگەننى سورىما،
كەلمىگەننى چاقىرما.

بۆرەك بەرسە ئابدۇل ئاخۇن،
بەرمىسە ئابدۇل تۇڭگان.

بۆرىنىڭ ئورتاق، قاغىنىڭ دەرەخ بېشىدا.

بۆرىنىڭ ئۆزى تويسىمۇ كۆزى تويماس.

بېخىل ئادەم پىتنىڭ ئۆچىيىگە ھېسىپ قۇيار.

بېخىل ئادەم لەنەتتە،
سېخىي ئادەم ھۆرمەتتە.

بېخىل ئالغاننى ئۇنتۇيدۇ،
سېخىي بەرگەننى (ئۇنتۇيدۇ).

بېخىل باي بولسا ئاتىسىنى ئۇنتۇيدۇ.

بېخىل باي بولۇپ ئاتىسىنى تونۇماپتۇ،
سېخىي باي بولۇپ پادىسىنى (تونۇماپتۇ).

بېخىل بايدىن پۇل ئالماق تەس،
پېتىر ناندىن قىل (ئالماق تەس).

بېخىل بايدىن سېخىي گاداي ياخشى.

بېخىل بايدىن نان چىقماس،
ئەجەل يەتمەي جان (چىقماس).

بېخىل بايدىن نان چىقماس،
ئۆلگەن مالدىن قان (چىقماس).

بېخىل بەختلىك ئەمەس،
سېخىي بەختلىك.

بېخىل بىر يارماقنىڭ تۆشۈكىدىن قىرىق قېتىم ئۆتەر.

بېخىل بىلەن دوست بولغۇچە،
سېخىيغا قوشنا بول.

بېخىل پۇلغا ئامراق،
كېپىنەك گۈلگە (ئامراق).

بېخىل پۇلغا تويماس،
سىنتنى تاشلاپ قويماس.

www.uyghurkitap.com

بېخىل تاپسا بېسىپ يەر،
سېخىي تاپسا چېچىپ (يەر).

بېخىل تاپسا ئۆزى يەر،
سېخىي تاپسا ھەممە يەر.

بېخىل تاپسا يېيىپ يەر،
سېخىي تاپسا ئېچىپ يەر.

بېخىل تاشتىنمۇ ياغ چىقىرار.

بېخىل تۆز بەرمەس،
ۋالاقتەگكۈر سۆز (بەرمەس).

بېخىل چاي بەرمەس،
تاش ماي (بەرمەس).

بېخىل جېنىدىن كېچەر،
مېلىدىن كەچمەس.

بېخىل جېنىدىن كېچەر،
سېخىي مېلىدىن كېچەر.

بېخىل چۆچۈرە يېسە ئىچىدە ساناپ يەر.

بېخىل چىشلەپ ياتار،
سېخىي ئىشلەپ ياتار.

بېخىل دەرۋىشتىن سېخىي مۇساپىر ياخشى.

بېخىل دەۋادا ئۇتالماس.

بېخىل سالامدىن قېچىپتۇ،
پېخسىق مېھماندىن (قېچىپتۇ).

بېخىل سودىگەر ئىنساننى ساتار.

بېخىل سېخىينى كۆرەلمەپتۇ،
ھاكچى تۇگمەنچىنى (كۆرەلمەپتۇ).

بېخىل سىقىپ يالايدۇ،
تەمەخور ئىشىك مارايدۇ.

بېخىل سىقىمىنىڭ تېشىنى يالايدۇ.

بېخىل سىقىمىنىڭ ئىچىنى ئايايدۇ،
تېشىنى يالايدۇ.

بېخىل قېرىسا بىر تىيىننىڭ تۆشۈكىدىن قىرىق قېتىم ئۆتەر.

بېخىل كېپەن تاپسا ئۆلۈۋالار.

بېخىل كىشى خۇدانىڭ سېخىيلىقىدىن قىزغىنار.

بېخىل كىشىنىڭ داڭقى چىقماس.

بېخىل ئۆزىنىڭ سايىسىدىنمۇ قىزغىنىدۇ.

بېخىل يىغىپ ئۆلەر،
ئاچ كۆز يەپ ئۆلەر.

بېخىلدىن پۇل سورىما،
ناداندىن ئەقىل (سورىما).

بېخىلدىن تەمە قىلىش ــ خارلىقسىز بولماس.

بېخىلدىن تۇخۇم ئالسا سېرىقى چىقماس.

بېخىلدىن مەنپەئەت كۈتمە،
زالىمدىن شەپقەت (كۈتمە).

بېخىلدىن نان سورىغىنىڭ ــ جان سورىغىنىڭ.

بېخىلغا «نان» دېسە،
«جان» دەپ ئاڭلىنار.

بېخىلغا قول بىلەن يانچۇقىنىڭ ئارىسى قىرىق كۈنلۈك.

بېخىلغا ھاجىتىڭ چۈشسە «يوق» دەيدۇ،
سېخىيغا ھاجىتىڭ چۈشە «خوپ» (دەيدۇ).

بېخىللىقنىڭ كۆزى قارىغۇ.

بېخىلنى جەننەتكە تەكلىپ قىلسا،
قوتۇر ئۆچكىسىنى يېتىلەپ كىرەر.

بېخىلنى دىۋانە ئوڭلايدۇ.

بېخىلنى سېخى ئوڭلايدۇ.

بېخىلنىڭ بالىسى چىڭگىز چىقىپتۇ،
سېخىينىڭ بالىسى كىگىز (چىقىپتۇ).

بېخىلنىڭ بېغى كۆكەرمەس.

بېخىلنىڭ بىر ئۇتلام ئېشى — قىرىق يىلغىچە ئېغىز كۆيدۇرۇر.

بېخىلنىڭ پوقىغا بىگىز ئۆتمەس.

بېخىلنىڭ پۇلى چىققۇچە جېنى چىقىپتۇ.

بېخىلنىڭ تاپىنىغا بىگىز ئۆتمەپتۇ.

بېخىلنىڭ تۇزى تېتىماس.

بېخىلنىڭ تۇڭلۇكىدىن يەل كىرمەس،
ئىشىكىدىن ئەل (كىرمەس).

بېخىلنىڭ خىزمىتىنى قىلغۇچە،
سېخىينىڭ ئىتىنى يېتىلە.

بېخىلنىڭ ساخاۋىتى يوق.

بېخىلنىڭ شامى ئاقسا كۆزىنىڭ يېشى ئاقار.

بېخىلنىڭ غەلۋىرىگە سۇ ئېلىقلىق،
ئارغامچىسىغا ئۇن بېسىقلىق.

بېخىلنىڭ قولىدا ئاي بولسىمۇ ئالەم يورۇماس.

بېخىلنىڭ كۆزى قارىغۇ.

بېخىلنىڭ ئوغلى بەتخەج كېلۇر.

بېخىلنىڭ ئۆلۈكىنى ئىت يېمەس،
تېرىكىنى پىت (يېمەس).

بېخىلنىڭ ئۆيى يىراق.

بېخىلنىڭ ئىشى قىرىق كۈنگىچە ئىغىز كۆيدۈرەر.

بېخىلنىڭ ئۆيىدە نان بار، ھىممەت يوق،
ھۈرۈننىڭ تېنىدە جان بار، غەيرەت يوق.

بېخىلنىڭ ئۆيىدە نان پادىشاھ، ئاش ئەۋلىيا.

بېخىلنىڭ ئۆيىدە ئىت توختىماس،
تازنىڭ بېشىدا پىت (توختىماس).

بېخىلنىڭ ئۆيىدىن ئاش چىقماس،
ئۆلسە كۆزىدىن ياش (چىقماس).

بېخىلنىڭ ئىتى ئۇلۇغ،
سۈپرىسى قۇرۇق.

بېخىلنىڭ ئىشىدىن سىخىينىڭ مۇشتى ياخشى.

بېخىلنىڭ ئېشىنى ئالماق،
كۆزىنىڭ يېشىنى ئالماق.

بېخىلنىڭ ئېشىنى ئالماق ــ كۆزىنىڭ يېشىنى ئالماق.

بېخىلنىڭ ئېشىنى ئىت يەر،
تېنىنى پىت (يەر).

بېخىلنىڭ ئېشىنى يېگۈچە،
سېخىينىڭ ئىشىنى قىل.

بېخىلنىڭ يۈزى يوق.

بېخىلنىڭ يىڭنىسى تۆگە.

بېرىشتە سانىقى توققۇز،
ئېلىشتا سانىقى ئوتتۇز.

بېرىشى بىر تەڭگە،
ئېلىشى ئون تەڭگە.

بېرىۋىدىم خان بولدۇم،
ئېلىۋىدىم تاز (بولدۇم).

بىر تاۋاق ئاش كەلدى جېنىم سۆيۈندى،
بىر قوشۇق ئالماي تۇرۇپ تۇۋى كۆرۈندى.

بىرى پۇل يىغسا،
بىرى خالتا تىكەر.

بىزنىڭكىگە بارغاندا يەپلا،
سىلىنىڭكىگە بارغاندا گەپلا.

بىكاردىن كەش تاپسام، قوراملىقتا توشقان تۇتسام.

بىكاردىن كىپەنلىك تىپىپ،
زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋاپتۇ.

بىكارغا ئاش بەرسە، «تارازاڭ راستۇ» دەپتۇ.

بىكارغا مۇشۇكمۇ ئاپتاپقا چىقمايدۇ.

پ

پارىخور تەمەگە ئامراق،
سارالڭ ساماغا (ئامراق).

پايدىنى كۆرسە بۇرگىدەك،
زىياننى كۆرسە كىرپىدەك.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىشىدىن شەيتان قىزغىنىپتۇ.

پۇلى بار بىخىلدىن، پۇلى يوق سىخىي ياخشى،
سۇپۇرۇلمىگەن ئۆيدىن قۇرۇقدىغان ئىغىل (ياخشى).

پىخسىق دۇنياغا تويماپتۇ،
ئۇششۇق دەۋاغا (تويماپتۇ).

پىخسىق زىيانغا چىدىماس،
تېرىككەك ئويۇنغا (چىدىماس).

پىخسىقنىڭ پوقىنى چوقۇغان قاغىنىڭ قورسىقى ئاغرىپتۇ.

پىخسىقنىڭ داستىخىنى يېڭى.

پىخسىقنىڭ ئۆيى — جەھەننەم.

ت

تاماخور ھەجگە بارسا ھېجىرنى ئېلىپ بارار.

تاماخوردا ئىمان يوق.

تاما — تامانىڭ تۈۋى كاما.

تەڭ ئورتاقلىق ئىنەكتىن يالغۇز موزاي ئەلا.

تەڭ يېگەننى تەڭرى ياقتۇرار.

تەمەخورنىڭ بۇغدىيىكى غۇرت - غۇرت.

تەمەخورنىڭ تاغىرى قۇرۇق.

تەمەنىڭ قوڭى كامار.

توقۇمنى ئوغرىلىغان تۆگىنىمۇ ئوغرىلار.

توي دېسە ئورۇق كالا يۈگۈرۈپتۇ.

تويماس كۆزنى گۆرنىڭ توپىسى تويدۇرار.

تويماس گېپىنى سېتىپ يەيدۇ.

تويمىغاننىڭ ئارتۇقى قورساق ئاغرىتار.

تۇخۇمنىڭ ئېقىنى يېگەن سېرىقىنىمۇ يەيدۇ.

تۇل خوتۇن گەپكە ئامراق،
تەمەخور نەپكە (ئامراق).

تۇتۇننى بۇلۇت كۆرمەس،
يۇندىسىنى ئىت (كۆرمەس).

تېرىققا ئۇشكە قويۇپ،
زىغىرغا رەندە ساپتۇ.

تېرىقنى دەپ تاۋۇزدىن قۇرۇق قاپتۇ.

تېكە بولسىمۇ سۈت بەرسۇن.

## ج

جاغدا قوغۇن قىنىڭمۇ، ئەگرى قوغۇن ئىرىڭمۇ؟

جاندىرىڭغا مەن تويمىدىم،
قۇرۇق پەتنگە سەن تويمىدىڭ.

جاھىللىنىڭ جاراھىتى يوق.

جىنىم پۇلۇم، خىنىم پۇلۇم،
ماڭا تىخىمۇ يىقىن تۇرۇڭ.

## چ

چاشقانغا كىپەك ئالدۇرماپتۇ،
قوڭغۇزغا تىزەك (ئالدۇرماپتۇ).

چاڭقىغاندا سۇ بەر،
مۇزلىغاندا ئوت (بەر).

چىلاپ يىگەن بىرنى يەپتۇ،
تۇگۇرۇپ يىگەن ئوننى (يەپتۇ).

## خ

خەزىنە ـــ خەلققە.

خورلۇقنىڭ بېشى تەمە.

خىزمەت قىلدىڭ خوپ قىلدىڭ،
مىننەت قىلدىڭ يوق قىلدىڭ.

## د

دۇنياپەرەس ئادەم پۇلنىڭ قۇلى.

دۇنياغا پەس بولمىغان مەنسەپكە مەست بولماس.

دۇنيانىڭ مېلى دۇنيادا قالىدۇ.

دېڭىزنى تولدۇرغىلى بولماس،
ئاچ كۆزنى تويغۇزغىلى (بولماس).

دېمە، دېگۈزمە، يېمە، يېگۈزمە.
دېۋاننىڭ خالتىسى تولماس.



ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com

راھمان بەرسە شەيتان قىزغىنىپتۇ.

## ز

زېخىدا زاك كۆرمىگەن،
چۆشىدە نان (كۆرمىگەن).

زىغىرغا رەندە ساپتۇ،
تېرىققا كاسىۋال.

## س

سوپى سوپۇن تاپماس،
تاپسا يىلتىزىنى قويماس.

سودىگەر ھېساب بىلەن بېيىيدۇ،
بېخىل لەززەت كۆرمەي قېرىيدۇ.

سويسا قوزا ئۆلىدۇ،
سويمىسا ئۆزى (ئۆلىدۇ).

سۇ بەرمىگەنگە سۈت بەر.

سېخىي ئالتە چاپان كىيسە،
بېخىل كالتە چاپان كىيەر.

سېخىي بەرسە بېخىل ئاھ ئۇرۇپتۇ.

سېخىي تاپسا بېرىپ يەر،
بېخىل تاپسا يېيىپ (يەر).

سېخىي جەننەتتەك بولار،
بېخىل دوزاختەك (بولار).

سېخىي جەننەتى،
بېخىل دوزىخى.

سېخىي خەير قىلسا،
بېخىل قان چىچار.

سېخىي خۇداغا يېقىن،
بېخىل گۇناھقا (يېقىن).

سېخىي دوست جانغا ئەسقاتار،
بېخىل دوست نانغا (ئەسقاتار).



ئۇيغۇر كىتابلىرى

سېخىي رەھمەت يىغار،
بېخىل تۆھمەت (يىغار).

سېخىي سەدىقە بەرسە،
بېخىلنىڭ قورسىقى ئاغرىپتۇ.

سېخىي سېخىيلىق قىلسا،
بېخىلنىڭ كۆڭلى تاراقلار.

سېخىي قاچىلاپ يەيدۇ،
بېخىل غاجىلاپ (يەيدۇ).

سېخىي مېھمانغا بەش قازان ئېسىپتۇ،
بېخىل مېھمانغا كەچ قازان ئېسىپتۇ.

سېخىي نان دېگۈزمەس،
بېخىل نان يېگۈزمەس.

سېخىيغا شەرت كەتمەس،
مەردكە دەرد يەتمەس.

سېخىيلىق سائادەت،
بېخىللىق ئاداۋەت.

سېخىيلىق ئۇلۇغلۇقنى كەلتۈرەر.

سېخىينى تۆرگە باشلا،
بېخىلنى گۆرگە (باشلا).

سىپخىينى جەننەتتە كۆر،
بىخىلنى مەينەتتە (كۆر).

سىپخىينىڭ بەرگۈسى كەلسە،
بىخىلنىڭ جېنى چىقىپتۇ.

سىپخىينىڭ بىغىدا كۈز بولماس.

سىپخىينىڭ قولى كەڭرى،
ئەل سۆيگەننىڭ يولى (كەڭرى).

سىپخىينىڭ كۆلكىسى بىخىلنى يىغلىتىپتۇ.

سىمىز كالا ئورۇق كالىنىڭ كۆتىنى يالار.

سىقسا سۈيى چىقماپتۇ،
بىگىز تىقسا قېنى (چىقماپتۇ).

سىقىملاپ بېرىپ تۈتاملاپ ئاپتۇ.

سىيىر سىيىپىغاننى بىلمەس،
بىخىل بەرگەننى (بىلمەس).

ش

شورۇقىكەشكە بىر پارچە كىگىز زىيان.

شۈكۈر قىلساڭ ماڭا، يەنە بېرەرمەن ساڭا،
شۈكۈر قىلمىساڭ ماڭا، نېمەمنى بېرەرمەن ساڭا.

## غ

غېرىبنىڭ ھالىغا غېرىب يېتەر،
بېخىل قارىماي كېتەر.

## ق

قاچىسىدىكى تۇگمەي تۇرۇپ،
قازاندىكىنى دەم تارتىپتۇ.

قارنى ئاچقان موللا قارىلىق ئۆيگە يۈگۈرەيدۇ.

قارنى يامان تويغىنىنى بىلمەس،
بېخىل بېيىغىنىنى (بىلمەس).

قارنى يامان ھېيتتا ئۆلەر،
دەردى يامان كۆيۈكتە (ئۆلەر).

قارنى ياماندىن ئاش ئاشماس.

قارنىم قاچام،
قولتۇقۇم بوخچام.

قارىغۇ يېنىنى سىيلايدۇ.

قازى پۇلغا ئامراق،
ئىت گوداڭغا (ئامراق).

قالىمەن دېگۈچە، ئالىمەن دە!

قانائەتسىزنىڭ ئاغزىدا ئاش، كۆزىدە ياش.

قاننىڭ قەدرىنى سالجى بىلەر،
پۇلنىڭ قەدرىنى ھاجى (بىلەر).

قورساقنى تويدۇرار بىر نان ئۇۋىقى،
ئاچ كۆزنى تويدۇرالماس ئالەم نېمىتى.

قورسىقىم ئالدىدا ماڭىدۇ.

قول بىلەن يانچۇق ئارىسى بەش يىللىق.
قوينىدا نېنى بارنىڭ قورسىقى توق.

قورۇق دۇئايى ـ سالامغا،
توكۇر بارىكاللا.

قۇشقاچ بېرىپ، غاز سوراپتۇ.

قىرىپ ئالساڭ قىرىق كۈن يېتەر،
ئويۇپ ئالساڭ ئون كۈن (يېتەر).

قېلىنلىقىدىن قان چىقماس،
بېخىللىقىدىن نان (چىقماس).

قىزغانچۇق دائىم ئىشىك يېپىپ تۇرار،
كىشى كىرسە چۆمۈچنى قازانغا ئۇرۇپ تۇرار.

قىزغانچۇقنى بېخىل دېمەڭلار،
ئېشەك سويسا قاساپ (دېمەڭلار).

قىزغانچۇقنىڭ قازىنى قاينىماس.

قىزغانچۇقنىڭ ھالۋىسىدىن قولى ئوچۇقنىڭ ئۇمىچى ياخشى.

قىزغانچۇقنىڭ ئېشى پىشماس،
پىشسىمۇ ئوچاق بېشىدىن چۈشمەس.

قىزغانچۇقنىڭ ئېشى قورساق ئاغرىتار.

قىزغانچۇقنىڭ ئېشى قىرىق يىلغىچە ئېغىز كۆيدۈرەر.

قىزغانچۇقنىڭ ئېشىنى ئىت يەر.

قىزلارنى چۆرگۈلەتكەنمۇ پۇل،
ئوغۇللارنى ئۆمىلەتكەنمۇ پۇل.

قىزىل كۆزدىن ۋاپا كەلمەس،
قوي كۆزدىن جاپا (كەلمەس).

## ك

كەسسە پىچاق ئۆتمەيدۇ،
چەكسە قان چىقمايدۇ.

كۆپ يېگەن بالدۇر ئۆلەر.

كۆپتىن مۇشت تەگسىمۇ ئال.

كۆزى ئاچنىڭ باغرى تاغ.
كۆزى توقنىڭ ئۆزى توق.

كۆزى تويماسنىڭ غېمى پۈتمەس.

كۆڭۈلنى كەڭ تۇتساڭ بارچىغا يېتەر.

كىشىگە بەرسەم ئىسسىق ئىشىم،
ئۆزۈم يېسەم سېسىق ئىشىم.

كىشىنىڭكىنى بۇلاپ تالايدۇ،
ئۆزىنىڭكىنى سىقىپ يالايدۇ.

كىمنىڭ نەپسى بالادۇر،
ئاپىرىپ ئوتقا سالادۇر.

## گ

گىرىينى بازار ئوڭلايدۇ،
تويماسنى مازار (ئوڭلايدۇ).

## م

ماختانچاق ماختىنىشتىن ئۇيالماس،
ئاچ كۆز يۈز كېتىشتىن (ئۇيالماس).

مال ئاچچىقى — جان ئاچچىقى.

مال بەرمەك — جان بەرمەك.

مەرد يىقىتار، ئۆلتۈرمەس.

موزدۇزنىڭ كۆزى ياماقتا،
ئاچ كۆزنىڭ كۆزى تاماقتا.

موزدۇز بېخىلدىن قورقىدۇ،
سودىگەر نېسىدىن (قورقىدۇ).

موللا بىكار، سىيا مۆت،
يول ماڭىدۇ بىكار پۆت.

موللا ئېلىشنى بىلەر،
بېرىشنى بىلمەس.

مولىلىنىڭ قارنى بەشتۈر،
بىرى ھەمىشەم بوشتۇر.

مولىلىنىڭ مۇددىئاسى بىسمىللادىن بىلىنەر.

مولىلىنىڭ دەسمايىسى جەننەت بىلەن دوزاخ،
ئوۋچىنىڭ دەسمايىسى قىلتاق بىلەن تۇزاق.

مۈشۈكنىڭ ئالدىدا بەز تۇرماس.

مىراسخورغا جۇۋا خوپ كەلدى.

مىننەتخورنىڭ پوقىنىمۇ ئىت يېمەيدۇ.

مىننەتلىك ئاش زەھەردىنمۇ يامان.

مىننەتلىك پولۇدىن،
مىننەتسىز ئۇماچ ياخشى.

مىننەتلىك ئېشىڭدىن ئاچ قالغىنىم ياخشى.

مىننىتى بار قەنت چايدىن،
ئېرىقتىكى لاي سۇ ياخشى.

## ن

نائىنساب بىر ئوتلىسا يەتتە قوشۇق ئوتلار.

نەپسى بالا — جانغا جاپا.

نەپسى بالا — سۇپۇرۇپ سالار.

نەپسى بالا — ئوتقا سالار.

نەپسى غالىبىنىڭ ئۆمرى كوتا.

نەپسى يامان بالانى يەر.

نەپسى يامان تامىقىدىن ئىلىنار.

نەپسى يامان خامغا ئامراق.

نەپسى يامان نەپكە تۇرار،
غەيۋەتچى گەپكە (تۇرار).

نەپسى يامان نەپكە دۇم چۈشۈپتۇ،
غەيۋەتچى گەپكە (دۇم چۈشۈپتۇ).

نەپسى يامان ئىماننى بىلمەيدۇ،
بەتنىيەت ۋىجداننى (بىلمەيدۇ).

نەپسى يامان يەپ تويماس،
ئاغزى يامان دەپ (تويماس).

نەپسى يامان يەتتە نەزىردىن قۇرۇق قاپتۇ.

نەپسىگە بېرىلگەننىڭ نەپسى قىسقىرىپتۇ.

نەپسىڭ يامان بولسا، بېشىڭ ئامان بولماس.

نەپسىڭگە بويسۇنساڭ تىزگىنىنى قويۇۋەت.

نەپسىڭنى قويساڭ مەيلىگە،
چۈشۈپ قالارسەن غەلۋىگە.

نەپسىڭنى هارامغا ئۆگەتمە،
تاپقىنىڭنى يەپ تۈگەتمە.

نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرسەڭ يۈزۈڭ كېتىدۇ.

نەپسىنى يىغقان سۇلتان بولۇر،
يىغمىغان ئۇلتان (بولۇر).

نەپسىنى يىغمىغان ئوڭدا قالار.

نەپسىنىڭ تىزگىنى — ئەقلىنىڭ قولىدا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھاراق بېخىلنى مەرد قىلار.

ھالۋىدا تۆز بولماس،
بېخىلدا يۈز (بولماس).

ھەر ئىش ئۆز مەھەللىسىدە،
توختىكام ئۆز مەھەللىسىدە.

ھەركىم ھەرنېمە دەيدۇ، مەن دېگەننى دېيەلمەس،
ئۆتكەمىدە بېرىمەن دەپ، غەلۋىردىمۇ بېرەلمەس.

ھەسەلنىڭ قىلىنى ئايرىيدۇ،
ھۆپۆپنى يۇڭدىماي يەيدۇ.

ھۇرۇن ئاتقا يول يىراق،
بېخىلغا ئاغىنە (يىراق).

ھۇرۇن ئاتقا يول يىراق،
بېخىل ئادەمگە يانچۇق (يىراق).

## ئو

ئورماندا تۇرۇپ ئوتۇنى يوق،
ئالتۇن تاۋىقى تۇرۇپ نېنى (يوق).

ئوغرى مال كويىدا،
قوشنام گال (كويىدا).

## ئۇ

ئۇيقۇ جاي تالىماس،
نەپسى يامان ئاش (تالىماس).

## ئۆ

ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپتۇ.

ئۆزۈم يېسەم ئىسسىق ئېشىم،
خەققە بەرسەم سېسىق ئېشىم.

ئۆزۈمگە دېسە ئۆلۈكمۇ يۈگۈرۈپ قوپار.

ئۆزى تويسىمۇ كۆزى تويماپتۇ.

ئۆزى تويماسنىڭ كۆزى تويماس.

ئۆزىمۇ يېمەس، كىشىگىمۇ بەرمەس،
سېسىپ كېتەر، كېرەككە كەلمەس.

ئۆلۈم ـ يېتىم كۆپ يەردە موللا سەمرىيدۇ.

ۋ

ۋالاقتەگكۈر گەپ بەرمەس،
بېخىل نەپ (بەرمەس).

ئې

«ئېلىپ»نى ئوقۇپ،
«بە»نى ئوقۇمىغان ـ دە.

ئېلىشتا ئارسلان،
بېرىشتە چاشقان.

ئېلىشتا ئالمان،
بېرىشتە بەزگەك.

ئېلىشتا بىگىز،
بېرىشتە كىگىز.

ئېلىشتا تەزىم بىلەن،
بېرىشتا قازىم بىلەن.

ئېلىشتا هاي ـ هاي،
بېرىشتە ۋاي ـ ۋاي.

ئېلىشتا ھەپىرەڭ،
بېرىشتە زەپىرەڭ.

ئېلىشتا ياپىر،
بېرىشتە كاپىر.

ئېلىشمىغۇچە تېپىشماس.

ئېلىشنى ئېلىپ،
بېرىشنى بىلمەپتۇ.

ئېلىڭ دېسە ئەرشكە يېتەر قولى،
بېرىڭ دېسە يېگىدىن چىقماس قولى.

ئېلىۋالسام بەرمىسەم،
تاغقا چىقسام كەلمىسەم.

# ئى

ئىت ئۆز يالىقىدىن قىزغىنار.

ئىچى تارغا دۇنيامۇ تار كۆرۈنەر.

ئىچى تارنىڭ قورسىقىغا تېرىق پاتماس.

ئىچى تارنىڭ گۆرى تار.

ئىچى توشمىسا تېشىغا چىقماس.

ئىچى يامانىنىڭ قازىنى قاينىماس.

ئىچى يامانىنىڭ كۆڭلى خۇش بولماس.

ئىچى يامانىنىڭ ئېشىنى ئىت يەيدۇ.

ئىچىدە روزا تۇتۇپ، تېشىدا ھېيت ئوينايتۇ.

ئىشچاننىڭ مىننىتى يوق،
بېخىلنىڭ ھىممىتى (يوق).

ئىنساب بار يەردە ئىمان بار،
ئىمان بار يەردە بەرىكەت (بار).

ئىنسابسىزدىن ئىتمۇ قورقار.

## ي

ياقىسىدىكىنى يالايمەن دەپ ئالدىدىكىدىن قۇرۇق قاپتۇ.

يامانىنىڭ ئىتى يامان.

يەپ تويمىغان يالاپ تويارمۇ،
بۇرۇتتىكى ئاشقا قورساق تويارمۇ؟

يەپ تويمىغان يالاپ تويماس.

يوق دېسەڭ ئاتتىن چۈشۈپ ئىچەي.

يېگەن ئېغىز ئۇيىلار.

يېگەنىنىڭ قولى قىسقا،
ئالغانىنىڭ قولى (قىسقا).

يېگى ئۆزۈنىنىڭ قولى توڭلىماس،
قولى ئۆزۈنىنىڭ كۆزى تويماس.

يېمەس يەردە ئوت بار،
ئىچمەس يەردە سۇ (بار).

يېمەي تۇرۇپ پۇتۇن چىقتى،
بېشىمدىن تۇتۇن چىقتى.

يېمەي دېسە ئىچى ئاغرىيدۇ،
يەي دېسە چىشى (ئاغرىيدۇ).

يېمىگىنى پوق، كۆرمىگىنى گۆر.





# تەدبىركارلىق، پەم - پاراسەت، ئەقىلسىزلىك ۋە باشقا بىر قىسىم ئىجتىمائىي ئەھۋاللار توغرىسىدا

www.uyghurkitap.com

# ئا

ئوتۇن ئوبدان، خوتۇن ئوبدان.

ئاچا قوزۇق يەرگە كىرمەس.

ئاچچىق ئاداۋەت تېرىساڭ،
قاتتىق جاھالەت ئورىسەن.

ئاچچىق ياغاچنى قۇرت يېمەيدۇ.

ئادەمنى تەربىيە تۈزەيدۇ.

ئادەمنىڭ سىرى ئۆلگەندە،
ئاتنىڭ سىرى مىنگەندە.

ئاز يېسەڭ لەززەت تاپارسەن،
كۆپ دېمىسەڭ ھۆرمەت تاپارسەن.

ئاش يېسەڭ تاۋىقىغا باق،
ئاش ئىگىسىنىڭ قاپىقىغا باق.

ئاشنى سىڭگەندە ماختا،
خوتۇننى ئۆلگەندە (ماختا).

ئاشنىڭ تەمى بىر چىمدىم تۇز.

ئاشنىڭ ئىسسىقى ياخشى،
مېۋىنىڭ پىششىقى (ياخشى).

ئاغزىڭ قان بىلەن تولسىمۇ،
دۈشمەن ئالدىدا تۈكۈرمە.

ئاققۇناقنىڭ پاتىقى تولا،
ھىيلە ئىشنىڭ چاتىقى (تولا).

ئاقىلنىڭ سۆزى ئۆمرى ئۆتكۈچە،
نادانىنىڭ سۆزى ئىشىكتىن چىققۇچە.

ئالتە ئۆلچەپ بىر كەس.

ئالما دەرەختىن ئۆزى چۈشمەس.

ئاۋۋال چىققان قۇلاقتىن،
كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ.

ئاي تۇندە كېرەك،
ئەقىل كۈندە (كېرەك).

ئەپچىل ئادەم مىنگەن ئات قانات چىقىرىپتۇ.

ئەقىلىڭ كور بولغۇچە كۆزۈڭ كور بولسۇن.

ئەقىل قىسقا ئەمەس، ئۆمۈر قىسقا.

ئەقىلنى داداڭدىن سورا،
تەدبىرنى بالاڭدىن (سورا).

ئەگەر تۇرمىساڭ سۆزۈڭدە،
ھۆرمەت بولماس ئۆزۈڭدە.

ئەگرى ئازار، توغرا ئۇزار.

ئەگرى بولسىمۇ يول ياخشى،
گاچا بولسىمۇ قىز ياخشى.

ئەگرى سۆزنىڭ توقمىقى بار،
توغرا سۆزنىڭ سوقمىقى بار.

ئەمچەكنى دېسەڭ ئاناڭغا باق،
مەنسەپنى دېسەڭ داداڭغا (باق).

ئەمگەكسىز ھايات بولماس.

ئەھدە بارنىڭ بەختى بار.

ئەيىبىنى يوشۇرغان ئەخمەق.

## ب

باراڭ ئۆزۈم بىلەن،
ئادەم تۆزۈم بىلەن.

باش لىڭشىتقانغا بۆك قىيىماس.

باشاق سانىماي چاناق سانا.

بايلىق — بايلىق ئەمەس، ئەقىل بايلىق.

بۆركۈت ئۆۋىسى ئەتراپىدا ئوۋ قىلماس.

بېدىك ئېشەككە ئامراق.

بېرىپ باق تىلەپ باق،
بېرىپ باق ئېلىپ باق.

بېزەڭ يولداش بىر كۆنلۈك.

بېشى مىجىلغان يىلان قۇيرۇقىنى ھەر تەرەپكە ئۇرىدۇ.

بېشى يوغان بەگ بولۇر،
پۇتى يوغان قۇل (بولۇر).

بېلىقچىنىڭ تىرىكچىلىكى سۇ بىلەن.

بىر توخۇغىمۇ دان بىلەن سۇ كېرەك.

بىر توخۇنى تاخ دېسە ھەممە توخۇ بېشىنى كۆتۈرۈپتۇ.

بىر قېتىم جېدەل بولغان ئۆيدە قىرىق كۈن بەرىكەت قاچار.

بىر قېتىملىق ساۋاق ــــ ئەخمەققە تەگكەن يۈز دەرრىدىن ئېغىر.

بىر كىشى ياققان ئوت يۈز كىشىنى ئىسسىتار.

بىر كىشىنىڭ مېھنىتىدىن يۈز كىشى راھەت كۆرەر.

بىر مىسقال دۆلەتنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن مىڭ مىسقال تەمكىنلىك كېرەك.

بىر ھەپتە قۇرۇق پالاقلىغاندىن، بىر كۈن چوڭقۇر ئويلانغان ياخشى.

بىر ياش باش ھېسابلانسا، ئىككى باش ئەقىل ھېسابلىنىدۇ.

بىرلەشكەن كۈچ دۈشمەننى يېڭەر.

بىرنى ئاڭلاپ ئوننى پەملەپتۇ.

بىرنى بەرسەڭ بىرنى بېرىدۇ،
پۇلنى بەرسەڭ ناننى بېرىدۇ.

بىرنىڭ ئەقلى بار،
بىرنىڭ پەرقى (بار).

بىرى ئاقچا يىغسا، بىرى خالتا تىكەر.

بىرى ئالتۇن تاۋاقتا ئاش بېرەر،
بىرى ئاشلىق دەردىدە جان بېرەر.

بىرىدىن كەچمىگۈچە، بىرىگە يەتكىلى بولماس.

بىلەك بىر، بارماق بەش.

بىلەك تالدۇرۇپ ئاش ئەتسەڭ، يۈرەك قاندۇرۇپ ئىچەرسەن.

# پ

پادىچىنىڭ ئايىغى يەتمىسە، تايىقى يېتەر.

پادىچىنىڭ ئىتى تالاشسا بۆرە نەپ ئاپتۇ.

پادىنى كېپەككە ئال،
پادىچىنى ئالتۇنغا (ئال).

پارا بېرىپ چاققاندىن قورق.

پاراسەتسىز پالاكەتكە يولۇقار.

پالاقسىز قېيىق قىرغاققا يەتمەس،
بىلىمسىز كىشى مۇرادقا يەتمەس.

پالاكەتكە ئۇچرىماي دېسەڭ ئۆتكەنلەردىن ئىبرەت ئال.

پايدا بار يەردە زىيان بار.

پايدىسى يوق بايدىن سۇيى بار ساي ياخشى.

پايدىسىز كېلىشىمدىن پايدىلىق جېدەل ياخشى.

پايدىسىز ئوغرىنىڭ گۇندىخانىدا ياتقىنى ياخشى.

پەرۋىش قىلمىغان تەكتە ئۇزۇم بولمايدۇ،
باشلىق بوشاڭ بولسا تۇزۇم بولمايدۇ.

پەرۋىشسىز كۆچەت بولماس،
جەبرىسىز چېچەك (بولماس).

پەزىلەتنىڭ بېشى تىل،
ئاڭلىمىسا سۇكۇت قىل.

پەس ئۇچقان ئېگىز قونار،
ئېگىز ئۇچقان پەس (قونار).

پەس، قىلىدۇ قەست.

پەمسىز پەلەمپەيدىن يىقىلار.

پەمسىز كىشىدىن زىرەك ئىت ياخشى.

پەمسىز كىشىنىڭ، مەززىسى يوق ئىشىنىڭ.

پەملىگۈچە، پەملەپ بوپتۇ.

پەمى يوقنىڭ غېمى كۆپ.

پەمىڭ بولسا غېمىڭ بولماس.

پۇت پۇتقا ھەمراھ،
قول قولغا (ھەمراھ).

پۇت يېرىلسا تۈزىلىدۇ،
تىل يېرىلسا ئۈزۈلىدۇ.

پۇتاقنى ئال كەكە بىلەن،
قوينى سوي بەكە بىلەن.

پۇتنى نەم قىلماي بېلىق تۇتقىلى بولماس.

پۇتۇڭ ئاغرىماي كىشەن چىقماس.

پۈتۈكىدا تار ئۆتۈك بولسا، كەڭ جاھاندا نېمە پايدا.

پۈتى چاققان ئاش تاپار،
ئاغزى چاققان ئىش (تاپار).

پۈتى كىچىك چاققاننى كىيەر،
پۈتى چوڭ تاپقاننى (كىيەر).

پۈتىدىن يىقىلغان تۇرار، تىلىدىن يىقىلغان تۇرالماس.

پۇراقسىز گۈلدىن غازاڭ ياخشى،
ۋاپاسىز دوستتىن سازاڭ (ياخشى).

پۇرسەت قولدىن كەتكەندە ئەقىل تاپقىنىڭ بىكار.

پۇرۇچ يىغساڭ تون بولۇر.

پۇشايمانىنىڭ دورىسىنى ئىزدىسەڭ ئەقلىڭنى ئىشقا سال.

پىلەككە بىقىپ خەمەكى بولۇر.

پىچاق دەستىسىنى كېسەلمەس.

پىچاق گال بولسىمۇ قولنى كېسەر،
تاش كىچىك بولسىمۇ باشنى تېشەر.

پىچىقىڭ ئۆتكۈر بولسا ياغاچنىڭ قاتتىقى يوق.

پىچىقنىڭنى بىلەپ يۈر،
خۇدايىمدىن تىلەپ يۈر.

پىرسىز ھۈنەر بولماس،
قىرسىز تاختاي بولماس.

پىشسا گالغا ئۆر،
پىشمىسا تامغا ئۆر.

پىلانسىزنىڭ مەنزىلى پۇشايمان.

پىلانسىز ــ ئاتقان ئوقى نىشانسىز.

پىلانى يوق كىشىنىڭ،
مەززىسى يوق ئىشىنىڭ.

پىنھاندىكى ئۇچقۇن، ئاشكارا يالقۇندىن يامان.

پىيادە قالمىغۇچە، ئاتنىڭ قەدرىنى بىلمەس،
يېتىم بولمىغۇچە ئاتىنىڭ قەدرىنى بىلمەس.

پىيادە يۈرمەن دېگىنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرەي دېگىنىڭ.

ت

تاتلىق يېگەن تەنگە راھەت،
ئاچچىق يېگەن جانغا قاباھەت.

تاتلىقتا تەن ياشىرىدۇ،
ئاچچىقتا جان قاشىرىدۇ.

تاتلىقنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن، ھالۋىغا تۇز قويار.

تارازىنى لىللا تۇت،
شۇندا ياغار ئامەت - قۇت.

تارتىنساڭ كېپىڭ قالۇر،
ئېرىنسەڭ ئىشىڭ قالۇر.

تارتىنغان ئاچ قالۇر.

تارچىلىقتا گۆش يېگۇچە، كەڭرىچىلىكتە مۇشت يە.

تارغا تار دۇنيا، كەڭگە كەڭ دۇنيا.

تارنى چىڭىتمۇەرسەڭ ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

تاش ئاتقانغا مۇشت ئات.

تاش ئاقىلنىڭ قولىغا چۈشسە، گۆھەرگە ئايلىنار.

تاش ئالتۇننى سىنىسا، ئالتۇن ئادەمنى سىنار.

تاش بىلەن ئۇرغاننى ئاش بىلەن ئۇر.

تاش بىلەن ياڭاق تەڭ بولماس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاش سوقۇشسا ئوت چىقار،
باش سوقۇشسا داد (چىقار).

تاش كىچىك بولسىمۇ، مىلىڭ ياڭاقنى چاقار.

تاشتىن قاش قورقار،
گۇناھتىن باش (قورقار).

تاشقا چاچ، بەختىڭدىن كۆر.

تاشقا قوزۇق ماڭماس.

تاشقا ياغاچنى تاڭغىلى بولماس.

تاشنى تەپسەڭ پۇتۇڭ ئاغرىيدۇ.

تاشنى چىلىڭ تۇتمىساڭ پۇتۇڭنى چاقار.

تاشنى خوراتقان چەككۈسى،
دوستنى قاچۇرغان دەككىسى.

تاشنىڭ نوچىسى سايدا بولۇر،
خوتۇننىڭ نوچىسى بايدا (بولۇر).

تاشنىڭ ھەممىسى باش يارماس.

تاشنىڭ ئېغىرى يەرگە يۆك،
خوتۇننىڭ ئېغىرى ئەرگە (يۆك).

تاغ تاغقا قوشۇلماس،
ئادەم ئادەمگە قوشۇلار.

تاغ تاغقا قوشۇلماس،
ئەل ئەلگە قوشۇلار.

تاغار قوپۇپ قاپنى يۈلەر،
كېسەل قوپۇپ ساقنى (يۆلەر).

تاغارنىڭ ئاغزىنى ئاۋايلىسا تۇۋىگە پايدىسى بار.

تاغدا يولۋاس بولمىسا مايمۇن پادىشاھ.

تاغدەك ئالتۇنۇڭ بولغۇچە، تېرىقتەك ئەقلىڭ بولسىچۇ.

تاغدەك ئىشنىڭ تېرىقتەك تۈگۈنى بار.

تاغدەك يامانلىقنى تېرىقتەك ياخشىلىق يېڭىپتۇ.

تاغدىن يىقىلغان ھېچ گەپ ئەمەس،
ئەلدىن يىقىلغان يامان.

تاغقا چىقساڭ تاغنىڭ غەزىلىنى ئېيت.

تاغىرىڭدا ئۇن بولمىسا سۇپراڭنى قاق.

تاقىر يەرگە سۇ تۆكسەڭ، ماڭغاندا تايغاق بولۇر.

تالادىكى ئىشنى روپاشتىن سوراڭ.

تالاشقان قىزنى تاشلا.

تالاشقاندا زىيان بار.

تالقان يەۋېتىپ ئوت پۈۋلىگىلى بولماس.

تام زەيدىن ئۆرۈلەر،
ئادەم غەمدىن (ئۆرۈلەر).

تامنى ئۇلداپ ئىشلەت،
گاچىنى گوللاپ (ئىشلەت).

تاۋۇزنىڭ ياخشىسى ئۈزۈن پىلەكتە،
چىشنىڭ ياخشىسى تۆۋەن ئېڭەكتە.

تاي ئات بولغۇچە ئىگىسى مات بولۇر.

تاياق «دۈ»نى كۆندۈرىدۇ.

تاياق ئەتتىن ئۆتەر،
گەپ سۆڭەكتىن (ئۆتەر).

تاياق تەگسە تەگسۇن، بالا تەگمىسۇن.

تاياق تەننى ئاغرىتار،
تىل دىلنى (ئاغرىتار).

تاياقنى هايۋانغا ياراتقان،
سۆزنى ئادەمگە (ياراتقان).



ئۇيغۇر كىتابخانىسى www.uyghurkitap.com

تەدبىر بولسا تاش ئۈستىدىمۇ ئاش بولىدۇ.

تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولۇر.

تەربىيە باشتا قاتتىق بولسا، ئاخىرى تاتلىق بولىدۇ.

تەرى يامانىنىڭ مېھرى يامان.

تەقدىر خۇدادىن، تەدبىر بەندىدىن.

تەگسە تېرىق بولۇر،
تەگمىسە ئېرىق (بولۇر).

تەگسەڭ توزار،
تەگمىسەڭ ئۇزار.

تەن راھىتى ئاز يېيىشتە،
تىل راھىتى ئاز دېيىشتە.

تەنقىد ئاقارتىدۇ،
ماختاش قاپارتىدۇ.

تەنگە كىرگەن تىكەننى تىكەن بىلەن ئال.

تەييارلىقىڭ ساز بولسا،
مۇشەققىتىڭ ئاز بولۇر.

توپ ئاتقانغا مەرگەن بولماس،
كۆپ سۆزلىگەن چېچەن بولماس.

توخۇ يەپ ئۆگەنگەن ئىت كالتەك يەپ ئۆلەر.

توخۇنى ئۆلتۈرمىگۈچە، يولۋاسنى قورقۇتقىلى بولماس.

توزدىن قورقاان پوستەكچى بولماس،
ئوتتىن قورقاان تۆمۈرچى (بولماس).

توغرا بولساڭ تۆرگە ئۆتىسەن،
ئەگرى بولساڭ گۆرگە (ئۆتىسەن).

توغرا بولساڭ گۈل بولىسەن،
ئەگرى بولساڭ كۈل بولىسەن.

توغرا تاياق بالا ـ قازانى توسىدۇ.

توغرا قىلساڭ ئاتىقىڭ چىقار،
خاتا قىلساڭ چاتىقىڭ (چىقار).

توغرا كىشى ئىشىنى يەر،
ئوغرى كىشى بېشىنى (يەر).

توغرا ئۇزار، ئەگرى ئازار.

توغرا ئىش ئەرنى ئازدۇرماس،
ئۈمىدىنى يەردە قالدۇرماس.

توغرا يۈردۈڭ يەتتىڭ مۇرادىقا،
ئەگرى يۈردۈڭ قالدىڭ ئۇياتقا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تومۇزدىكى ئورما بەدەندىكى ئەڭگىزنى ئالار.

تونۇيدىغان كۆز بولسا قوتاندا تۇلپار كۆپ.

تۇچ پارقىرىسا ھەل بىلەن ئالتۇن دېمە،
رومال ئارتسا ئالۋاستى دېمە.

تۇرۇپ ئۆلگۈچە، ئۇرۇپ ئۆل.

تۇز بەرگەن كىشىنى ئۇنتۇما.

تۇزاقتىن قورققان قۇش،
قىرىق يىل ئاچا ياغاچقا قونماپتۇ.

تۇغۇت ئازابىنى ئانا بىلەر،
كانا ئازابىنى كالا (بىلەر).

تۇغۇلساڭ قېرۇرسەن،
تېرىساڭ ئورۇيسەن.

تۇغۇلمىغان بالىغا ساقلىماڭ،
پىشمىغان تۇخۇمنى ئاقلىماڭ.

تۇلپار كۆپ بولغىنى بىلەن سىنچى بولمىسا بىكار.

تۆت تامنىڭمۇ گەپ تىڭشايدىغان قۇلىقى بار.

تۆشۈك كىچىك بولسىمۇ، چوڭ بىر كېمىنى غەرق قىلىۋېتەلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆشۈك مونچاق يەردە قالماس،
يەردە قالسىمۇ توپا قونماس.

تۆگە بىلەن ياناتاقلىقتا يوشۇرۇنغىلى بولمايدۇ.

تۆگە مىنىپ توشقان تۇتۇپتۇ.

تۆگە مىنىپ قوي ئارىسىغا يوشۇرۇنغىلى بولماس.

تۆگەڭ نار بولسا يۈكۈڭ يەردە قالماس.

تۆگىدەك بويىدىن، تۈگمىدەك ئەقلى ياخشى.

تۆگىنىڭ نارى ياخشى،
خوتۇن كىشىنىڭ نازى (ياخشى).

تۆمۈر قەپەس شۇڭقارنىمۇ ئىندەككە كەلتۈرەلەيدۇ.

تۆمۈرچىگە كۆرەك كېرەك،
شىجائەتكە يۈرەك (كېرەك).

تۆمۈرچىنىڭ بىر ئۇرغىنى، ياغاچچىنىڭ يۈز ئۇرغىنى.

تۆمۈرچىنىڭ قولىدا تۆمۈر ئىمانغا كېلەر.

تۆمۈرنى بازغانلىمىسا سايمان بولماس،
ئادەم چېنىقمىسا ساغلام بولماس.

تۆمۈرنى سوزساڭ سەندەلدە سوز،
تېرىنى سوزساڭ ئەمبەلدە سوز.

تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق.

تۆمۈرنى ئىشلەتمىسەڭ دات باسار،
زېمىننى ئىشلەتمىسەڭ يات باسار.

تۆھپە كۆرسەتكەنگە تۆگە تارتۇق ئەت.

تۇتۇن بار يەردە قۇشقاچ تۇرماس.

تۇكىنىڭ يېتىشىغا باق،
سۇنىڭ ئېقىشىغا (باق).

تۇكۇرگەن تۇكۇرۇكنى ئېغىزغا ئالغىلى بولماس.

تۇگمەن تېشىغا چۈشكەن ئۇن بولۇر.

تۇگمەن ساقلىغاننىڭ،
سۇ ياقلىغاننىڭ.

تۇگمەنچىنىڭ پاچىقى كۆيسە، ئۇستىگە مۇز تېڭىپتۇ.

تۇگمەندە تۇغۇلغان چاشقان گۈلدۈرمامىدىن قورقماس.

تۇگمەننى تۇگمەن قىلغان ئاسقۇ تېشى،
ئەرنى ئەر قىلغان خوتۇن كىشى.

تۇگۇچنى تۇگكەن يېشەر.

تۈلكە تۆمشۇقىدىن ئىلىنار،
پالاكەت پۇچقىقىدىن ئىلىنار.

تۈلكە تۈلكىلىك قىلغۇچە،
تېرىسى قولغا ئۆتۈپتۇ.

تىزلەشكەننىڭ تىزىنى پۇك،
بەللەشكەننىڭ بېلىنى (پۇك).

تېشىڭنى كىيىم بىلەن بېزە،
ئىچىڭنى ئىلىم بىلەن (بېزە).

تېڭىرقىساڭ تاڭلا كېلەر،
ئالدىرىساڭ ھېلى (كېلەر).

تېمىپ تۇرسا كۆل بولۇر،
تېرىپ قويسا پۇل (بولۇر).

تېمىڭغا تاش چەككۈچە، ئۇلىغا تاش قوي.

تېمىڭغا ئىشلىگۈچە، يېرىڭگە ئىشلە.

تېيىلغىلى مۇز ياخشى،
يۈگۈرگىلى تۈز ياخشى.

تىزگىنسىز ئات ــ ياردىن غۇلار.

تىغ بىرگە زەربە،
تىل مىڭغا (زەربە).

تىغ بىلەن ئويناشما، كۆڭۈلنى قوغلاشما.

تىغنى دۈشمىنىڭگە سالمىساڭ، ئۆز كۆكسۈڭگە قادىلار.

تىكەن بولۇپ پۇتقا سانجىلغۇچە، گۈل بولۇپ باشقا سانجىل.

تىكەندىن قورققان گۈل ئۈزەلمەس.

تىكەنگە تىل تەگمەس،
يامانغا كۆز (تەگمەس).

تىكەننى كىرگەن يەردىن ئال.

تىكەننىڭ دەردىنى تارتقان ئاۋايلاپ ماڭار.

تىلدىن كەلگەن قولىدىن كەلسە، ھەركىم پادىشاھ بولۇر.

تىللاغا يېقىن تۇرساڭ، چېكى بولىسىمۇ يۇقىدۇ.

تىلى كۆيگەنگە تۇز دورا،
ئىچى كۆيگەنگە مۇز (دورا).

تىلىڭ قاتتىق بولسا ياغلىقۇەت،
يۇمشاق بولسا داغلىقۇەت.

# ج

جاڭگال بولسا ئوتۇن ئازمۇ،
ئوغۇل بولسا خوتۇن (ئازمۇ).

جامالىغا باقمايمەن، ئۆيي تۇتۇشقا باقىمەن.

جان بەرگەنگە نان بەر.

جان راھىتى تەن بىلەن،
تەن راھىتى پەم بىلەن.

جانغا جازا باغدىن ئەركىن يۇرگەن تاغ ياخشى.

جاھانغا كۆز بىلەن باققان شىكايەت تاپار،
ئەقىل بىلەن باققان ھەقىقەت (تاپار).

جاھىل ئادەم ئىش بۇزار،
مايماق هارۋا يول (بۇزار).

جاھىلغا يول كۆرسىتىپ ھېكمەت سۆزلىمەك،
شورلۇق يەرگە ئۇرۇق چاچقاندەك ئىش.

جەڭدە ئالدىرىما، ئاتقاننى كۆرسەن،
سەلگە ئالدىرىما، ئاققاننى كۆرسەن.



ئۇيغۇر كىتابلىرى

جىگنى كەم تۇتما رىزقىڭ كۆيەر،
سامانلىققا شام تۇتما ئوتۇڭ كۆيەر.

جىلە قىلساڭ توشقانمۇ چىشلەيدۇ.

# چ

چاچ چۈۋۈلماس يىپلىم بىلەن،
ئادەم ئۈرۈلماس بىلىم بىلەن.

چاقچاقلاشماڭ ئەرباب بىلەن،
يىقىتار سىزنى ھەرباب بىلەن.

چاڭگا بۇزۇلسا، توخۇم ساق قالماس،
ئەر بۇزۇلسا، خوتۇن ساق قالماس.

چەينەك پىيالىگە ئېگىلسە، پىيالە ئېغىزغا ئېگىلەر.

چوڭدىن قەسەم ئال،
كىچىكتىن قەدەم (ئال).

چوڭقۇر يەرنىڭ توپىسى تاغ كۆرۈنەر.

چوماق بولسا قولۇڭدا،
قاراقچى يوق يولۇڭدا.

چۆپقىتىڭ كۆپ بولسا، يېيىشىڭ نېرىنچۆپ.

چۆگۈن ئالساڭ چەپچەكلىكنى ئال،
خوتۇن ئالساڭ ئەمچەكلىكنى (ئال).

چۈجىگە تېرىق ياخشى،
سۈغا ئېرىق (ياخشى).

چۈجىنى كۈزدە ساناڭ، چۆچۈرىنى پىشقاندا.

چۈمۈلە كىچىك بولسىمۇ ئامبار قېشىنى بۇزىدۇ.

چېچەن چوكاننى ئوچاق بېشىدا سىنا.

چېچەن يىگىت يىلان كۆشىگەننى بىلىدۇ.

چىت ئاجىز بولسا ئىت ئۆلەر.

چىدىغان بۆرە ياغ يەپتۇ،
چىدىمىغان بۆرە يۇڭ (يەپتۇ).

چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ.

چىراغ تۈۋىدە قىز كۆرمەڭ،
تونۇر بېشىدا نان (كۆرمەڭ).

چىراغ يېقىپ يورۇقىنى كۆر،
بىلىم ئېلىپ ھوزۇرىنى (كۆر).

چىراغپايدا چاي ئىچكەن چىچەننى كۆرۈڭ.

چىراغدا ياغ كۆپ بولسا پىلىك ئاز كېتىدۇ،
دەسمايەڭ كۆپ بولسا شېرىك ئاز كېتىدۇ.

چىراغنى پۈۋ دېسە، ساقىلى كۆيەر.

چىراي تاللىماي مىجەز تاللا.

چىرىغىڭ قانچىلىك بولسا سايەڭ شۇنچىلىك بولۇر.

چىشى چىققان بالىغا، چايناپ بەرگەن ئاش بولماس.

چىشىڭنى سەدەپلىك قىلغۇچە،
ئىشىڭنى ئەدەپلىك قىل.

چىققان كۆز ئورنىغا كەلمەس،
ئۆلگەن يېنىپ (كەلمەس).

چىققىلى بولمايدىغان تاغ يوق،
ئۆتكىلى بولمايدىغان دەريا (يوق).

چىقماق ئاسان، چۈشمەك تەس،
بۇزماق ئاسان، تۈزمەك تەس.

چىقمىغان جاندىن ئۈمىد بار.

چىكىلداپ ماڭسا سائەت دېمە،
سوۋغىنىڭ ھەممىسىنى ئامەت دېمە.

چىلاپ ئىچكەندىن قورقما، مىلەپ ئىچكەندىن قورق.

چىلىغان قاچىدىكىنى يەر،
تۆگۈرگەن داستىخاندىكىنى (يەر).

چىلىم بىلەن دوست بولغۇچە،
ئىلىم بىلەن دوست بول.

چىمەنلىككە كىرگەن تاللاپ گۈل ئۈزەر.

چىن دوست جورىسىدىن كەچمەس،
دۈشمەن خۇيىدىن (كەچمەس).

چىنە بولسا دەزى بولمىسا،
يىگىت بولسا قەرزى بولمىسا.

## خ

خاتادىن قالساڭ قال، قاتاردىن قالما.

خاتالاشقاننى كەچۈر، خاتالىقنى كەچۈرمە.

خان بىلەن ئېلىشساڭ بېشىڭ كېتەر،
باي بىلەن ئېلىشساڭ مېلىڭ (كېتەر).

خەقتىن قورققۇچە ھەقتىن قورق.

خەققە دېسەڭ گەپ بولىدۇ،
دېمىسەڭ دەرد (بولىدۇ).

خەقنىڭ ئىشىغا تومۇزدا قول توڭۇپتۇ.

خوتۇننى يېقىندىن ئىزدە،
ئوتۇننى ئېقىندىن (ئىزدە).

خۇشاللىق ياشىنىتار،
بوشاڭلىق چىرىتار.

خىيانەتلىك دۆلەتتىن قاچ،
قانائەتلىك سۆلەتتىن قاچما.

## د

دانىسىز باشاق تىك تۇرالماس.

داننى كۆرگەن قۇش قىلتاقنى كۆرەلمەس.

داۋان كۆپ تاغدىن بەز،
مېۋىسى يوق باغدىن بەز.

داۋاننى قىر بېكىتىدۇ،
يارنى چىم (بېكىتىدۇ).

دەريا قېشىدىن قۇدۇق قازما.

دەريانىڭ لېۋىدە تۇرۇپ ئۇسسۇز قاپتۇ،
تاغنىڭ تۆۋىدە تۇرۇپ تۇزسىز قاپتۇ.

دەلۋىنىڭ ئاپتىپىغا ئالدانما،
دۈشمەننىڭ كۈلكىسىگە (ئالدانما).

دەۋاگەر بوش كەلسە، قازى مۇتتەھەم بوپتۇ.

دوراپ قىلغۇچە سوراپ قىل.

دوراپ كۈلمەي، ئويلاپ كۈل.

دوراشتىن قىلىق تاپىسەن،
قىلىقتىن ئادەت (تاپىسەن).

دۇنيا ئىشىنى ئاخىرەتكە قالدۇرما.

دۈشمەننى شىكەر بىلەن ئۆلتۈر.

دىلى ئوچۇقنىڭ قولى ئوچۇق،
ئەل سۆيگەننىڭ يولى (ئوچۇق).

ر

رىزقىڭنى تېرىپ يە.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

## ز

زەردار جەننەتكە كىرگۈچە، تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتۈپتۇ.

زەرداردىن پۇل سورىما،
تۇل خوتۇندىن ئۆي (سورىما).

زەرگەرنىڭ مىڭ سوققىنى،
تۆمۈرچىنىڭ بىر سوققىنىغا تەڭ.

زەھەرلىك يىلان پۇتۇڭنىڭ ئاستىدىكى كېسەكنىڭ تېگىدە.

زەھەرلىك يىلاننىڭ تېرىسى يۇمشاق.

زەھەرنى زەھەر قايتۇرىدۇ.

زەھەرنىڭ تاتلىقى يوق،
ھەسەلنىڭ ئاچچىقى (يوق).

زورلاپ قىلساڭ تۇزارسەن،
ئويلاپ قىلساڭ ئۇزارسەن.

زورلاپ يېگەن تاماق زەھەر بولۇر.

زورلىغاننىڭ زورى بار،
ئىسسىق ناننىڭ ھورى (بار).

زوقلانغان مال ئەي بولماس،
كۆز تەگكەن بالا چوڭ بولماس.

زۇلمى كۆپنىڭ زاۋالى يېقىن.

زېرەك ئايال قىشتا ئوت، يازدا مۇز ساقلار.

زېرەك بالا تېپىپ سۆزلەيدۇ،
دېۋەڭ بالا كۆپۈپ (سۆزلەيدۇ).

زېرەك زىيانغا ئۇچرىسا ھوشىدىن كېتەر،
نادان زىيانغا ئۇچرىسا بېشىدىن كېتەر.

زېرەك كىشى خۇشامەتنى دوست تۇتماس.

زېرەكنىڭ ئاغزى ئاشقا تېگەر،
قارامنىڭ بېشى تاشقا (تېگەر).

زېرەكنىڭ جېنى چىقسا، نادانىنىڭ كۆلگۈسى كېلەر.

زېرەكنىڭ سۆزى بىر، تەدبىرى مىڭ.

زىخمۇ كۆيمىسۇن، كاۋاپمۇ كۆيمىسۇن.

زىخنى بىلمىسەڭ يىڭنە بولۇر.

# س

ساددا سىر ساقلىيالماس،
نامرات پۇل (ساقلىيالماس).

ساددا قىز كۆڭۈل بەرمەس،
كۆڭۈل بەرسە ئاسان ئۈزمەس.

ساددىنىڭ سىرى تىلىدا،
تادانىنىڭ سىرى دىلىدا.

سازلىق يەرگە ئوسا بىكار،
قاشىسىز خوتۇنغا ئوسما (بىكار).

ساڭا سۆز يوق،
مۇشۈككە بەز (يوق).

سامساق تىكسەڭ باش كۈز تىك.

سانىماي سەككىز دېمە.

ساۋابنى دېھقاندىن سورا،
كاۋاپنى قاسساپتىن (سورا).

سايەڭگە قاراپ بويۇڭنى ئۆلچىمە.

سەدىقەڭنى سائىلغا بەر،
سىرىڭنى سىردىشىڭغا (بەر).

سەكرىگەننى باس، يىقىلغاننى يۆلە.

سەلكىندە ئۆزۈڭنى يوقاتساڭ، بوراندا قالىسەن.

سەن ئۆزۈڭنى خان ئەيلىسەڭ، بوپ ئۆتەرسەن خان كىشى،
خار ئەيلىسەڭ ئۇستۇڭدە، ئايلىنار خامان تېشى.

سەيپۇڭ پۇرۇچتىن تاپار،
ئاشپەز خۇرۇچتىن (تاپار).

سوراقچى ئادىل بولسا دەريامۇ تىلغا كىرەر.

سوزۇلغان ئىش بۇزۇلار.

سوغۇق تونۇردا نان پىشماس.

سوقۇشقان خورازنىڭ تاجىسى يارا.

سۇ ئانىسى بۇلاق،
سۆز ئانىسى قۇلاق.

سۇ بەرگەنگە سۇت بەر.

سۇ ئېرىقتا ياخشى،
گەپ قېلىپتا (ياخشى).

سۇ يەرنى سىنايدۇ،
ھەقىقەت ئەرنى (سىنايدۇ).

سۇ يوق دېگەن ھۆرۈنلۈق،
ئىزدەيدىغان ئورۇن يوق.

سۇدا پىشماي كىگىز بولماس،
ئوتقا چۈشمەي بىگىز (بولماس).

سۇدىن غەلۋىرنى ئالغاندا كۆر.

سۇسىز ھايات بولماس.

سۇغا چۈشكەن ئىتنى ئۇر.

سۇغا كىرسەڭ كېيىن كىر، ئاققانلارنى كۆرەرسەن.

سۇلتان كۇندۇزنى كېچە دېسە، كۇننى ئاي دېگۈلۈك.

سۇنى توغرا يولغا سالغان ئىزى،
ئانىنى ياخشى كۆرسەتكەن قىزى.

سۇنى جىم قويساڭ سۈزۈلىدۇ،
ئارغامچىنى تولغاۋەرسەڭ ئۈزۈلىدۇ.

سۇنى سەپ سىڭەر يەرگە،
سۆزنى قىل تېگەر يەرگە.

سۇنىڭ بېشى لاي بولسا، ئايىغىمۇ لاي بولىدۇ.

سۈنىڭ سۈزۈكى ياخشى،
گەپنىڭ تۈزۈكى (ياخشى).

سۈنىڭ قەدرىنى تۆگە بىلەر.

سۆرەلمە پايدىدىن ئەپچىل زىيان ياخشى.

سۆز بىلەن پولۇ پىشماس،
ماي بىلەن گۈرۈچ پىشماس.

سۆگەت ئوتۇنى ئوتۇن ئەمەس،
ئاغچە خوتۇن ئەمەس.

سۆلەتمەن يىگىتتىن قورق،
سۆرەلمە قىزدىن (قورق).

سۈتتە ئاغزى كۆيگەن قېتىقنى پۈۋلەپ ئىچەر.

سۈتلۈك ئىنەك يولدا سېتىلار.

سۈزۈك سۇدا بېلىق ئايىنماس.

سىپى بولمىسا ئىپى بولماس.

سىپى ئۆزىدىن، دىلى كۆزىدىن.

سىرىق كۆرۈنگەننىڭ ھەممىسى ئالتۇن ئەمەس.

سىمىزلىك — هارامدىن،
ئامانلىق — ئارامدىن.

سىنى ئۇچۇرغىنى — جۆندىگىنى.

سىنىڭ دەردىڭ مەندىن يامان،
مىنىڭ دەردىم ئاندىن يامان.

سىنىڭ، مىنىڭ دىگەن كۆڭۈل تارلىقى،
نىرى يات، بىرى يات دىگەن ئورۇن تارلىقى.

سىر بەرگەنلىك جان بەرگەنلىك.

سىر ساقلاشتىن ئالتۇن ساقلاش ئاسان.

سىرتتا ئىشلە، ئۆيدە يە.

سىرداشقان ئىناقلىشار،
سىرداشمىغان يىراقلىشار.

سىرداشمىغان شەھەردىن،
سىرداشقان دۆڭ ياخشى.

سىردىشىشقا ئۆز ياخشى،
كاۋاپ ئۈچۈن تۇز (ياخشى).

سىلاپ ئەركىلەتسەڭ شىرنى تىل بىلەن،
پىلنى قىل بىلەن يىتىلەلەيسەن.

سىلاپ بېقىپ ـ سىلىغىڭدىن بىلدىم،
تىڭشاپ بېقىپ تىنىقىڭدىن بىلدىم.

سىلىق سۆز يىلاننى ئۇۋىسىغا كىرگۈزەر.

سىمىلداپ ياققان يامغۇر جاندىن ئۆتەر.

سىناشقان جاي سوقۇشقىلى ياخشى.

سىنالغان ياخشىدىن جاپا كەلمەس،
ئەسكىدىن ۋاپا (كەلمەس).

سىنالمىغان پەرىشتىدىن سىنالغان شەيتان ياخشى.

سىيدام كەكىگە ساپ تاپماق تەس،
ئەسكى خوتۇنغا ئەر تاپماق تەس.

سىيىر سىلىغاننى بىلمەس،
يامان ئايىغاننى (بىلمەس).

سىيىرنى كۆندۈرسەڭ، ئۇستى ئۇلاغ، ئاستى بۇلاق.

سىيىرنىڭ گۆشى بىر كۈن، سۈتى ھەركۈن.

ش

شاپتۇل بىلەن باغ قىلما،
كۈل بىلەن تام (قىلما).

شاتراق لاي سۆۋاق بولماس،
پور ياغاچ تۆۋاق (بولماس).

شاخاپچىدا ئاققۇچە، چوڭ دەريادا ئېقسپ ئۆل.

شاشلىق — ھېرىتار،
ئاچچىق — قېرىتار.

شامال چىقار قۇيۇن بىلەن،
جېدەل چىقار ئويۇن بىلەن.

شامالغا قاراپ توپان ئات.

شەمشەردەك پىچاقمۇ باسمىسا كەسمەس.

شەمشەرگە يولۇقساڭ تېنىڭ كېسىلۇر،
شاللاقا يولۇقساڭ نامىڭ بۇلغىنۇر.

شەھەردە كۆز كېرەك،
جاڭگالدا قۇلاق (كېرەك).

شويلا گۇماندا پىشار،
مانتا تۇماندا (پىشار).

شۇڭقار پاشىغا ئېسىلماس.

شۇڭقارنىڭ بالىسىمۇ شۇڭقار بولىدۇ.

شېرىكچىلىك — كەلتۈرەر يېرىكچىلىك.

شىرىن سۆزلىسەڭ، يىلان ئىنىدىن چىقار.

## غ

غەمسىزنىڭ پاراغىتى يوق،
پەمسىزنىڭ پاراسىتى (يوق).

غىرىچتىن كەتسەڭ، غۇلاچتىن كېتەرسەن.

غىرىچسىز غۇلاچ كەرمە،
ماكانسىز كۆكرەك (كەرمە).

غىرىچلاپ دەسسىسە، غۇلاچلاپ ئۆلچەپتۇ.

غىزايىڭ غايىبتىن ئەمەس، مېھنەتتىن.

## ق

قاپاقتەك كاللىدا تىرنىقتەك مىڭە بولسۇن.

قاپىقى يامانىنىڭ ھەسلى ئاچچىق.

قاتارغا ئۆزۈڭنى ئات،
خاتادىن ئۆزۈڭنى تارت.

قاتتىق چىش تۆگەپ تاتلىق تىل قالار.

قاتتىق سۆزلىگەندىن قورقما،
ئاغزىنىڭ ئۆچىدا كۆلگەندىن قورق.

قاتتىق نەرسە چىشلىمە،
يولسىز بېرىپ ئىشلىمە.

قاچساڭ جاپادىن،
قالىسەن قاتاردىن.

قاچساڭ ئېلىپ قاچ.

قاچقان سالپىيىپ كېلەر،
كەتكەن خار بولۇپ (كېلەر).

قاچقان ئوغرىنى مۆككەن ئوغرى تۇتۇپتۇ.

قاچقاننى قوغلا، قوغلىغاندىن قاچ.

قاچقۇنغا شەپقەت يوق،
ئازغۇنغا ھۆرمەت (يوق).

قاچقۇننى قار ياغقاندا تۇت.

قاچىنىڭ تېگىدە قاچا بار،
ساقتىن زېرەك گاچا (بار).

قارا دېمەك كۆمۈرنى،
ئېرىتمىدۇ تۆمۈرنى.

قاراڭغۇدا قېرى خوتۇن ياش كۆرۈنەر.

قاراڭغۇدا يولنى قاراقچى بىلەر.

قاراڭغۇدىن قورقماي قارىدىن قورق.

قارچىغا ئۆيۈڭنى گۆش قىلار،
بۇلبۇل كۆڭۈلنى خۇش (قىلار).

قارغا ئۆلۈك كۆمگىلى بولماس.

قارغىشىدىن قورقما، ھەقتىن قورق.

قارلىغاچ پەس ئۇچسا يامغۇر ياغار.

قارماقنىڭ يىپى ئۇزۇن بولسا، بېلىقنىڭ چوڭى ئىلىنار.

قارنىم دېگەن ئۇلتاڭ بولۇر،
ئەڭنىم دېگەن سۇلتان (بولۇر).

قارىمىساڭ كۆرەلمەيسەن،
سورىمىساڭ بىلەلمەيسەن.

قازاندا بولسا چۆمۈچكە چىقار،
بولمىسا نېمە چىقار؟



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitabi.com

قازاندا نېمە بولسا چۆمۆچكە شۇ چىقار.

قازاننى قايناتقان ئوچاقتىكى ئوتۇن،
ئەرنى ئەر قىلغان قوچاقتىكى خوتۇن.

قاسساپ بىلەن دوست بولاي دېسەڭ،
ئىتىغا سۆڭەك تاشلا.

قاسساپ دوستىغا سۆڭەك بېرەر.

قاسساپ ماي چاينايدۇ،
ئاشپەز گۆش (چاينايدۇ).

قاسساپنىڭ پىچىقى ئەپلىك،
ئاشپەزنىڭ چۆمۆچى (ئەپلىك).

قاسساپنىڭ قولى مىڭ.

قاسساپنىڭ قېشىدا قوينىڭ گېپى،
دەللالنىڭ قېشىدا توينىڭ گېپى.

قاسساپنىڭ ئۈستىسى توخۇنىڭ ئۆپكىسىنى ئالار.

قاش بىلەن كۆز جايىدا بولسا، باشقىسى بازاردا بار.

قاشا مۇستەھكەم بولسا تۈلكە كىرەلمەس.

قاشاڭ ئۇلاغ مىنگەندىن، يالاڭ ئاياغ يۈرگەن ياخشى.

قاشتاش تاغدا تولا،
تېپىپ ساتساڭ پايدا تولا.

قاشتاش تاغدىن چىقار، ئىشلىمىسە جابدۇق بولماس.

قاغا بىلەن ئۆلپەت بولساڭ يېيىشىڭ پوق.

قاغا تۆت قاراپ بىر چوقۇيدۇ.

قاغا كۆلگە چۈشسىمۇ غازغا ئايلىنالماس.

قاغىغا تاش كۈپايە، سۆز بىھۇدە.

قاغىغا ئوق ئاتما،
يامانغا سۆز قاتما.

قاغىنىڭ قېرىسىنى بىلىپ بولماس،
ئادەمنىڭ ئالىسىنى بىلىپ بولماس.

قالاشنى بىلسەڭ قارمۇ كۆيىدۇ.

قالغان ئىشنىڭ قۇيرۇقىنى قۇم باسار.

قامچا ئۇزۇن بولسا جايىغا تەگمەس.

قامچىغا زورلىماي بوغۇزغا زورلا.

قامچىغا كۈچىمەي يەمگە كۈچە.

قامچىلىغانغا ئېشەك ئات بولامتى؟

قامىتىڭگە ئىشەنمەي ئامىتىڭگە ئىشەن.

قاناتسىز قۇش بولماس،
ۋىجدانسىز مەرد (بولماس).

قەغەز دېگەن نېپىز نەرسە چەكمىگۈنچە تېشىلمەس،
كۆڭۈل دېگەن نازۇك نەرسە ئاسانلىقچە يېشىلمەس.

قوتانغا بېقىپ قوي سولا.

قورساقتا قاراپ تاماق ئىچ،
بويۇڭغا قاراپ كىيىم پىچ.

قورقساڭ ئېيتما، ئېيتساڭ يانما.

قوزغىلىپ گۈل بولدۇم،
قوزغالماي كۈل (بولدۇم).

قوشۇننى ئەلەم توختىتار،
دۇنيانى قەلەم (توختىتار).

قوغدالمىساڭ قاغىمۇ كېلىپ كۆزۈڭنى چوقۇر.

قوغدىغان كىشىدىن قوغلاندى بوپتۇ.

قوغلا، قوغلا گەپ چىقۇر،
كولا ـ كولا سۆز چىقۇر.

قوغۇن بار ئۆيدە ئىككى نانغا پايدا،
قېتىق بار ئۆيدە ئىككى نانغا زىيان.

قوغۇن ئۈزسەڭ پېلىكىنى قوي.

قوغۇن يېسەڭ سەھەر يە،
سەھەر يېمىسەڭ زەھەر يە.

قوغۇننى شېكەر دەپ سات،
تاماكىنى زەھەر دەپ (سات).

قول بەرگەنگە يول بەر.

قول بىلەن چىگكەن چىگىچنى، قول بىلەن بولماس يېشىپ،
ماس كېلىپ قالغان كۆڭۈلنى، ئالماس بىلەن بولماس كېسىپ.

قول ئىشارىسىدىن كۆز ئىشارىسى يامان.

قول يۈگۈرتكەن تاش ئاتار،
كۆز يۈگۈرتكەن قاش ئاتار.

قولۇڭ ماي بولسا دوستۇڭغا سۇركە،
قويۇڭ ماي بولسا ئاغزىڭغا (سۇركە).

قولۇڭدا بولسا، بەش قولۇڭنى بەش يەرگە سۇۋاپ قوي.

قولۇڭدا قورال بولسا تىلىڭ ئۇزۇن بولۇر.

قولۇڭنى سوزغان يەرگە پۇتۇڭنى سوزما.

قولۇڭنى قۇل قىلىپ ئىشلەتسەڭ،
پۇتۇڭنى ئۇي قىلىپ ئىشلەت.

قولى ئوچۇق يولدا قالماس،
يولى ئوچۇق ئاچ قالماس.

قولى ئۇزۇن خىش تىزار،
قولى كالتە ئىش بۇزار.

قولى يەتكەننىڭ ئاغزىغا تېگەر.

قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەمدىن ئىت ـ مۇشۇكمۇ قاچىدۇ.

قولىغا قارىماي يولىغا قارا.

قومۇش ئىكەن دەپ خارلىما،
يەرگە چۈشسە بولۇر بورا.

قومۇشنى قىيا تۇتساڭ قولۇڭنى كېسەر.

قوي بىلىنەر قوزا چېغىدا،
كېۋەر بىلىنەر غوزا چېغىدا.

قوي ئوغرىسى بىلەن قاسساپ دوست.

قويچى كېچىك تاپقۇچە، تۆگىچى سۇدىن ئۆتۈپتۇ.

قوينى سەركە باشلايدۇ،
ئويۇننى ئەركە (باشلايدۇ).

قويندا بارنىڭ قورسىقى توق.

قويۇپ قاچقۇدەك ئۈز بار،
ئېلىپ قاچقۇدەك سەت بار.

قۇرۇق چاغلاق غولىغا،
ھۆل چاغلاق بويىغا.

قۇرۇق قارماققا بېلىق ئىلىنماس.

قۇرۇق قاش ئاتقانغا سەتەڭ كۈلمەس.

قۇرۇق قوشۇق ئېغىزنى يىرتار.

قۇرۇق قولغا قۇش قونماس.

قۇرۇق ئوتۇننىڭ خوۋلۇقىدىن ئوچاقتا چۆگۈن قاينايدۇ.

قۇرۇق ئوتۇن — چاققان خوتۇن،
ھۆل ئوتۇن — گالۋاڭ خوتۇن.

قۇرۇق ياغاچ ئېگىلمەس،
قۇرۇق كىرىش تۈگۈلمەس.

قۇرۇق ياغاچنىڭ ئېگىلگىنى — سۇنغىنى،
مەرد يىگىتنىڭ ئۇيالغىنى — ئۆلگىنى.

قۇش ئاچ قالسا چۇكۇلدايدۇ،
تويسا ئىگىسىنى ئالىدۇ.

قۇش ساماغا تەشنا،
چاشقان كاماغا (تەشنا).

قۇش ھارغاندا ئۇۋىسىنى تاپىدۇ.

قۇشقاچقا ناۋات بەرسەڭ تەمىنى بىلمەس،
يامانغا ياخشىلىق قىلساڭ قەدرىنى بىلمەس.

قۇلاق سالمىغىن سۆزۈمگە،
ئادەم بولساڭ ئۆزۈڭگە.

قۇلۇپ ياسىغان ئاچقۇچمۇ ياسار.

قۇلىقى پاڭنىڭ يۇزىگە داڭگال ئات.

قىچىرنىڭ تۇيىقى قىزىسا سايغا سال.

قىرى ئات يول تونۇيدۇ،
بۇلبۇل گۇل (تونۇيدۇ).

قىرىق ئاشچىدىن بىر باشچى ئەلا.

قىرىق قوتان مېلىڭ بولسىمۇ، ياخشى خوتۇنۇڭ بولمىسا بىكار.

قىز ئالماق شەھەر ئالماق.

قىسقىغا سەل قارىما، كۆزۈڭگە قادىلار.

قىلتىرىقسىز بىلىق بولماس،
كەمچىلىكسىز ئادەم (بولماس).

قىلسا پۈتمەيدىغان ئىش يوق،
قىلتاقتا چۈشمەيدىغان قۇش (يوق).

قىلغان ئەتكەننى ھالاللايدۇ.

قىلىچ كۆتۈرۈپ چاپقاندىن قورقما.

قىلىچ يارىسىدىن ئوڭشىلارسەن،
تۆھمەت يارىسىدىن دومىلارسەن.

قىلىچنى چاپقانغا تۇتقۇز.

قىلىچنىڭ كۈچىدىن قەلەمنىڭ كۈچى ئارتۇق.

قىيامەت بولسا چوڭ شەھەرگە قاچ.

ك

كاككۇك ئاۋازى كۆڭۈلگە زوق،
جىگدە ھىدى يۈرەككە ئوزۇق.

كالا ھارۋاڭ يول بۇزار،
يامان ئادەم يۇرت (بۇزار).

كالاڭغا كۆڭۈل بۆلگۈچە، بالاڭغا كۆڭۈل بۆل.

كاللىنى ئىشلەتمىسەڭ كالۋا بولىسەن.

كالىغا ھەلەپ ياخشى،
ئادەمگە ئەدەب (ياخشى).

كالىنى ساتقاندا ماختا،
سۈتىنى ساغقاندا (ماختا).

كالىنىڭ ئوبدىنى ياۋاش كېلۇر،
ئادەمنىڭ ئوبدىنى رايىش (كېلۇر).

كەتمەن دەردىنى قول بىلەر،
لەززىتىنى دىل (بىلەر).

كەتمەن ساماندىن قورقىدۇ،
تەشكىل ياماندىن (قورقىدۇ).

كەتمەن سېپى بىلەن،
ئادەم ئېپى بىلەن.

كەتمەنگە ساپ ياخشى،
ئادەتكە ئات (ياخشى).

كەكلىك باغقا كۆنمەس،
بۇلبۇل تاغقا (كۆنمەس).

كەكلىككە تاغ ياخشى،
بۇلبۇلغا باغ (ياخشى).

كەڭ بولساڭ كەم بولمايسەن.

كەڭ تون يىرتىلماس،
كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس.

كەڭ كىيىم كېڭىشىپ يىرتىلار،
تار كىيىم تارتىشىپ (يىرتىلار).

كەڭ ئېرىقتىن ئاتلىما،
ۋاي پۇتۇم دەپ دادلىما.

كەڭ يولدا غەم قىلما،
تار يولدا جەڭ (قىلما).

كەلكۈندىن قورقمىغان،
دەريادىن ئالتۇن سۈزەر.

كەم سۆز يىگىت — ساز يىگىت،
مەدداھ يىگىت — ماز يىگىت.

كەمچىلىكىنى بىلگەن ئەقىللىك كىشى،
ماختىنىپ يۈرگەن ئەخمەق ئىشى.

كەينىدە بالىسى قالسا، كۆزى قالار،
كەينىدە سۆزى قالسا، ئۆزى (قالار).



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كونا بولسىمۇ ئۆزۈڭنىڭ ياخشى.

كونا تامنى يۆلىسەڭ ئۆمرۈڭ قىسقىرار.

كونىسى يېڭى بولماس،
يامانسىز ياخشى (بولماس).

كونىلارنىڭ سۆزى ئەقىلنىڭ كۆزى.

كونىنىڭ چىرايلىقى يوق،
يېڭىنىڭ سەتى (يوق).

كۆپ ئاڭلىغان كۆپ بىلۇر،
ئاڭلىمىغان نېمىنى بىلۇر.

كۆپ مىياڭلىغان مۈشۈك چاشقان تۇتالماس.

كۆپ ئوقۇغان كۆپنى بىلۇر،
ئوقۇمىغان نېمىنى (بىلۇر).

كۆپ ئولتۇرغان ئوققا نىشان.

كۆپ ئۆيلەنگەن تۇل قالار.

كۆپ يېگىلگەن كۆپ بىلەر.

كۆپ يىلقا ئارىسىدا توكۇر قۇلان بىلىنمەس.

كۆتۈرۈشنى بىلسەڭ تاغمۇ يېنىك.

كۆچەت تىكسەڭ پۇتاپ تۇر، تۇز لىم ئالىسەن.
بىكار بولساڭ كىتاب كۆر، بىلىم ئالىسەن.

كۆرپە سېلىش ھۆرمەتتىن،
داستىخان سېلىش ھىممەتتىن.

كۆرپىگە بەرگۈسىز تېرە بار،
ياشقا بەرگۈسىز قېرى بار.

كۆرگەن بىلەن كۆز تويماس،
شوخلۇقىنى قىز قويماس.

كۆرگەننى كۆرمىگەن يېڭىپتۇ.

كۆرمىگەن پەرىشتىدىن كۆرگەن دىۋە ئەۋزەل.

كۆرۈپ ئەسلىمەي، ئەسلەپ كۆر.

كۆز قورققاق، قول باتۇر.

كۆز كۆرەر، قول ئىشلەر.

كۆز كىچىك بولسىمۇ، كۆرىدىغىنى چوڭ.

كۆزگە قۇلاق گۇۋاھچى،
ئېغىزغا بۇرۇن (گۇۋاھچى).

كۆزى كوردىن قەلبى كور يامان،
كۆزى كىچىكتىن كۆڭلى تار يامان.

كۆزى مىدىرلىمىغاندىن قورق.

كۆكىگە قارىماي كۆتىكىگە قارا.

كۆڭۈلنىڭ كىرىنى چاي ئالىدۇ.

كۆڭۈلنىڭ كىرىنى ئېيتسا كېتەر،
كىيىمنىڭ كىرىنى يۇيسا كېتەر.

كۆمۈرگە بەرگۈسىز ئوتۇن بار،
قىزغا بەرگۈسىز خوتۇن (بار).

كۆمۈرنىڭ ياخشىسى مەشتە سىنىلىدۇ،
كارۋاننىڭ ياخشىسى دەشتتە (سىنىلىدۇ).

كۆۋرۈك جامائەتنىڭ،
هاراق هاماقەتنىڭ.

كۆيدۈرسىمۇ كۈن ياخشى.

كۆيمەيدىغان ئوتۇن يوق.

كۆيۈك يارىسىنىڭ دەردىنى،
بىرى كۆيگەن بىلىدۇ، بىرى كۆرگەن بىلىدۇ.

كۆيۈككە كۆيۈك داۋا.

كۈچ بىلەن چاشقان تۇتقىلى بولماس،
پەم بىلەن شىر تۇتقىلى بولۇر.

كۆچ ئېگەلمىگەننى سۆز ئېگەر.
كۆچلۆكنىڭ ھەممىسى باتۇر ئەمەس.

كۆچى بار تاغقا چىقار،
ئەقلى بار كۆككە چىقار.

كۆلكە ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ،
يىغا ئۆمۈرنى قىسقارتىدۇ.

كۆلكىگىمۇ نەپرەت سىڭىدۇ.

كېپىل بولساڭ، كېپەنلىكىڭنى تەييارلا.

كېپىل بولساڭ، كېپىنىڭ كۆيەر.

كېچىككەن ۋەدىنىڭ دەردى بار.

كېچىككەن ئىشقا قار ياغار.

كېچىككەن ئىشنىڭ قۇيرۇقىنى قۇم بېسىپتۇ.

كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرى يوق.

كېلىننى ئايىغىدىن ساقلا،
قويچىنىڭ تايىقىدىن ساقلا.

كېۋەزلىككە ئوغرى كىرسە پادىچىدىن كۆر،
پاختىغا ئوغرى كىرسە ساتقۇچىدىن كۆر.



ئۇيغۇر كىتابخانىسى www.uyghurkitap.com

كېيىك ئۈركۈسە تاغدىن كۆچىدۇ،
ئادەم ئۈركۈسە يۇرتتىن (كۆچىدۇ).

كېيىك ئىزدەپ تاغقا چىق،
يار ئىزدىسەڭ باغقا (چىق).

كېيىن كەلگەن تۆرگە چىقار.

كىچىككىنە تاشمۇ باش يارار.

كىچىكلەرنى بوزەك ئەتسەڭ،
چوڭلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچرايسەن.

كىرىشتىن ئاۋۋال چىقىشنى ئويلا.

كىم بىلىم ئىگىسى ــ شۇ پادىشاھ.

كىم كولىسا ئورنى، شۇندا كۆرەر ئۆزىنى.

كىم نېمىدىن قورقسا، شۇنىڭغا يولۇقىدۇ.

كىم ئۆز نەپسىگە زالىم،
كەلگۈسىگە ئالىم.

كىم يوللۇق ئۇنىڭغا يول كەڭرىدۇر.

كىمكى تۇتسا ئاداۋەت،
ئازاب چېكەر داۋامەت.

كىمنىڭ زۇلمى كۆپ بولسا، شۇنىڭ زاۋالى يېقىن.

كىمنىڭ نەپسى بالادۇر،
ئاپىرىپ ئوتقا سالادۇر.

كىمنىڭ هارۋىسىنى هەيدىسەڭ،
شۇنىڭ ناخشىسىنى ئېيت.

## گ

گالنى يىغقان سۇلتان بولۇر،
يىغمىغان ئۇلتان (بولۇر).

گالنىڭ يامانلىقى جانغا جاپا،
خوتۇننىڭ يامانلىقى ئەرگە (جاپا).

گەپ يەردە ئەمەس، ئەردە.

گۇپپاڭدىن شامال چىقار،
جۇرئەتتىن ئامال (چىقار).

گۆش سۆڭەك بىلەن،
ئەر بىلەك بىلەن.

گۆشنىڭ تەمى چىش بىلەن،
ئىشنىڭ پەمى سۆز بىلەن.

گۆھەر يەردە ياتماس،
يەردە ياتسا توپا قونماس.

گۆھەرگە سەدەپ لازىم،
ئادەمگە ئەدەپ (لازىم).

گۇرۇچ بولسا تاماق بولىدۇ،
پۇرۇچ بولسا ياماق بولىدۇ.

گۇل تەرگىنى گۇل ئالۇر،
تىكەن تەرگىنى پۇشايمان (ئالۇر).

گۇل ئېچىلسا يەرنىڭ كۆركى،
قىز ئېچىلسا ئۆينىڭ (كۆركى).

گۇلنىڭ تىكىنى يامان،
ھەسەلنىڭ ھەرىسى (يامان).

گىلەمنىڭ ئېسىللىكى قىلىدىن،
ئادەمنىڭ ئېسىللىكى تىلىدىن.

## ل

لاچىن باققان ئوۋچىنىڭ ئولجىسى چاققان.

لاۋزا گەپ ئەلنى ئەخمەق قىلۇر،
لاۋزا قوغۇن ئېغىزنى شالتاق قىلۇر.

لاينى چالا تەپسەڭ كوزا بولىدۇ،
تولا تەپسەڭ جانان (بولىدۇ).

لەقەم ئاسماندىن چۈشمەس،
گەپ بازاردىن چىقماس.

لەيلىنى كۆرۈش ئۈچۈن مەجنۇننىڭ كۆزى كېرەك.

م

ماسلاشقاننىڭ ئۇنۇمى كۆپ.

ماڭارغا يول تار ئەمەس،
ئۆزىنى بىلگەن خار (ئەمەس).

ماڭغان پۇتقا توپا يۇقار.

مال تاغدا قىممەت،
يېمىش باغدا (قىممەت).

مال سەمرىسە ياغ بولۇر،
يەر سەمرىسە باغ بولۇر.

مال ـ دۇنيا بولسا شەيتاننىمۇ ئىشقا سالغىلى بولىدۇ.

مالسىزلىقتىن ئاڭسىزلىق يامان.

مالنى تاپقان باقسۇن،
ئوتنى چاققان ياقسۇن.

مالنىڭ باھاسى سۆز بىلەن ئايرىلماس.

مالنىڭ بېشى توخۇ،
بىلمەن دېسەڭ ئوقۇ.

مالنىڭ سېمىزلىكى تۇرقىدىن،
ئادەمنىڭ ئېسىللىكى خۇلقىدىن.

مانتىغا پىياز، سامسىغا تۇز،
ھەركىمنىڭ يارى ئۆزىگە ئۇز.

ماي تاشسا تۇز سېپەر،
تۇز تاشسا نېمە سېپەر؟

مايماق ئۆتۈككە چەم كېرەك.

مەدداھقا گەپ تۇشۇماس.

مەرەزنى داۋالىمىساڭ بېشىڭغا چىقار.

مەرگەن ئوقياسى بىلەن ئەمەس، مەرگەنلىكى بىلەن داڭلىق.

مەشىق بىلىمنىڭ ئانىسى.

مەلھەمنىڭ سۈپىتى ئەلگەك بىلەن،
ئادەمنىڭ سۈپىتى ئەمگەك بىلەن.

مەن ـ مەن دېگەن زاۋال تاپار،
كەمتەر يۈرگەن كامال (تاپار).

مەنبەسىز سۇ بولماس،
يىلتىزسىز دەرەخ (بولماس).

مەيلى بارنى مەيلى بارغا قوي.

مەيلى قايىل بوپتۇ،
قەلبى مايىل (بوپتۇ).

مۈزدىن ئۆتسەڭ ئاۋۋال ئۆت، مۈز سۇنغۇچە ئۆتەرسەن.

مۇسۇلمانچىلىق ئاستا ـ ئاستا.

موھتاجلىق ـــ مىڭ ھۈنەرنىڭ ئانىسى.

مۈشۈكى ياخشى ئۆينىڭ تاغىرى پۈتۈن،
ئاتىسى ياخشى ئۆينىڭ نېنى (پۈتۈن).

مېغىز ساقلىغان ماي ساقلار،
ئېغىز ساقلىغان جان (ساقلار).

مېۋە ـ چىۋىنىڭ چىرايلىقى ياخشى،
كېيىم ـ كېچەكنىڭ چىداملىقى (ياخشى).

مېۋىسىز دەرەخ غادىيىپ تۇرىدۇ،
كىشىلەر ئۇنى پۇتاپ تۇرىدۇ.

مېۋىسىز دەرەخ ئوتۇن بولىدۇ،
بىلىملىك كىشى پۇتۇن بولىدۇ.

مېۋىلىك دەرەخ ئېگىلىپ تۇرىدۇ،
كىشىلەر ئاڭا دىيەك قويىدۇ.

مېۋىلىك دەرەخنىڭ شېخى تۆۋەن،
بىلىملىكنىڭ يۈزى (تۆۋەن).

مېۋىلىك دەرەخنىڭ شېخى تۆۋەن،
دىيانەتلىك قىزنىڭ يۈزى (تۆۋەن).

مېۋىنىڭ پىششىقى ياخشى،
تاماقنىڭ ئىسسىقى (ياخشى).

مىدىرلىغان تاغ ئاشار،
تاغ كەينىدە باغ باسار.

مىدىرلىغان جان ئاچلىقتىن ئۆلمەس.

مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا.

مىڭ قىلىچتىن بىر قەلەم كۈچلۈك.

مىڭ كۆيگەندىن بىر كۆرگەن ئەلا.

مىڭ ئېغىز كاپكاپتىن،
بىر ئېغىز چاپ - چاپ ياخشى.

مىڭ ئىشچىغا بىر باشچى كېرەك.

مىنگەن كالا قوشقا يارىماس،
بەڭباش بالا ئىشقا (يارىماس).

ن

ناتوغرا ئىشتىن چېكىنمىگۈچە،
قىلىچ خەۋپى يىراق كەتمەس.

ناشتا قىلغان ئەر هارماس،
شۈدىگەر قىلغان يەر هارماس.

نان بىر يۈزدە پىشماس،
جاهان بىر ئىزدا تۇرماس.

نۇسخىغا قاراپ تون پىچ.

نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن،
نېمە دېسەڭ شۇنى ئاڭلايسەن.

## ھ

ھارۋا تاغ ئالدىغا كەلگەندە چوقۇم يول چىقار.

ھارۋاڭغا قارىماي، كاتاڭغا قارا.

ھارۋا ماڭغان يول تار ئەمەس،
بىلىملىكلەر خار (ئەمەس).

ھارۋا ماڭغان يول تار ئەمەس،
ئىككى قىزى بار خار ئەمەس.

ھارۋا ماڭغان يول تار بولماس،
ئوغلى كۆپ ئادەم خار (بولماس).

ھالۋىنى كۆپ يېسە زاڭ تېتىيدۇ،
ھەسەلنى كۆپ يېسە ئەمەن (تېتىيدۇ).

ھامال ئېغىر يۈكنى تارازىدىن بالدۇر بىلەر.

ھىممەتلىك قۇش پەسكە نەزەر سالماس.

ھەر گۈلشەننىڭ ئۆز گۈلى بار.

ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا.

ھەر ئىشتا پەم كېرەك.

ھەرنىڭ چاقتقىنىغا چىدىغان ئادەم ھەسەل يەيدۇ.

ھەسەل ئۆزگەرمەس،
سېرىقماي سېسىماس.

ھەسەلدەك دوست بول،
ھەرىدەك سودا قىل.

ھەسەلنىڭ شەربىتى گۈلدە، گۈل ئۈنىدۇ چۆلدە.

ھەممىدىن نىيەت ئەلا.

ھۆرمەت باشقا ئاقار،
كۆيۈم ئاياغقا (ئاقار).

ھىممىتى چوڭ بولسا، نىيىتى ئوڭ بولۇر.

ھىممىتى چوڭنىڭ قىممىتى چوڭ.

ھىممىتى يوقنىڭ قىممىتى يوق.

ھىيلىسى يوق باتۇرنىڭ ئۆمرى قىسقا.

ھىيلىلىك ئىشتا خەيرلىك يوق.

ھىيلىلىكتە بەرىكەت يوق.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئو

ئوبدان بولسا پىلىكى،
ئوخشار ئۇنىڭ خەمىكى.

ئوت تەپتىدىن بىلىنەر،
ئادەم ئەپتىدىن (بىلىنەر).

ئوت يېقىشنى بىلگەنلەر،
مۇزدىمۇ ئوت ياقار.

ئوت - خەس يىغقان پۇل يىغار،
ئوتۇن يىغقان كۆل يىغار.

ئوتلىقى يوق مالچى بولماس،
ھېيلىسى يوق پالچى (بولماس).

ئوتنىڭ ئانىسى گۇگۇت،
ئاشنىڭ ئانىسى ئوغۇت.

ئوتنىڭ تۇتۇنى مورا بىلەن.

ئوتنىڭ تېشىدا كۆيگۈچە ئىچىدە كۆي.

ئوتنىڭ ئىسسىقى سوغۇقنى يېڭەر.

ئوتۇن ئالالمىغان، خوتۇن ئالالماس.

ئوتۇنى بارغا بەرىكەت،
كۈندە بىكاردىن نېرى كەت.

ئوچاق ئوتۇن بىلەن،
ئۆي خوتۇن بىلەن.

ئورغاق ئىتتىك بولسا، بىلەك تالمايدۇ.

ئورمان بار يەردە بالا يوق،
قاتتىق بوراندىمۇ قازا (يوق).

ئورۇق مالنى باقسا سەمرىيدۇ،
چىغىر يولنى ماڭسا كەڭرىيدۇ.

ئوشۇق دۆلەت باش يارماس.

ئوقلۇق مىلتىق بىرنى قورقۇتار،
ئوقسىز مىلتىق مىڭنى (قورقۇتار).

ئوڭدا ياتمىساڭ سولدا يات.

ئون تەقۋادىن بىر ئالىم ئۇلۇغ.

ئون تونۇشتۇرۇشتىن بىر تونۇش ئەۋزەل.

ئون چىرايلىقنىڭ توققۇزى كىيىم بىلەن چىرايلىق.

ئون ساراڭدىن بىر تەلۋە يامان.

ئون كۆلكىگە بىر يىغا.

ئون گەپداندىن بىر ئىشچان ياخشى.

ئون ئېقىندىن بىر دەريا ياخشى.

ئونى بار بىرگە بەرگۈسىز،
بىرى بار ئونغا بەرگۈسىز.

ئوۋچى كېچىكسە ئوۋ كېتەر.

ئوۋچىلىق — بىكارچىلىق.

ئويچى ئويلانغۇچە، تەۋەككۇلچى ئىشىنى پۈتكۈزەر.

ئويدا ياتماي دوۋدە يات.

ئويغاقنى زورلۇق بىلەن ئۇخلاتقىلى بولماس.

ئويلاپ ئىش قىلغان ئۇياتقا قالماس.

ئويلىساڭ كەڭ ئويلا،
كەڭ ئويلىمىساڭ تەڭ ئويلا.

ئويلىغانغا ئامال كۆپ،
ھىممىتى يوققا قامال (كۆپ).

ئويلىمىساڭ ھېچنېمىگە يېتەلمەيسەن،
ئويلىساڭ غەمدىن نېرى كېتەلمەيسەن.

ئويلىمىغان كىشى بۆيرۈمىغان ئاشنى ئىچەر.

ئويناشقا ئىشەنگەن ئۆيسىز قالار.

ئويىنىشى كۆپنىڭ ئۆلۈمى تېز.

ئويۇنغا بېرىلگەن ئوڭدا قالار.

## ئۇ

ئۇچقۇندىن قورققان تۆمۈرچى بولالماس،
گۇلخاندىن قورققان كۆمۈرچى بولالماس.

ئۇچقۇندىن يالقۇن چىقىدۇ.

ئۇرۇشنىڭ توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ.

ئۇزۇنغا باققاننىڭ كۆزى ئۆتكۈر.

ئۇزۇننى قويۇپ قىسقىنى كەس.

ئۇسسۇلۇڭنى كۆرسەتمەي،
ھوسۇلۇڭنى كۆرسەت.

ئۆلىمىڭ ئىشتەيلىك بولسا بەردى خۇدا،
خوتۇنۇڭ ئىشتەيلىك بولسا ئۇردى خۇدا.

ئۇيقۇ ئارسلاننى ئاياغدىن ئالۇر.

# ئۈ

ئۈتكەن ئىشقا سالاۋات.

ئۈتۈك قونچى تار بولمىسۇن،
بەندە بەندىگە خار (بولمىسۇن).

ئۈتۈككە چەم كېرەك،
ھەر ئىشقا پەم (كېرەك).

ئۈچكە بىلەن مال بولماس،
شاپتۇل بىلەن باغ (بولماس).

ئۈچكە تاغدا پۇل،
ئۈزۈم باغدا پۇل.

ئۈردەك گۆشىنى يېمەكچى بولساڭ، غازنىڭ پېيىدە بول.

ئۈردەككە سۇ يۇقماس.

ئۇيغۇر كىتابلىرى بىلىم بىكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى،
پۇت ـ قولۇمنىڭ بوشلۇقى.

ئۆز ئېتىغا مىنمىگەن داۋان ئاشالماس.

ئۆز ئىشىغا پالۋان،
ئەل ئىشىغا ئىلمان.

ئۆزگىگە ئۆلۈم تىلىگۈچە، ئۆزۈڭگە ئۆمۈر تىلە.

ئۆزگىنى ئالدىغان ئۆزىنى ئالداپتۇ.

ئۆزۈڭ يېمىسەڭ غېمىڭنى،
قاغا چوقۇر تېنىڭنى.

ئۆزۈڭنىڭ كەملىكىنى بىلمەكچى بولساڭ،
كىشىنىڭ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتىپ كۆر.

ئۆزى ئاجراشسىمۇ كۆڭلى ئاجراشماپتۇ.

ئۆزى باغدا، كۆڭلى تاغدا.

ئۆزى قەلەمچە، ئەقلى ئالەمچە.

ئۆزى ئۆزگەن ئۆزۈم تاتلىق.
ئۆزىدە يوقنىڭ باھاسى ئۆرە.

ئۆزىنى ئايىغان سۇلتان،
ئايىمىغان ئۇلتان.

ئۆزىنى خار قىلغان ياتتىن خار بولۇر.

ئۆزىنى ماختاش ئۆلۈم بىلەن تەڭ.
ئۆستەڭنى ئالدۇرمىغان بىر كەتمەن لاي،

جېدەلنى ئۇلغايتمىغان بىر ئېغىز هاي.

ئۆگەنگەن غەم يەيدۇ،
ئۆگەنمىگەن قەنت (يەيدۇ).

ئۆگەنگەنگە گەپ يەتمەس،
نادان باشتىن غەم (كەتمەس).

ئۆگىنىش قىيىن ئەمەس، ئويلاش قىيىن.

ئۆمىلەپ ماڭساڭمۇ كۆزىتىپ ماڭ.

ئۆي تارچىلىقى هېچ گەپ ئەمەس،
كۆڭۈل تارچىلىقى يامان.

ئۆي زىننىتى پەگاھ بىلەن،
ئالتۇن زىننىتى زەگەر بىلەن.

ئۆيدە بەرىكەت بولسا تۇرمۇش راهەت بولۇر.

ئۆيۈڭنىڭ تېمى ئۇللۇق بولسا مۇشتۇمۇڭ بازغان.

# ئۈ

ئۈجمىنىڭ يىلتىزىنى يىراقتىن ئىزدە.
ئۈچ قېتىم سورىمىغۇچە كىشىگە پىچاق بەرمە.

ئۈزۈك كۆزى بىلەن،
ئادەم سۆزى بىلەن.

ئۈزۈككە كۆز يارىشىدۇ،
ياخشىغا سۆز (يارىشىدۇ).

ئۈزۈم بىدىشتا ياخشى،
ئەبجەش ياغ ئىدىشتا (ياخشى).

ئۈزۈم بىلەن ئاق نان يە.

گىردە نانىنىڭ شورى بار.

ئۈزۈمنى يەڭ، شېخىنى سورىماڭ.

ئۈزۈمنىڭ تاتلىقى بىدىشنىڭ ئىگىز يېرىدە.

# ئې

ئېپى كەلسە، سېپى ئۆزىدىن چىقار.

ئېپى كەلمىگۈچە، جېپى كەلمەس.

ئېتى يوقنىڭ جېنى يوق.

ئېچىلغاننىڭ ئەيىبى يوق، ئۆزى بىلىپ ياپسا،
ئاداشقاننىڭ ئەيىبى يوق، كېلىپ ئۆيىنى تاپسا.

ئېچىلمىغان گۈلدىن لەيلىقازاق ياخشى،
قەدرىنى بىلمىگەن ياردىن، ئىسسىق ئوچاق (ياخشى).

ئېرىق قۇرۇسا، بېلىقى ساق قالماس.

ئېرىنچەك بىر ئىشنى ئىككى قېتىم قىلار.

ئېسىل نەرسىنىڭ ئەرزىنى يوق.

ئېسىلدا خاتا يوق،
بېخىلدا ۋاپا (يوق).

ئېسىلنىڭ ئوقۇرى ئېگىز.

ئېسىل ــ تاشتىن چىقىدۇ،
ئەقىل باشتىن (چىقىدۇ).

ئېشەك پاتقان يەرگە تەخىيى پاتماس.

ئېشەك ئالدىغا ئۆتۈۋالسا ئاتنىڭ مېڭىشى بۇزۇلار،
خوتۇن ئالدىغا ئۆتۈۋالسا ئەرنىڭ سۆلىتى بۇزۇلار.

ئېشەكنى ئۆگزىگە ئېلىپ چىققان ئادەم،
ئۇنى پەسكە چۈشۈرەلەيدۇ.

ئېغىرلىق رەھمانلىق،
يېنىكلىك شەيتانلىق.

ئېغىرلىقنى تاشقا بەرگەن،
يېنىكلىكنى ياشقا (بەرگەن).

ئېغىرلىقنى يەر كۆتۈرەر،
مۇسىبەتنى ئەر (كۆتۈرەر).

ئېغىرلىق ــ تادانلىق،
يېنىكلىك ــ نادانلىق.

ئېغىرنى يەر كۆتۈرەر،
رىزقىنى تەڭرى بېرەر.

ئېغىزدىكى ئەتىدىن، بۇگۈنكى پەتە ياخشى.

ئېغىلدا بولسا ئېغىزغا تېگىدۇ.

ئېقىن سۇ سېسىماس،
ئىشىك ئىلگۈچكى چىرىماس.

ئېكەك يۇمشاق بولسا تۆمۈردىن دات كەتمەس.

ئېگىز دەرەخنىڭ يىلتىزى چىڭ.

ئېيتقۇچى نادان بولسا، ئاڭلىغۇچى دانا بولسۇن.

## ئى

ئىت ئىگىسىگە قاراپ قاۋىمايدۇ.

ئىتتىرىۋەرسەڭ ئامەتنى،
ئېلىپ كېلەر ئاپەتنى.

ئىتتىك پىچاققا بىلەي كەتمەس.

ئىتنى ئۇرساڭ ئىگىسىگە باق.

ئىش ئۇستىدىن قورقىدۇ.

ئىش ئىشتەينى ئاچار،
نەغمە كۆڭۈلنى (ئاچار).

ئىش ئىگىسىگە ئوخشار.

ئىشلەمچىگە ئون تەڭگە،
پىلانچىغا يۈز تەڭگە.

ئىشنى قىلساڭ شىرىكچىلىك،
ئۇ كەلتۈرەر يىرىكچىلىك.

ئىشىكىڭ چىڭ بولسا ئىت كىرەلمەس.
ئىشىكىڭ يېپىقلىق بولسا، ئىشىڭ پۈتۈكلۈك بولۇر.

ئىشىڭغا بېقىپ لاپ ئۇر،
سۇنايغا بېقىپ داپ (ئۇر).

ئىككى پاختەكنى بىر داڭگالدا يىقىتىپتۇ.

ئىككى پۇت بىر ئۆتۈككە سىغماس،
ئىككى سۆيگۈ بىر كۆڭۈلگە (سىغماس).

ئىككى تاۋۇزنى بىر قولتۇقتا قىسقىلى بولماس.

ئىككى ئۆيىنىڭ قوغۇنى بىر ئۆيگە ئاش بولۇر.

ئىككى ياخشى قوشۇلسا ئۆمۈر بويى دوست بولۇر،
ئىككى يامان قوشۇلسا ئۆمۈر بويى ئۆچ بولۇر.

ئىگىسىز مال بولماس،
يۇگەنسىز ئات (بولماس).

ئىگىسىنى چىشلىگەن ئىت قان قۇسۇپ ئۆلەر.

ئىگىسىنى سېغىنساڭ ئىتتىغا سۆڭەك سال.

ئىلتىپاتىڭ چوڭ ـ كىچىكى يوق.

## ي

يات ئۇچۇن يىغلىغان كۆزىدىن ئايرىلار.

ياتقىنىڭدىن كۆپتۇر ياتمىغىنىڭ،
پاتمىغاندا ياتىسەن پاتمىغىنىڭ.

ياتنى ئېشىكگە تارت،
قېشىڭغا تارتما.

ياتنىڭ شەھىرىدە بويىنۇڭنى قىس،
ئۆزۈڭنىڭ شەھىرىدە كۆتۈڭنى (قىس).

ياتنىڭ يېغى يۇقماس.

ياتمەن دەپ ئۇتنى ئۆچۈرمە.

ياساش قىيىن، بۇزۇش ئاسان.

ياغاچ بولسا بوش دېمە،
قىزىل بولسا گۆش (دېمە).

ياغاچچى كىشەككە ئامراق،
ئوتۇنچى ئىشەككە (ئامراق).

ياغاچچىغا يىلىم كېرەك،
ئىنسانغا بىلىم (كېرەك).

ياغاچنى رەندە تۈزەيدۇ.

ياندا ھېسسىپ بولسا يېگىلى ياخشى،
ھەمراھىڭ ياخشى بولسا دېگىلى ياخشى.

ياۋاش ئاتنى مىنىدىغانلار كۆپ،
ياۋاش ئادەمنى تېپىدىغانلار (كۆپ).

يەتتە ئويلاپ بىر كەس.

يەيدىغان زەھەر بار،
يېمەيدىغان ھەسەل (بار).

يوغان تېرەك پور تېرەك،
كىچىك تېرەك چىڭ تېرەك.

يوغان سوزۇلار، ئىنچىكە ئۈزۈلەر.

يوقىدىن بارى ياخشى،
سەت بولسىمۇ يارى ياخشى.

يول قويغاننىڭ تىلى بار.

يول كۆرسىتىش ئۇستازدىن،
ئەقىل تېپىش ئۆزۈڭدىن.

يولدا ياتقان يىلاننىڭ ئۆمرى قىسقا،
تۈندە ماڭغان ئادەمنىڭ ئۆمرى قىسقا.

يولدىن چىقمىغان ئادەم خاندىن قورقماپتۇ.

يولۋاس ۋەھشىي بولسىمۇ بالىسىغا قەست قىلماس.

يولۋاسنىڭ ئۆلۈكىمۇ يولۋاس.

يولنى بىلسەڭ سۇمۇ ئۈگزىگە چىقىدۇ.

يۇمشاقنى قاتۇرغان يېلىم،
پولاتنى ئۇچۇرغان بىلىم.

يۇمشاقنى قوغلاشما، قاتتىقتىن قاچما.

يۆلەكلىك تام يىقىلماس.

يۆلەنچۈكۈڭ تاغ بولسا، مۇشتۇمۇڭ بازغان بولىدۇ.

يۈز ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا،
يۈز كۆرگەندىن بىر ئىشلىگەن ئەلا.

يۈز قېتىملىق ۋەدىدىن بىر قېتىملىق ئىش ياخشى.

يۈز كۆلچەكتىن بىر بۇلاق ياخشى.

يۈز گەپداندىن، بىر ئىشچان ئەلا.

يۈزلۈك بولاي دېسەڭ، ئىشىڭنى توغرا قىل.

يۈكنى تۆگىگە كەلتۈرەلمىسەڭ، تۆگىنى يۈككە كەلتۈر.

يۈگەنسىز ئاتنى پالۋان مىنمەس.

يۈگۈرگەن قالار،
يورغىلىغان ئالار.

يېتىپ قالغۇچە، ئېتىپ قال.

يېزىنىڭ ئامبىلى بولغۇچە، شەھەرنىڭ دورغىسى بول.

يېزىنىڭ بېگى ــ شەھەرنىڭ سېگى.

يېقىملىق كۆزىدىن بىلىنەر،
توغرىلىق سۆزىدىن (بىلىنەر).

يېڭى كوزىنىڭ سۈيى سوغۇق.

يېڭىلمەكنىڭ يەڭمىكى بار،
يەڭمەكنىڭ يېڭىلمىكى بار.

يېڭىنى ئايىغان كونا، گىلەمنى ئايىغان بورا،
بېگىمنى ئايىغان دورغا.

يېڭىنى ئايىغان كونا،
كىگىزنى ئايىغان بورا.

يېڭىنى يېڭى قىلغان كونىسى.

يېڭىنىڭ نادانلىقى بار،
كونىنىڭ قەدىردانلىقى (بار).

يىپ ئىنچىكە يەردىن ئۈزۈلەر.

يىتكەن پىچاقنى ئاتقان پىچاق تاپار.

يىراق بولسىمۇ تۈز يول ياخشى،
چولاق بولسىمۇ ئۆز قول ياخشى.

يىراقتىكى دۈشمەندىن، پايلاپ يۈرگەن ئۆز يامان.

يىراقتىكى سۇ بىلەن ئوتنى ئۆچۈرگىلى بولمايدۇ.

يىغا كەلسە ئەلنىڭ يىغىسى بىر بولۇر.

يىغىلغان مال ئالار،
ھىجايغان جان (ئالار).

يىغلىغاندىن قورقما، كۈلگەندىن قورق.

يىغىدىن يار بويى قاچ.

يىغلىمىق كۈندە يات ياخشى.

يىگىنە سىپى بىلەن،
ھەر ئىش ئېپى بىلەن.

يىگىنە ئۆتكەن يەردىن يىپمۇ ئۆتەر.

يىگىنىدەك تۆشۈك توسمىنى بۇزار.

يىگىنىنىڭ ئىشىنى نەيزە قىلالماس،
قەلەمتىراچنىڭ ئىشىنى قىلىچ قىلالماس.

يىلان يول تاللىماس.

يىلانغا ھەممە نەرسىنىڭ مېڭىشى ئەگرى بىلىنەر.

يىلاننىڭ بېشى يانجىلسا، باشقا يېرى كاردىن چىقۇر.

يىلاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە يولغا چىقىدۇ.

يىلتىزى سۇدا بولمىسا، ئۇنۇمىدىن ئۈمىد يوق.





# قازى، موللا، پالچى، باخشى قاتارلىقلار توغرىسىدا

# ئا

ئاتا ـ ئاناڭدىن باشقا مازار يوق،
نەپستىن باشقا بالا يوق.

ئاچ كۆز موللام مەسچىتتىن زەللە ئاپتۇ.

ئاخۇنۇم سەللىسىگە ئىشىنىپتۇ،
قۇشناچىم زەللىسىگە (ئىشىنىپتۇ).

ئاخۇنۇم قاچسا كالىچى قاپتۇ.

ئاخۇنۇمدىن پۇل ئالماق،
پېتىرناندىن قىل ئالماق.

ئاخۇنۇمنىڭ ئاغزى دۇئادا،
كۆزى پولۇدا.

ئاخۇنۇمنىڭ تاپقىنى ـــ قۇشناچىمنىڭ باركاللاسىغا يەتمەپتۇ.

ئاخىرەت كېرەك بولسا پېقىرلەر بىلەن كېڭەش قىل.

ئاخىرەتلىكىڭ كېرەك بولسا پۇقرالار بىلەن كېڭەش.

ئادەم كۆپ يەردە قوي هارام بوپتۇ.

ئاران باققان كالامنى،
ئۆلتۇرۇپ يېگەن رەمچى.

ئاللا بەرگەننى موللا بەرمەپتۇ.

ئاللا بەرمىگەننى موللا بېرەلمەس.

## ئە

ئەرزان چىللىمىسىمۇ ناماز ئوقۇغىلى بولىدۇ.

ئەسكى هارۋا يول (بۇزار).

ئەگرى نوغۇچ تاراقلايدۇ.

## ب

باخشى دېيىنى ماختايدۇ،
ئابدال قېيىنى (ماختايدۇ).

باخشىنى بالام دېمەڭ،
بۇقىنى كالام (دېمەڭ).

باخشىنىڭ دېپى يېرىلسا،
گەردىشى مايمۇنغا ئويۇنچۇق بوپتۇ.

باخشىنىڭ قوشى بولسا،
تۆلكىنىڭ خۇداسى بار.

باخشىنىڭ كۆنى داپ بىلەن،
يالغانچىنىڭ كۆنى لاپ بىلەن.

باقغال باغقا تويماپتۇ،
پېرىخون داپقا (تويماپتۇ).

بەندىنىڭ ئاغزىدا بولسا،
پەرىشتىنىڭ قولىدا بار.

بەندىنىڭ بەرگىنى سۆيۈنچە،
خۇدانىڭ بەرگىنى قويۇنچە.

بۇ جاھانغا كەلسە ئاپەت، سوپىلار ئىشان بولۇر،
قوللىرى ئارى مىساللىق، چىشلىرى تىشاڭ بولۇر.

بۇ دۇنيادا جان كېرەك،
ئۇ دۇنيادا ئىمان (كېرەك).

بۇقا سەمرىسە توپا چاچار،
قەلەندەر سەمرىسە يۇرتقا قاچار.

بىر بالادىن قېچىپ يۈزمىڭ بالاغا ئۇچرىدىم.

بىر بىكار ئۇننى بىكار قىپتۇ،
چالا موللا يۈزنى بىكار قىپتۇ.

بىر موللا يېرىم كىشى،
ئىككى موللا بىر كىشى.

بىر موللىنىڭ كەينىدە قىرىق شەيتان بىللە.

بىسمىللادىن ھايات تاپتىم،
بىر چىنە ئاشنى ئاران تاپتىم.

بىكار ئولتۇرغان خۇدانىڭ دۈشمىنى.

## پ

پالچى ئالداپ يېگۈچى،
غالچا ماختاپ يېگۈچى.

پالچىدا داڭگال تولا.

پالچىنىڭ ئوغلى موللا تاپقاق.

پالغا ئىشەنمە،
پالسىزمۇ يۈرمە.

پايدىسى يوق سوپىدىن تۈغماس توخۇ ياخشى.

پايدىسى يوق مازاردىن شەيخ قېچىپتۇ.

## ت

تەڭرى كەچ قويسا، ئاچ قويماس.

تەڭرى ئۇرسا ئەقلىدىن ئازار.

تەڭرىدىن نالىما،
بەندىدىن زارلىما.

تەڭرىم بېرىدىغىنىنى بەرسە،
ئالىدىغىنىنى ئالمىسا.

تۆگە ئاتىقى بىلەن،
موللام تارتۇقى بىلەن.

## ج

جان بەرگەن خۇدا جاي بېرىدۇ،
جاي بەرگەن خۇدا نان (بېرىدۇ).

## چ

چالا موللا دىن بۇزار.
چالا موللا يۇرت بۇزار،

چالا موللام ئالتە پۇلغا نىكاھ قىلىدۇ،
ئەر - خوتۇننى يىراق (قىلىدۇ).

چالا موللام ۋاراقلايدۇ،

## خ

خۇدا بەرسە خۇدابەردىكامنىڭ قورسىقى ئاغرىپتۇ.

خۇدا بەرسە شەيتاننىڭ كۆزى قىزىرىپتۇ.

خۇدا بەرسە، پەرىشتە غىڭ قىلالماپتۇ.

خۇدا بەرمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمىدى؟

خۇدا بىلىپ پاقىغا قۇيرۇق،
ئېشەككە مۈڭگۈز بەرمىگەن.

خۇدا دەپ ياتقۇچە،
رەببىم دەپ ئىشلە.

خۇدا ساقلىغاننى بۆرە يېمەس،
يەي دېسىمۇ چىشى ئۆتمەس.

خۇدا ئۇرسا ئاۋۋال ئەقلىدىن ئۇرار.

خۇدا ئۇرغاننى خۇدابەردىكام قوشلاپ ئۇرۇپتۇ.

خۇدادىن قورققاندىنمۇ قورق،
خۇدادىن قورقمىغاندىنمۇ قورق.

خۇدادىن قورقماي قۇداڭدىن قورق.

خۇدادىن كەلسە كەلسۇن،
غوجىلاردىن كەلمىسۇن.

خۇداگۇي كىشىنى قوي گۆشى بىلەن باق.

خۇدۇكى بار موللا سۇ ئىچمىسىمۇ تەرلەيدۇ.

خىزىر ھەممىگە ئۇچرىماس.

د

دەرد يامانمۇ، ئەلەممۇ،
موللا يامانمۇ، قەسەممۇ؟

دۇئا بىلەن ئەر كۆكىرەر،
يامغۇر بىلەن يەر (كۆكىرەر).

دۇئا قىلدۇرۇش تۇگىمىسە،
دۇئا ئېلىش تەس.

دۇئا قىلساڭمۇ سوراپ قىل.

دۇئا ـ تىلاۋەت مازاردا ياخشى،
سودا ـ سېتىق بازاردا (ياخشى).

دۇنيانىڭ كېرەكلىكىنى بازاردا بىلدىم،
ئاخىرەتنىڭ كېرەكلىكىنى مازاردا (بىلدىم).

دىلدا ئىمان بولمىسا «ئاللاھۇ» نىڭ نېمە ئىشى.

دىنسىزنىڭ ئەدىپىنى ئىمانسىز بېرىپتۇ.

ر

رەمچى رەم سالار،
تىنچ كۆڭۈلگە غەم (سالار).

رەمچىنىڭ رەمىدىن ئۆزۈڭنىڭ خىيالى ياخشى.

## س

سوپى سوۋۇغاننى يەر،
تاپسا يوغاننى (يەر).

سوپىغا باغاق كەتمەس،
كوسىغا تارغاق (كەتمەس).

سوپىغا بەش قۇيماق،
ئىشانغىنىمۇ بەش قۇيماق.

## ش

شەيخىمنىڭ قارنى توق،
مۇرىتى بىلەن ئىشى يوق.

## ق

قازا كەلسە قازاخۇنۇمنىڭ بىلى سۇنۇپتۇ.

قازاخۇنۇمدىن قېچىپ،
مۇپتاخۇنۇمغا ئۇچرىدىم.

قازى تۆر تالىشىپتۇ،
موللام سۆز (تالىشىپتۇ).

قازى كاززاپ كېلۇر،
موللا تەمەخور (كېلۇر).

قازى ئوقۇپ يەيدۇ،
قاغا چوقۇپ (يەيدۇ).

قازى ئۆلسە بىرى يىغلاپتۇ،
ئېشىكى ئۆلسە مىڭى (يىغلاپتۇ).

قازى يىراقتىكى چاغدا،
يېنىڭدىكى دورغىغا سۇكۇت قىل.

قازىدىن قېچىپ پاششاپقا ئۇچراپتۇ.

قازىنىڭ تۇڭلۇكىدىن قېچىپ،
پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا چۈشۈپتۇ.

قەلىمى قاشاڭ موللىدىن،
ئايىغى ئىلدام بالا ياخشى.

قورسىقى ئاچقان قارلىق ئۆيگە بېرىپتۇ.

## ك

كەلىمە تەيىبەنى ياراتماي، ئىمانسىز قاپتۇ،
چىبەرقۇتنى ياراتماي ئىشتانسىز (قاپتۇ).

## گ

گۇناھى جىق ئادەم خۇدانى شىپى كەلتۇرەر.

## م

مەسچىت ئەتسەڭ يېقىن ئەت،
مازارلىقنى يىراق (ئەت).

مەسچىت بۇزۇلسا مىھرابى قالار.

مەسچىتكە كىرسىلا موللا دىمە،
يۈگىۋالغاننى سەللە (دىمە).

مەسچىتكە ئېشەك باغلىما،
دۈشمىنىڭنى سەل چاغلىما.

مەسچىتنىڭ يىراق بولسۇن،
مازارنىڭ يېقىن بولسۇن.

مەن قىلارمەن ئوتتۇز،
خۇدايىم قىلار توققۇز.

موللا بولاي دېسەڭ سەھەر قوپ.

موللا بولساڭ تەكرار قىل،
دېھقان بولساڭ شۇدىگەر قىل.

موللا بولساڭ مازاردا بول،
سودىگەر بولساڭ بازاردا (بول).

موللا بولماق ئاسان،
ئادەم بولماق تەس.

موللا بىكار سىياھ مۇت،
ئېشەك بىكار تاغار مۇت.

موللا بىلىپ قىلغاچقا چىرايى بۆلەكچە تۇرار،
قىزىل ياغلىق ئەكەلسىمۇ قىزى يىغلاپ تۇرار.

موللا تولا يەردە قوي هارام بوپتۇ.

موللا كۆپ يەردە ناماز هارام بوپتۇ.

مولla كىشى ئالىم بولۇر،
پادىشاھى زالىم بولۇر.

موللا موللىنى كۆرەلمەس.

موللا ھالۋىنى كۆرسە،
بىسمىللانى ئۇنتۇپ قاپتۇ.

موللا يوق يەردە موللا مەن،
موللا بار يەردە يولدا مەن.

موللا يېگەنگە تويماس،
تويسىمۇ تۆردىن قوپماس.

موللام ئاچ قالسا بازارغا كىرىدۇ،
سوپى ئاچ قالسا مازارغا (كىرىدۇ).

موللام ئايەتكە ئامراق،
ھۆرۈن راھەتكە (ئامراق).

موللام بىلگەننى ئوقۇيدۇ،
توخۇ كۆرگەننى چوقۇيدۇ.

موللام بىلگىنىنى ئوقۇيدۇ،
بۆزچى بىلگىنىنى توقۇيدۇ.

موللام پەتىۋاچى،
باپكار شاتاۋارچى.



ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com

موللام پۇلنى دوست تۇتماس،
قولىغا كىرسە بوش تۇتماس.

موللام تامادا،
ھۆپۇپ كامادا.

موللام تەمەخور كېلەر،
هاراقكەش بالاخور (كېلەر).

موللام تەمەخور،
ئوغرى گۇمانخور.

موللام دۇئاغا زورلاپتۇ،
نېنى يوق ساتاغا (زورلاپتۇ).

موللام سەدىقىچى بولسا،
قۇشناچىم سېخىي بوپتۇ.

موللام سەللىگە ئامراق،
قۇشناچىم زەللىگە (ئامراق).

موللام سۇيلەپ يەيدۇ،
قەلەندەر يۇگۇرۇپ (يەيدۇ).

موللام كۇلمەيدۇ،
كۇلسە تېلىقىپ كېتىدۇ.

موللام گۆش يېمەپتۇ،
يېسە بوش يېمەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتابلىرى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

موللام مۆرتتىن ئالار،
مەزىن مېيىتتىن (ئالار).

موللام ھەممىنى بىلىدۇ،
ئۆزى قوپۇپ كۆلگە سىيىدۇ.

موللام ئېلىشنى بىلەر،
بېرىشنى بىلمەس.

موللامغا قول بەرسەڭ زېرىكمەي ئوقۇ.

موللامنىڭ بىسمىللاسىدا چىشى تاشقا تېگىپتۇ.

موللامنىڭ تۆگۈرتمىسى يامان.

موللامنىڭ دېگىنىنى قىل،
قىلغىنىنى قىلما.

موللامنىڭ ئېشىكى ئورۇق،
ئۆزى سېمىز.

موللامنىڭ ئىنسابىدىن ئەپەندىمنىڭ كىتابى ياخشى.

موللامنىڭ يالغىنى — ۋاراقكەش،
ئادەمنىڭ يالغىنى — هاراقكەش.

موللىغا ئون تاياق،
نادانغا بىر تاياق.

مولىلارنىڭ دەسمايىسى جەننەت بىلەن دوزاخ،
ئوۋچىلارنىڭ دەسمايىسى قىلتاق بىلەن تۇزاق.

مولىلىقمۇ بىر ھۈنەر،
جاپا چەكمەي پۇل ئۈنەر.

موللىمەن، موللىمەن،
رىزىق ئىزدەپ يولدا مەن.

موللىنىڭ دۇئاسى تولا،
بەرىكىتى يوق.

موللىنىڭ دۇئاسىنى بىسمىللادىن بىل.

موللىنىڭ موللىسى،
بېشىدىن ئېگىز ئىككى دولىسى.

موللىنىڭ ياخشىسى تەمەگەر ئەمەس،
مۇساپىرنىڭ ياخشىسى قەلەندەر (ئەمەس).

موللىنىڭ يامىنى قاراقچى،
بەندىنىڭ يامىنى يالاقچى.

مۈپتىغا دۇرۇت كېرەك،
ئىشانغا مۇرىت (كېرەك).

مۇسۇلمانچىلىق مەسچىتتە ئەمەس،
ئەل ئىچىدە.

مۇشۇكنىڭ سىزىمى بۇرۇتى بىلەن،
ئىشاننىڭ ئاتىقى مۇرىتى بىلەن.

## ن

نادان ئەلدە موللا كۆپ.

نامازنىڭ شىڭچىسى يوق،
كەش بازىرىنىڭ جىڭچىسى يوق.

## ھ

ھارامزادە موللا ھاڭۋاقتىغا ئامراق.

ھالى يەتمىگەن خۇداغا يىلىنار.

ھۆپۈپ چوقۇپ تاپار،
موللام ئوقۇپ تاپار.

## ئو

ئوۋچى ئېتىپ يەيدۇ،
موللام يېتىپ يەيدۇ.

## ئۇ

ئۇستا ئالدىدا قولۇڭنى تارت،
موللا ئالدىدا تىلىڭنى (تارت).

ئۇيات بار يەردە ئىمان بار،
ئۇيات يوق يەردە گۇمان (بار).

## ئۈ

ئۈزىدە بارى جا موللا،
ئۈزىدە يوقى داموللا.

## ئې

ئېتىقاد ئىرادىنى چىڭىتار،
ئەقىل بۇلىقىنى ئاچار.

ئېتىقادى يوق سوپىدىن،
توخۇمى بار مېكىيان ياخشى.

## ئى

ئىخلاسمەن كۆپەيسە،
ئىشان قۇتراپتۇ.

ئىشان ئېشىنى يەيدۇ،
ھۆرۈن بېشىنى (يەيدۇ).

ئىشاننى دەپ ئېشەكتىن ئايرىلىپتۇ.

ئىشاننىڭ سوپىسى
ھەلەپ يېگەن بۇقىسى.

ئىشاننىڭ قارنى بەشتۇر،
بىرى ھەممىشە بوشتۇر.

ئىمام كەتسە مەسچىتى قالار،
شەيخ كەتسە مازىرى (قالار).

ئىماملىقتىن قاچ،
مەزىنلىكنى تالاش.

ئىمامنىڭ ئاغزىدىن ئىمان قاچسا، ئورنىغا بالا كېلىدۇ،
ئادەمنىڭ ئامىتى قاچسا، ئۆيىگە قازا (كېلىدۇ).

ئىمامنىڭ ھەيۋىسى سەللىدە.

ئىمانسىز ئادەم رەھىمسىز،
بىلىمسىز ئادەم قىلىقسىز.

ئىمانىڭ بولمىسىمۇ،
ئىنسابىڭ بولسۇن.

ئىنساب ئىماندىن ئۇلۇغ.

ي

يارىتىشنى مەن ياراتتىم،
يارىلىشنى ئۆزۈڭ بىل.

ياندىكى موللام جامولّام،
يىراقتىكى موللام داموللام.

يورغا يورغا بىلەن ماڭسا گۇپۇر - گۇپۇر،
موللا موللا بىلەن ماڭسا دۇپۇر - دۇپۇر.

يىراقتىكى ئەۋلىيادىن،
يېقىندىكى ماشايىخ ئۇلۇغ.

يىراقتىكى تەقۋا موللام،
يېقىندىكى لەقۋا موللام.



# ئەھسىزلىك، غەلىتىلىك ۋە
# ئاپا - ئانىلار توغرىسىدا

## ئا

ئارزۇلىغىنىڭ ئارتىلىپ قالسۇن.

ئارغامچىنىڭ پۇلى تۇرۇپ تۇرسۇن،
كۆلىنىڭ پۇلىنى بەر.

ئارقىدا قالغان كاچات يەپتۇ.

ئارىچىغا ئالتە تاياق،
شوۋىچىغا يەتتە تاياق.

ئاز سۇ شارقىرايدۇ،
ئەقىلسىز ۋارقىرايدۇ.

ئازنى دەپ كۆپتىن قۇرۇق قاپتۇ.

ئازنى ياراتماپتۇ،
كۆپنى تاپالماپتۇ.

ئاسماندىن تاۋار ياغسا،
تۇمار قىپى تەگمەپتۇ.

ئاشپەزنىڭ بازىرى چىقسا،
يۇندىسى پۇل بوپتۇ.

ئاشتىن يامانلىغان تاۋاق چېقىپتۇ.

ئاشقان ـ تاشقان باراتبايىنىڭ.

ئاشلىق كېتىپ چاڭ قالدى،
ماغدۇر كېتىپ جان (قالدى).

ئاشنى يېگەن قۇتۇلدى،
قازان يالىغان تۇتۇلدى.

ئاغزىنى باسسا كۆتى،
كۆتىنى باسسا ئاغزى ئېچىلىپتۇ.

ئاڭلىغان قۇلاقتا گۇناھ يوق.

ئالدىغا ئاش قويۇپتۇ،
كەينىدىن مۇشت (قويۇپتۇ).

ئالماس مالنىڭ ئېلانى كۆپ.

ئاۋايلىساڭ قەيەرنى،
نەس باسىدۇ شۇ يەرنى.

ئاۋۇالقىسىنى غوجا ئالدى،
كېيىنكىسىنى دورغا (ئالدى).



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاۋۋىلدا مېنىڭ ئىدى،
سورىغۇدىم دورا بولدى.

ئايدا كەلگەنگە ئاياق،
كۈندە كەلگەندە تاياق.

## ئە

ئەسكى پىچاق ئاسقۇچە،
چىشلەپ يېگىن تويغۇچە.

ئەسكىنى ئوڭشىغۇچە، ئېسىڭ كېتەر.

ئەلچىگە ئۆلۈم يوق،
جارچىغا كۆرۈم (يوق).

ئەندىن پايدا ئالىمەن دەپ گەزدىن زىيان تارتىپتۇ.

## ب

باداڭدا ئۈن بولسا، خېنىم قوپۇپ زاڭ چالىدۇ.

بارچە گۇناھ ئۆزۈمدە تۇرۇپ،
قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي.

بارچە ياخشى مەن يامان،
بارچە بۇغداي مەن سامان.

باش بۇزۇلسا تاز بولۇر،
پاختا بۇزۇلسا ماز (بولۇر).

باشنىڭ يارىشىقى دوپپا بىلەن تەلپەك،
قورساقنىڭ يارىشىقى پولۇ بىلەن چەلپەك.

بەرگەن نېنىغا مۇشۇك «ئامىن» دېمەپتۇ.

بەرگەننىڭ يۈزى يورۇق،
بەرمىگەننىڭ يۈزى چورۇق.

بەزىلەرگە ئالتۇن تاۋاقتا ئاش كېلۇر،
بەزىلەرگە يوقسۇزلۇقتىن كۆزلىرىگە ياش (كېلۇر).

بەگنىڭ دورغىسىدىن قورق،
خوتۇن كىشىنىڭ يورغىسىدىن (قورق).

بوداق بوداقتا كەلگەندە،
ئېغىز قۇلاقتا يېتىپتۇ.

بورانىنىڭ ئەلچىسى قۇيۇن،
ئۇرۇشنىڭ ئەلچىسى ئويۇن.

بوش كەلگەننىڭ بوينىغا مىن.

بولۇمسىزغا تاج ياراشماس،
بىلىمسىزگە مەنسەپ.

بولۇمسىزنى بولدۇرالمىدىم،
بولسا ئۇلاغقا مىندۇرەلمىدىم.

بولۇمسىزنىڭ ئىشى تۈگىمەس،
ۋالاقتەگكۈرۈپنىڭ سۆزى (تۈگىمەس).

بوي بويىغا توغرا كەلسىمۇ،
ئوي ئويىغا توغرا كەلمەپتۇ.

بوي دېسە سۇۋادان تېرەكتەك،
ئىش دېسە سولىشىپ قالغان پىلەكتەك.

بوي ئىشلىمەس، قول ئىشلەر.

بوياقچىنى بوياقچى دەپ قويسا ساقىلىنى بوياپتۇ.

بوياقچىنىڭ بويىقى بۇزۇلسا،
بەش بازاردا جېدەل بوپتۇ.

بويىنىنى ئەگكەننى ئات قىلىپ مىنەر.

بۇرنىغا سۇ كىرمەپتۇ،
بېشىغا ئەقىل (كىرمەپتۇ).

بۇرۇنغا تۇتۇن كىرسە، كۆز يىغلار.

بۇزغىنىنىڭ سانى يوق،
تۇزگىنىنىڭ تايىنى (يوق).

بۇزمىغۇچە قۇرغىلى بولماس.

بۇزۇقنىڭ خوتۇنى بۇزۇق.

بۇزۇلغان ئىشنىڭ ئىگىسى چىقماس.

بۇزۇۋىدىم بېشىمغا تەگدى.

بۇغداي نېنى ياخشى،
ئېيتقۇزىدۇ ناخشى.

بۇغداينى بىز تېرىيمىز،
كىم يەيدىغاندۇ؟

بۆرە قېرىسىمۇ، خۇيى قېرىماس.

بېرەرمەننىڭ بېشىنى ئالارمەن ئوڭشايدۇ.

بېشى كۆل،
ئايىغى چۆل.

بېشىنى سىلىسا،
قولىنى چىشلەپتۇ.

بېقىشقا ئۇلاغ ياخشى،
ئاڭلاشقا قولاق (ياخشى).

بېگى بولمىسا، دورغىسى بار،
گۆشى بولمىسا شورپىسى (بار).

بېگىمگە دەردى يەتكۈچە، بېلى سۇنۇپتۇ.

بىر تال دانىۇ قۇشقاچقا تۇزاق بولالايدۇ.

بىر تال قىلنىڭمۇ سايىسى بار.

بىر سېسىق ئالما،
مىڭ ئالمىنى سېسىتار.

بىر قوتۇر ئۆچكىنى دەپ ئالتە تېكە ئۇسۇشۇپتۇ.

بىر كاپام ئاش بىلەن سەمرىگىلى بولماس.

بىر كاپام ئاشقا ئىمان سېتىپتۇ.

بىر كۇلاھ ھەممە قەلەندەرنىڭ بېشىغا خوپ كەلمەس.

بىر ئىلىك ئېغىزغا،
ئىككى ئىلىك قاپقاق كېرەك.

بىرسى چالما دەپ تاشلىسا،
بىرسى ئالما دەپ ئاپتۇ.

بىرنى يېسەڭ ئۇھ دەيسەن،
ئىككىنى يېسەڭ سۇ دەيسەن.

بىغەرەزدىن دوزاخ قېچىپتۇ.

## پ

پاتمە ياتۇر،
زۆھرە قوپۇر.

پادىچى قىزنىڭ جۇدۇنى پادا كەلگەندە تۇتۇپتۇ.

پادىچى ئىككى بولسا،
ئارىدا توقلار ئۆلەر.

پادىچى يىتكەن مالنى تۆلىيەلمەيدۇ.

پادىچىغا ئەمەل تەگسە قوتانغا زەردىۋال تارتىپتۇ.

پاراكەندە لەشكەر كارغا كەلمەس.

پارالڭ كۆڭۈلدىن چىقار.

پارچە يەپ، ئۆلگۈچە قوسۇپتۇ.

پاقا تولغىنىپ يىلانغا ئوخشىماس،
قېرى ياسىنىپ جۇۋانغا (ئوخشىماس).

پاقا دەرمىش «ئادەمنى ئالاي دىسەم، كۆزى چوڭكەن».

پاقا سەكرەپ ئۆز ئىزىغا چۈشۈپتۇ.

پاقا ھەمىشە ئۆزىنىڭ قۇمچاق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

پاقىغا يالۋۇرغۇچە، سۇغا سەكرە.

پاقىنى دەسسىسەڭمۇ ۋاق دەيدۇ.

پاكار ئادەم ئورنىدىن قوپسا،
بورىنى سۆرەپ قوپار.

پاكار بولساڭ جىنازا كۆتۈر.

پاكار تاغ - يايلاقىقا ياراپتۇ،
قىسقا گەپ ئىلمەككە (ياراپتۇ).

پاكار خوتۇن تويدا چانار،
پاكار ئېشەك يولدا (چانار).

پاكىت ئالدىدا پىلمۇ ئوسۇرۇپتۇ.

پالتا بىلەشنىڭ ئوتۇنچىغا كاشىلىسى يوق.

پالتا تەگمىگەن ياغاچ بولماس.

پالتا چۈشكۈچە كۆتەك ئارام ئاپتۇ.

پالتا - كەكىسىنى قاقتۇرۇپ كەپتۇ.

پالتىدىن زوۋان كەپتۇ،
قاتلىدىن ئىمان (كەپتۇ).

پالتىسىنىڭ سىپىغا موزاي تېزەكلەپتۇ.

پالتىنىڭ چۈلدىسىدا ئوتۇن يېرىپتۇ.

پالۋان ئىتنى گالۋاڭ ئىت تالايدۇ.

پايدا دېسە ئىشتانسىز يۈگۈرۈپتۇ.

پايدا دېسە يۈگۈرگۈدەك،
زىيان دېسە كەينىنى قىلىپ يۈگۈرگۈدەك.

پەستە تۇرۇپ پەشۋا ئېتىپتۇ.

پەلەك ھىيلىگەر بولسا،
تۇرمۇش لەززەتسىز بولىدۇ.

پەن تارتىشىپ ئەگرى ـ توقاي،
پۇتىغا كىرگۈزدۇم چوقاي.

پەيغەمبەرنىڭ ئېشىدىن شەيتان قىزغىنىپتۇ.

پور تېرەكتىن قوزۇق چىقماس.

پور سۆگەتنىڭ غولى چوڭ،
پۇلى بارنىڭ يولى (چوڭ).

پور كۆتەككە پالتا ئۆتمەس.

پوقاقفا ياقا ياراشماس.

پوقاقنىڭ ئۈستىگە سۆگەل چىقىپتۇ.

پولۇ ئەتسە ئاي ـ ھاي،
ئۇماچ ئەتسە ۋاي ـ ۋاي.

پۇتۇمنىڭ دەردى ئازدەك،
بوينۇمغا چىيقان چىقتى.

پۇتىغا يىپ سۆرتىپتۇ.

پۇچۇق نانىڭ قۇلىسەن،
قاچان پۇتۇن بولىسەن.

پۇرچاق مىڭ سەكرىسىمۇ، قازاننى يارالماس.

پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا،
پۇل بولمىسا مازاردا توۋا.

پۇل تاپارغا سەن تۇرساڭ،
يەپ ياتارغا مەن تۇراي.

پۇل تاپقۇچە بىلەك سىرقىراپتۇ،
خەجلىگۈچە يۈرەك (سىرقىراپتۇ).

پۇل يوق ھېساب يوق،
نان يوق قورساق توق.

پۇلنىڭ بارىدا «كېلىمەن» دەيدۇ،
پۇل تۈگىگەندە «كېتىمەن» دەيدۇ.

پۇلنىڭ قەدرىنى ھاجى بىلەر،
قاننىڭ تەمىنى سالجى (بىلەر).

پۇلنىڭ ياخشىسى يامبۇ،
چىشنىڭ دورىسى ئامبۇ.

پۇلى باشقىنىڭ نىيىتى باشقا.

پېشىنى كېسىپ يەڭنى ياماپتۇ.

پىچاق گۆشكە ماڭار،
سۆڭەككە ماڭماس.

پىچاق ئىتتىك بولسا غىلاپنى كېسىدۇ.

پىچىقى ئۆتكۈر بېيىماس.

پىشقان قوغۇن ساپىقىدا تۇرماس،
قىلغان گەپ جايىدا (تۇرماس).

پىشمىغان تويغا قازان ئاسقىلى بولماس.

پىيالىگە ئېگىلمەيدىغان چەينەك يوق.



ئۇيغۇر ئەلكىتاب تورىسىكتىنى
ئۇيغۇرچە كىتابلار توربېتى
www.uyghurkitap.com

ت

تاپقان ـ تەرگىنىڭ بۇندا قالۇر،
سېنى قۇرۇق يولغا سالۇر.

تاپقىنى ناماقۇللۇقتىن ئاشماپتۇ،
شۇنىڭدىن كېيىن كېلىن قاچماپتۇ.

تاپىنىغا تىكەن كىرسە چوققىسىنى كولاپتۇ.

تاتلىق يېيىشنىڭ ئاچچىق قۇسۇشىمۇ بار.

تاغ دېسە توخۇ قېتىلىپتۇ،
پەش دېسە مۇشۇك (قېتىلىپتۇ).

تاختا بېشىدا گۆش قويسام،
پۇچۇق مۇشۇك يەپ بولدى.

تادانىڭ غېمىنى ئۆزى قىلار،
نادانىڭ غېمىنى خۇدا (قىلار).

تاز قوچقارنىڭ ئەنتى مۈڭگۈزلۈك قوچقاردا قاپتۇ.

تازغا تارغاق نە كېرەك،
قاشاڭغا باغاق نە كېرەك.

تاشلىۋەتكەننى ئىت يېمەپتۇ.

تاخ دېسە تاختا بېشىغا چىقىپتۇ،
پەش دېسە مورا بېشىغا چىقىپتۇ.

تاغ قانچە ئېگىز بولسىمۇ،
كۈننىڭ ئاستىدا تۇرىدۇ.

تاغارنىڭ ئاغزىنى چوڭ ئاچساڭ، تۇۋىگە قارا.

تاغاڭدا بولغۇچە،
تاغىرىڭدا بولسۇن.

تاغقا مۇشت كار قىلماس.

تاغقا يامغۇر كار قىلماس،
قېلىنغا گەپ (كار قىلماس).

تاغلىققا ئۆي كۆرسەتمەڭ،
ئۆچكىگە باغ (كۆرسەتمەڭ).

تاقتاق بولساڭ تاق ئۆتەرسەن.

تالاغا چىقسا نەغمە قىلىدۇ،
ئۆيگە كىرسە غەلۋە (قىلىدۇ).

تام توقىچى گەپ تاپسا،
تام پوتلىسىغا دادلاپتۇ.



www.uyghurkitap.com

تام ياقىلىساڭ تام باسار.

تاماق بېرىپ، تامىقىدىن قاپتۇ.

تاۋار كەسسەڭ كېسىكى قالۇر،
بۇغداي تارتساڭ كېپىكى (قالۇر).

تاۋار - دۇردۇن چاپىنىم،
جازا - جازا چاپىنىم.

تاي باشلىغان يىلقا جۇدىمەي قالماس.

تاينىڭ ئازغىنى يورغا بولۇر،
ئەرنىڭ ئازغىنى دورغا (بولۇر).

تەپسە تەۋرىمەس،
ئۇرسا مۆرىمەس.

تەپكەك ئېشەكنىڭ يۈكى ئېغىر.

تەخەيلىك ئېشەك خامانغا يارىماس،
بالىلىق خوتۇن مېھمانغا (يارىماس).

تەگمىگەن تاياقتا ۋاي بېشىم.

تەلپىكىڭنى ئېلىپ كەل دېسە،
بېشىنى ئېلىپ كەپتۇ.

تەييار ئاشقا ئېغىز كۆپ.

توخۇ قونداقتا چىقىپتۇ،
پاقا بالداقتا (چىقىپتۇ).

توخۇسى ئۆگەيلىمىسە،
چۈجىسى ئۆگەيلەپتۇ.

توخۇسىنى دەپ،
تۆگىسىدىن قۇرۇق قاپتۇ.

تور باغلىمىغان ئۆمۈچۈك ھاشارات تۇتالماس.

تور سۇ كۆتۈرمەس،
ئەسكى گەپ (كۆتۈرمەس).

تورغاي تەلۋە بولسا،
بۈركۈتكە ھەيۋە قىلار.

تۇزۇمايدىغان گۈل يوق،
ئۈزىمايدىغان مېھمان (يوق).

توشقان تېرىسى بىر كۈن چىداپتۇ.

توشقان قانچىلىك بولسا،
شورپىسى شۇنچىلىك چىقىدۇ.

توشقاننىڭ يۈگۈرۈكى چوماقتا ئۇچراپتۇ.

توق بۆرە ئاچ بۆرىنىڭ كۆتىنى يالاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توققۇز خوتۇننىڭ تولغىقى تەڭ تۇتۇپتۇ.

توققۇزدا قانچە بولسا،
توقساندىمۇ شۇنداق بولۇر.

توققۇزغا چىدىغان ئوتتۇزغىمۇ چىدايدۇ.

توقۇمىنى ئوغرىلىغان تەخىيىنىمۇ ئوغرىلاپتۇ.

توقۇمىنى يەڭگۈشلىگەن بىلەن ئېشىكى شۇ.

توقۇناق بالا،
ئىلمەك قازا.

توڭغاق توخۇ قونداققا ماڭار،
دىلى ئەگرى قىلتاققا (ماڭار).

توڭگۇز توقماق بىلەن سەمرىيدۇ.

تولا ۋىچىرلىغان قۇش ئۇۋا تۇتالماس.

تولا يېگەن بۆرىنىڭ قوڭى تۆشۈك.

تونلۇققا گەپ قىلسام جۇۋىلىققا تو كەتتى.

تونۇمايدىغان پەرىشتىدىن،
تونۇيدىغان شەيتان ياخشى.

توي باھانىسىدا توي پۇتكۈزۈپتۇ.

توي توقماقسىز ئۆتمەيتۇ.

توي تۈگىگەندىن كېيىن غەزەلخان كۆپ.

تويدىن كېيىن نەغمىنىڭ نېمە ئىشى.

تۇتسا سېپى يوق،
قىچقارسا ئېتى (يوق).

تۇخۇم باستۇرماي چۈجە ساناپتۇ.

تۇخۇم تۇغمىغان توخۇ كۆپ قاقاقلايدۇ.

تۇخۇمدىن تۈك ئىزدەپتۇ،
تىرناق ئاستىدىن كىر (ئىزدەپتۇ).

تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغان نەدە بار.

تۇخۇمنى دەپ توخۇدىن ئايرىلىپتۇ.

تۇخۇمنىڭ ئۈستىدە تۇخۇم توختىماس.

تۇز بەرسەم تۇزلۇقنى چاقتى،
رەھىم قىلسام پاچىقىمنى (چاقتى).

تۇز يەپ تۇزلۇقىغا،
ئاش يەپ ساندۇقىغا تېزەكلەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۈزلۈق قاپاقتىن تۈز تەپچىيدۇ،
ياغلىق قاپاقتىن ياغ (تەپچىيدۇ).

تۈزى يوق تائامنىڭ تەمى يوق،
پۇلى يوق ئادەمنىڭ پەمى (يوق).

تۈغماي باللىق بوپتۇ،
باقماي كاللىق بوپتۇ.

تۇغۇلغان يەردىن تويغان يەر ياخشى.

تۇغۇلغان تايىنى مىنمەي تۇرۇپ يېغىر قىپتۇ.

تۇغۇلغان ھېساب ئەمەس،
توختىغان ھېساب.

تۇغۇلمىغان تايغا ئېگەر توقۇپتۇ.

تۇغۇلمىغان تايغا ئوقۇر ساپتۇ.

تۇغۇلمىغان تاينىڭ دۇمبىسى يېغىر بوپتۇ.

تۇل خوتۇن سەككىز قاپاق ماي تارتىپتۇ.

تۇماق چوڭ كەلسە بېشىڭ توڭلار.

تۇمشۇقىغا يېمىگۇچە بۇرنىغا سۇ كىرمەپتۇ.

تۆت ئوغلى بارغا ئاتىنىڭ نېمە كېرىكى،
تۆت ئۆچكىسى بارغا باغىنىڭ نېمە كېرىكى؟

تۆردە ئولتۇرغان ھېساب ئەمەس،
زەللە ئالغان ھېساب.

تۆرگە مۈشۈك چىقتى، بوسۇغىغا ئىت،
چېقىشنى بۆرگە چاقتى، تۈتۈلگىنى پىت.

تۆشۈك بىلەن چۈشەك باشقا.

تۆشۈك قۇلاق نېمىنى ئاڭلىماس.

تۆگە تۇغسا ھېچ گەپ يوق،
توخۇ بىر توخۇم تۇغسا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ.

تۆگە سوراپ، تۈگمىنىمۇ ئالالماپتۇ.

تۆگە سىلكىنسە ئون ئېشەككە يۈك چىقار.

تۆگە سىيگۈچە، قۇيرۇقىنى قۇم باسار.

تۆگە ئۇسسۇلغا چۈشسە يەتتە تاختا زەردەكنى بۇزىدۇ.

تۆگە يوغان بولسىمۇ شويىنىدا باغلايدۇ،
ئىت كىچىك بولسىمۇ، زەنجىردە باغلايدۇ.

تۆگىدە تىز يوق،
شاللاقتا يۈز (يوق).

تۆگىنى چۆچەكتە سۇغىرىپتۇ.

تۆگىنى شامال ئۇچۇرسا،
ئۆچكىنى ئاسماندا كۆر.

تۆگىنىڭ ھەيۋىسى بولغىنى بىلەن،
چۆك - چۆكتىن قورقىدۇ.

تۆگىنىڭ يۈكىنى ئېشەك كۆتۈرەلمەس.

تۆھپىسى بارنىڭ ھۆرمىتى يوق،
ھۆرمىتى بارنىڭ تۆھپىسى (يوق).

تۈتۈنى كۆپ،
يالقۇنى ئاز.

تۈتۈنى يوق ئوچاق يوق،
ئىسسىقى يوق قۇچاق (يوق).

تۈگمەن بار يەردە ياغۇنچاقنىڭ نېمە ئىشى.

تۈگمەن تېشى سەن بولساڭ،
چىقىلدۇرغۇچى مەن بولاي.

تۈگمەنچىنى ئۇستام دېسەم،
چاپىنىنى ئۇنغا بۇلاپتۇ.

تۈڭلۈكىدىن شامال كىرمەس،
ئىشىكىدىن ئادەم (كىرمەس).

تۈلكە سۆزگە چىقسا،
توخۇ غەمگە چۈشۈپتۇ.

تۈلكە مىڭ ھىيلىگەر بولسىمۇ،
تېرىسى دۇكاندا ئېسىقلىق.

تۈلكە ناتىقلىق قىلسا،
چۈجىلەر يىغلاپ كېتىپتۇ.

تۈلكىگە قاراپ بۆرە ئاچ قاپتۇ.

تۈلكىنىڭ سايىسىغا كىرمە،
يولۋاس سېنى يەپ كەتسىمۇ.

تۈنۈگۈن دەرەخ تىكىپ بۈگۈن سايىداپتۇ.

تۈۋرۈك مايماق بولسا،
خا سىڭايان بولىدۇ.

تۈۋلۈكنىڭ سىردىشى قازان.

تېپىلماسنىڭ خورمىسى،
پېتىنگاننىڭ شورپىسى.

تېجىمەل تاياق بىلەن،
يالاقچى يالاق بىلەن.

تېجىمەل تورپاقنى چىمدىپ ئۆلتۈرەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تېرەك تەڭگە بولغاندا،
چوكانلار بەڭگە بولۇر.

تېرىقنى بىز يەيمىز،
كىم تېرىيدىغاندۇ؟

تېرىلمىغان يەر قالماپتۇ،
ئون بېشى بولمىغان ئەر (قالماپتۇ).

تېرىمىغان كېۋەزنى باپكار تالىشىپتۇ.

تېرىمىغانىنىڭ چارىكى چوڭ،
تېرىغانىنىڭ كەپسىنى چوڭ.

تېزەكنى قوزغىسا،
سېسىقى چىقار.

تېشى ئالتۇن بىلەن نەقىش،
ئىچى زەھەر بىلەن غەش.

تېشى پال - پال ئۆردەكمۇ،
ئىچى غال - غال تىترەكمۇ.

تېشى پال - پال،
ئىچى غال - غال.

تېشى پۈتۈن،
ئىچى تۈتۈن.

تېشىدا ئىنساب يالتىرايدۇ،
ئىچىدە توڭگۇز قاتىرايدۇ.

تېكە سۇ ئىچكۈچە،
كاچكۇل مۇزلاپتۇ.

تېگى پەسنىڭ زېدى پەس،
زېدى پەسنىڭ كۈنى تەس.

تېگى دۈشمەن دوست ئەمەس،
ئۆپكە ـ قېرىن گۆش ئەمەس.

تېگى قارا ئاقارماس،
ئەسلىي سارالڭ ساقايماس.

تېنى باشقا، ئاغرىقنى بىلمەس،
ئويى باشقا هالىڭنى بىلمەس.

تىزدا قۇۋۋەت بولمىسا،
هاسا ـ تاياق نە پايدا.

تىل بىلەن تۈگۈلگەن تۈگۈچ قىيامەتكىچە شېشىلمەس.

تىل ــ بىر پارچە گۆش،
گەپكە كەلگەندە تىغدىنمۇ ئۆتكۈر.

## ج

جاڭگال ئارقىسىدىكى كۆرۈنەر،
بۆرۈن ئاستىدىكىسى كۆرۈنمەس.

جان چىققاندا دېمىدە ئىچۈرگەننىڭ پايدىسى يوق.

جان كۈندە چېچەكلىمەس،
قوغۇن كۈندە خەمەكلىمەس.

جانمۇجان ئۆزىنىڭ جېنى،
كىشىنىڭ جېنى ئىتنىڭ جېنى.

جاننى ئېلىپ قاچقان يول تاللىمايدۇ،
قورسىقى ئاچقان نان (تاللىمايدۇ).

جەڭ كۆرمىگەن شىر تۈلكىدىن قورقۇپتۇ.

جەڭدە ئۆلسە بىر كىشى،
غەيرەتلىنەر مىڭ كىشى.

جەڭدە ئۆلگەن شېھىت،
جېدەلدە ئۆلگەن مېيىت.

جەننەتتىن چىققان كۆك تاياق،
يۈگۈرتىدۇ يالاڭ ئاياغ.

جېنى ئاغرىمىغاننىڭ يېنى ئاغرىماس.

جېنى كۆيگەن خۇدانى قارغاپتۇ.

جىقنى دەپ ئازدىن قۇرۇق قاپتۇ.

جىگدە ياغىچى بادرا بولماس،
ساۋاتسىزلار كادىر (بولماس).

جىم تۇرسا بوش دەيسەن،
يېقىن تۇرسا پوش (دەيسەن).

جىندىن قورقۇپ ئالۋاستىغا ئۇچراپتۇ،
خۇپتەندىن قېچىپ تاراۋىغا (ئۇچراپتۇ).

جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا.

چ

چاپسانغا بار،
لايپاسقا يوق.

چاپىقنى ئالىمەن دەپ قارىغۇ قىپتۇ.

چۈمۈلىگە قانات چىققىنى ــ ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ يېقىنلاشقىنى.

چېچەك چىقسا ئىزى قالار،
كونا چاپاننىڭ مېزى (قالار).

چىچقىلى يەر بەرسە،
خەت مۆھۈر چىقىرىپتۇ.

چىدىغانغا چىقارغان.

چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ.

چىشنىڭ سوغۇقلۇقىدىن ئېغىز كۆيمەپتۇ.

چىشى بارنىڭ گۆشى يوق،
گۆشى بارنىڭ چىشى (يوق).

چىقتىم ئۆيۈمنى تاشلاپ،
قالدىم بېشىمنى قاشلاپ.

چىققان كۆز ئورنىغا چۈشمەپتۇ.

چىمەندە گۈل،
غوجىسى پۇل.

چىنىسىگە ئاش قۇيدۇم،
تۇمشۇقىغا مۇشت (قويدۇم).

چىنىسىنى مۇشۇك سۇندۇرسا كېلىنىنى تىللاپتۇ.

# خ

خالادا ئەيىب بولمىغان ئىش،
خاماندا ئەيىب بولۇر.

خامان تۈگىگەندە لاي ـ لايىنىڭ نېمە ئىشى.

خامانغا سېلىنغان ئۆيىنىڭ پايانى يوق.

خەقنىڭ بىر قوشۇق يۇندىسى قىرىق يىل ئېغىز كۆيدۈرەر.

خەقنىڭ دەرمەن، بەرگەندە يەرمەن،
ئۆزۈمنىڭ دەرمەن، خالىغاندا يەرمەن.

خوتۇن قوينۇمدا،
تۆغقان يېنىمدا.

خوتۇنى سەتەڭنىڭ ئېرى ماز.

«خوپ» دېسەڭ ئۆتىسەن،
«هوپ» دېسەڭ يۇتىسەن.

خوراز چىللىسا ھېچ گەپ يوق،
مېكىيان چىللىسا «شۇم توخۇ».

خۇش بولغاندا كۆزگە پالاكەت كۆرۈنمەس.

خىللا ـ خىللا ھەممىنى يەپتۇ،
تاللا ـ تاللا تازغا قاپتۇ.

خىلى ـ خىلى بىلەن،
كەكە سىپى بىلەن.

## د

«داپچى»نىڭ دىپى يىرىلسا،
گەردىشى مايمۇنغا ئويۇنچۇق بوپتۇ.

داپقا بىقىپ ئۇسسۇل،
ئىمانغا بىقىپ روسۇل.

داپنى داپەندى چالدى،
ھاپنى ئەپەندى ئالدى.

داچەنگە ئۇنىماي چىچەنگە ئۇناپتۇ.

دادامغا يوق پۇرچاق،
ئانامغا نەدە.

داڭقاندىن پايدا ئالمەن دەپ،
قازاندىن زىيان تارتىپتۇ.

داڭقانغا تۆشلۈك ئاش يوق،
قالپاقىغا تۆشلۈك باش (يوق).

دەججالنىڭ توقۇمى پۈتمەس.

دەرد كەلگەندە دەرمان كېتىپتۇ.

دەريا بويىغا ئاپىرىپ،
سۇغارماي ئەكەپتۇ.

دەريادا بېلىق ئۈسسۈز.

دوزاخ نەدە؟ ئىككى ئادەم تاماق يەپ،
بىر ئادەم قاراپ تۇرغان يەردە.

دوق قىلىپ بەرگەن تەنگە سىڭمەس.

دۇتارچى بار يەردە تەمبۇرچى بىكار.

دۆ غېرىبنى ئۇرار،
ئۆمۈچۈك مۇساپىرنى (ئۇرار).

دۈمبە كۆرسىتىپ، ئۆپكە سېتىپتۇ.

دېسەم گەپ بولىدۇ،
دېمىسەم (دەرد) بولىدۇ.

دېمە دېگۈزمە،
يېمە يېگۈزمە.

دېمەيدىغان گېپى يوق،
چالمايدىغان دېپى (يوق).

دېنى يوق خامانغا قۇشقاچ چۈشمەيدۇ.

دېھقانغا پۈتۈن خوتۇن، سودىگەرگە يېرىم خوتۇن،
تۇگمەنچىگە نېمە خوتۇن؟

دېھقاننىڭ ئىشنى يەپتۇ، غېمىنى يېمەپتۇ.

دېۋەڭگە بىر توقماق،
موللىغا ئون توقماق.

ر

رازى بولمىغان ئاش قورساقنى ئاغرىتار.

رەقىبلەر تار يولدا ئۇچرىشىپتۇ.

رەھىم بالا كەلتۈرەر.

رەھىم بىلەن يىتەر،
زۇلۇم بىلەن پۈتەر.

روزىدا گۇناھ يوق،
ھەممە گۇناھ باراتتا.

روزىنى سەن تۇت،
ھېيتنى مەن ئويناي.

روزىنى يوقسۇل تۇتار،
ھېيتنى بايلار ئويلار.

## ز

زاغراڭنى يەپ،
ناغراڭنى چال.

زاكىسىدا قوماچ يېگەن.

زامانە زورنىڭ،
تاماشا كورنىڭ.

## س

ساتمىنى ياراتمىساڭ،
ئۆي ئىزدەپ نەگە باراي.

سارت تاللاپ يەيدۇ،
قالمىغاندا بارىنى (يەيدۇ).

ساق كۆز يىغلىسا،
قارىغۇ كۆزدىن ياش چىقىپتۇ.

ساقالغا بېقىپ بۇرۇت،
سوپۇمغا بېقىپ مۇرىت.

ساڭ چاشقىنى قارلىغاچتىن دان سوراپتۇ.

ساڭا ئالتۇن ساپلىقمىڭ ياخشى،
ماڭا نوگاي قاپىقىم (ياخشى).

سامان ئاستىدىن سۇ قويۇپتۇ.

ساۋاب دېسەم ساۋىۋالدى،
ئۇۋال دېسەم ئۇرۇۋالدى.

ساۋاب ئىزدەپ، ياۋاغقا بېرىپتۇ،
گۇناھ ئىزدەپ چاۋاغقا (بېرىپتۇ).

ساۋابنىڭ قوڭى تۆشۈك.

سايغا تاش يۇدۇپ بېرىپتۇ،
جاڭگالغا ئوتۇن يۇدۇپ (بېرىپتۇ).

سايىسىغا سالام بېرىپتۇ.

سەندە بار قارا ئېشەك باشقىلاردىمۇ بار.

سەيپۇڭنىڭ تۇگمىسى قادالماس،
موزدۇز ئايىغى ياماڵماس.

سۇ ئۈستىدە ئىز بولماس،
قېرى خوتۇن قىز (بولماس).

سۇغا چۈشكەن ئىت كوچىغا چىقسا ئۇر ـ ئۇرغا قاپتۇ.

سۇغا ياغ يۇقماس.

سۇنايچىنىڭ چىڭقالغىنىنى ناغرىچى بىلمەس.

سۇنىڭ بېشى بار،
قەرزنىڭ ئىگىسى بار.

سۈندۈكنىڭ ئۇچۇشى ئېگىز ـ پەس بولغىنى بىلەن،
بارىدىغان يېرى يەنىلا ئۆز ئۇۋىسى.

سىپسىقچىلىق نەدە بولسا،
شۇ يەردە چىۋىن تولا.

سىغىنغانغا كەلمەيدۇ،
سارغايغانغا ئۆلمەيدۇ.

سېمىز مۈشۈك چاشقان تۇتالماس.

سېمىز ئېشەكنى ئۆلتۈرۈپ يېگىلى بولماس،
چىرايلىقنى چاي قويۇپ ئىچكىلى (بولماس).

سېمىزلىك ھايۋانغا يارىشار،
كاۋا - قاپاق باراڭغا (يارىشار).

سېنىڭكىدە نەپ بولسا،
مېنىڭكىدە گەپ بار.

سىپاھقا يولۇقساڭ يۆكۈڭ كۆپىيەر.

سىڭىشلىكى يوق چاقچاق،
ئاخىر بولىدۇ جاق - جاق.

ش

شار - شۇر ئات كۆتۈرەر،
مىس - مىس پۇت كۆتۈرەر.

شار - شۇر يامغۇر ياندىن ئۆتەر،
سىم - سىم يامغۇر جاندىن (ئۆتەر).

شارابقا قاندىم،
چاتاققا قالدىم.

شامال ئۆتمەيدىغان تام يوق،
سۇ ئۆتمەيدىغا خام (يوق).

شامالدىن تېرىكسە بورانغا قاپتۇ،
يامغۇردىن زېرىكسە مۆلدۈرگە (قاپتۇ).

شەرتى كېتىپ پەرقى قاپتۇ.

شەرمەندىگە تۆكۈرۈك كار ئەمەس،
يالاڭ ئاياغقا كۆۋرۈك تار (ئەمەس).

شەھەر — ئەقىلسىزنىڭ دوزىخى.

شەيتان پوستۇڭدىن چىقار،
پاسات دوستۇڭدىن (چىقار).

شەيتاندىن ئادەم شەيتىنى يامان.

شەيتاننىڭ ئېشىدىن رەمبال قىزغىنىپتۇ.

شورپىغا قورساق تويماس،
بارىكاللىغا يانچۇق تولماس.

شورلۇق يەرنىڭ ئاسمىنىدىكى بۇلۇتنىڭ جېنىغا ۋاي.

شۇمقۇش شۇملۇق تىلەيدۇ،
ھۆۋقۇش ئۆلۈم (تىلەيدۇ).

شىرنىڭ چىشىنى چىقارغىنى ھىڭگايغىنى ئەمەس.

# غ

غاز كەتسە كۆلنى ئۆردەك ئىگىلەپتۇ.

غاز يوق كۆلدە ئۆردەك خوش.

غازنىڭ مېڭىشىنى دورايمەن دەپ،
قاغىنىڭ پۇتى قايرىلىپتۇ.

غالجىر ئىت خوجىسىنى بىلمەس.

غەلۋىرگە كىلىپ،
غەللىگە تۇتۇلۇپتۇ.

غەلىبە مەردانىنىڭ،
شەرەپ مەمەدانىنىڭ.

غولىچى توگەپ، غېرىچى قاپتۇ.

غېرىچقا ئېرىشىپ، غولاچقا تىكىلىپتۇ.

غىلجىڭنى ئەزمە يېڭەر،
ئەزمىنى بەزمە (يېڭەر).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ق

قارا كىگىز يۇغانغا ئاقارماس.

قاپاق پۇل ئەمەس،
باراڭ پۇل.

قاپاق سۇنسا قايغۇلۇق،
قېرى ئۆلسە يىغا يوق.

قاپاقتا نېمە بولسا،
تېشىغا شۇ تېپىدۇ.

قاپاقتەك بېشى بولسىمۇ،
قوشۇقتەك مېڭىسى يوق.

قاپاققا قاراپ نوگاي سىزىپتۇ،
مۇشۇككە قاراپ يولۋاس (سىزىپتۇ).

قاپاقمۇ لازىم،
باراڭمۇ لازىم.

قاپاقنى پۇلغا ئالماي، باراڭنى پۇلغا ئاپتۇ،
ئەقىلنى تۆرگە ئالماي، پاراڭنى تۆرگە ئاپتۇ.

قاپىقى ئۆششۈق، پۇلغا تۇشلۇق.

قاپىقىدىن باراڭ ئەتىۋا،
ئەقىللىكتىن ساراڭ (ئەتىۋا).

قاپىقىدىن قار ياغىدۇ،
كىرپىكىدىن مۇز (ياغىدۇ).

قاچا بىلەن قوشۇق بىر،
سونجاق بىلەن ئوشۇق بىر.

قاچا پاسكىنا بولسا، چىۋىن كەتمەس.

قاچان بولغان ئۆزۈمدەك،
قاراپ تۇرار كۆزۈمدەك.

قار كۆچىدۇ، تاغ قالىدۇ،
گۇلخان ئۆچىدۇ، چوغ قالىدۇ.

قارا دۆڭگە چىقساڭ تۇرسۇن بەزدىن قورق،
ئاشخانىغا كىرسەڭ چىنىسى دەزدىن (قورق).

قارا قازان نەدە،
مەن شۇ يەردە.

قارا قىز سوپۇنغا ئامراق.

قارچىغا گۆشنى دەپ تورغا چۈشىدۇ.

قارىغانغا بەرمەيدۇ،
ئەسنىگەنگە كەلمەيدۇ.

قارىغانغا كۆز يەتمەس،
چالا قارىمغا سۆز (يەتمەس).

قارىماي ئىتتۈيدىم، بىشىمغا تەگدى.

قازان قايناپ ئوتنى ئۆچۈردى،
بالام ئويناپ بىرنى كۆچۈردى.

قازانچىدىن چويۇن ئالسام داڭقان چىقىپتۇ،
چوك هويلىدىن قىز ئالسام جۇۋان (چىقىپتۇ).

قازانچىنىڭ غېمى قۇمدا،
ناۋاينىڭ غېمى ئۇندا.

قازانغا سالغىنىڭ ئىشىڭغا چىقىدۇ،
كىشىگە قىلغىنىڭ بېشىڭغا (چىقىدۇ).

قازى بىلەن قالامسەن،
مۇپتى بىلەن كېتەمسەن؟

قازى كاللا غاجاپتۇ.

قاساپ ئاغىنىسىگە سۆڭەك بېرىپتۇ.

قاساپ قويغا ئامراق،
بويتاق تويغا (ئامراق).

قاسساپ كەتسە، ئورنىغا ئىت كېلەر.

قاشالڭ ئاتقا قامچا بىكار.

قاغا دان تاپسا، كۆمىدىغان جاي تاپالماپتۇ.

قاغا قاغا بىلەن تېزەك ئۈستىدە تېپىشىپتۇ.

قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇماس.

قاغا: «بالام ئاپپاق» دەيدۇ،
كىرپە: «بالام يۇمشاق» (دەيدۇ).

قاغىغا ئاتسام كالىغا تەگدى.

«قانداق قىلاي»نىڭ ئاتىسى ئۆلگەن.

قاغىغا ھالۋا بەرسەڭمۇ،
پوق يەيدىغان خۇيى ئۆزگەرمەيدۇ.

قاۋان قارلىقتا ئۆلىدۇ،
يامان خارلىقتا (ئۆلىدۇ).

قاۋىغان ئىتنىڭ ئاغزى سۆڭەك بىلەن بېسىلار.

قەيەرگە يىقىلىشىمنى بىلسەم،
شۇيەرگە پاخال سېلىپ قوياتتىم.

قوپال ئادەمدىن كۆتەك ئايلانسۇن.

قوتۇر ئاتنىڭ تۇكى دورا بولسا،
دەريانىڭ ئۇ قېتىغا بېرىپ ئېغىنار.

قوتۇر كالىنىڭ پوقى چوڭ،
تەييار تاپنىڭ گېپى چوڭ.

قورساق توق، نان پېتىر،
قورساق ئاچ، ياغ تېتىر.

قوزا يېمەيدىغان بۆرە يوق.

قوش ئاتلىق پىيادە بېگىم.

قوشتىن چىقىرىپ سۆرەمگە ساپتۇ.

قول ئالدىغا ئېگىلىدۇ.

قول باشتىن ئېگىز.

قول بىلەن ئېلىپ،
پۇت بىلەن بېرىپتۇ.

قول قولنى يۇسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيۇپتۇ.

قول ھامان ئالدىغا ئېگىلەر، ئارقىغا ئېگىلمەس،
بەل ھامان ئالدىغا ئېگىلەر، كەينىگە ئېگىلمەس.

قول يۇغان بىلەن پولۇ يەيدىغىنى باشقا.



ئۇيغۇر كىتابخۇرلىرى تورى www.uyghurkitap.com

قولۇق بىلەن ئال، پۇتۇق بىلەن بەر.

قولۇڭدا بولمىسا، ئاكاڭمۇ يات.

قولۇڭدا قۇشۇق بولمىسا، قۇۋ دېگىنىڭ بىكار.

قولۇڭدىن كەلسە ياغ چاينا.

قولۇڭدىن كەلسە، تاشنى ماش قىلىۋەت.

قولى قىسقىنىڭ تىلى قىسقا.

قولى يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق.

قولىدىن ئىش كەلمىگەن،
ئامبالغا قالپاق كىيدۈرەر.

قومۇش باش كۆتۈرۈپ بورىيا بوپتۇ.

قوناق تېرىسام خادا بولدى،
كېۋەز تېرىسام شادا (بولدى).

قوي ئۆز پېيى بىلەن ئېسىلار.

قويچى قوي غېمىدە،
ئاچ كۆز مال غېمىدە.

قويمۇ سەركىسى بولمىسا ماڭمايدۇ.

قوينۇم ئوغرى ــ قونچۇم ئوغرى.

قۇچاقتا پاتمىغان، قولتۇقتا پاتماس.

قۇرۇق تېرە ئاش يەيدۇ،
خائىن ئاخىر باش (يەيدۇ).

قۇرۇق چاقماقتىن ئوت چىقىرىپتۇ.

قۇرۇق سۆڭەكنى ئىت غاجىماس.

قۇرۇق سۆلەتتىن قۇرۇق سېۋەت ياخشى.

قۇرۇق شاختىن ئالما تەمە قىپتۇ.

قۇرۇق قوشۇق ئېغىزغا ياراشماپتۇ،
قۇرۇق گەپ قۇلاققا (ياراشماپتۇ).

قۇرۇق ئوتۇننىڭمۇ تۈتۈنى بار.

قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراب بوپتۇ.

قۇرۇق ياغاچنى سىقىپ سۇ چىقىرىپتۇ.

قۇش ئۆزى ئۇچۇن ئالار،
ئىت ئىگىسى ئۇچۇن (ئالار).

قۇشقاچ خامانني ئاتلاپ ئۇچماس.

قۇشقاچتىن قورققان تېرىق تېرىماس.

قۇشقاچنى قاردا تۇت،
توكۇرنى ياردا (تۇت).

قۇشقاچنى قاردا تۇت،
قارىغۇنى تاردا (تۇت).

قۇشقاچنىڭ تۇزىقىغا لاچىن چۈشمەس.

قۇل قۇترىسا قۇدۇققا چىقار.

قۇلىقى تۇرۇپ گاس،
تىلى تۇرۇپ گاچا.

قېتىق تۆكۈلسە يۇقى قالار.

قېتىق ئىچكەندە «ئاكا»،
دوغاپ ئىچكەندە «ئۇكا».

قېتىقنى ئىچ، تاۋۇقنى سورىما.

قېتىۋالغانغا قامچا ئۆتمەس.

قېچىپ كەتتى،
چېچىپ كەتتى.

قېچىپ كەتكەن چېچىپ كېتەر.

قىرىشقانغا يىپىشقان.

قىشنى تۈزەيمەن دەپ،
كۆزنى چىقىرىۋېتىپتۇ.

قىلىپسىز كىسەك،
يارامسىز ئىشەك.

قىلىپقا بېقىپ كەش،
ياقىغا بېقىپ پەش.

قىيىنئاتىسىنى كۆرسە ئەللىك كەتمەن چېپىپتۇ.

قىردىكى قىرغاۋۇلنى ئوۋلايمەن دەپ،
ئۆيدىكى توخۇنى ئۇنتۇپ قاپتۇ.

قىرسىز يەر ئەسكى،
پۇلسىز ئەر (ئەسكى).

قىرىققا چىدىغان قىرىق بىرىگىمۇ چىداپتۇ.

قىڭغىر هارۋا يول بۇزار.

قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدا بىلىنەر.

قىلدەك گەپ قىرىق تەڭگىگە ياراپتۇ.

قىلدىن كەتسەڭ قىرىقتىن كېتىسەن.

قىلغان ئىشى پىلانسىز،
ئاتقان ئوقى نىشانسىز.

## ك

كالا قوش سۆرسە، ئات بوغۇز يەپتۇ.

كالا كۆلگە تېزەكلەپتۇ.

كالا ئۆلسە چۆپى قالار.

كالا ئىشلەپتۇ ھەلەپكە لايىق،
ئىگىسى ئىشلىتىمەن دەپتۇ تەلەپكە لايىق.

كاللا باشقا،
سەللە باشقا.

كاللا كەسمەي جاللات بولماس.

كاللا ئۇتلەپ قۇلاق يەپتۇ،
پاچاق ئۇتلەپ تۇياق (يەپتۇ).

كاللا يېسەڭ توك يەيسەن،
قېرىن يېسەڭ پوق (يەيسەن).

كاللىسىنىمۇ يېمەيمەن،
چىشىنىمۇ چاقمايمەن.

كاۋاپنىڭ كۆلى بار،
كاللا ـ پاچاقنىڭ قىلى (بار).

كەتمەن ئۇڭدا ئەمەس، گەپ قوڭدا.

كەش تار بولسا پۇتنى غاجار،
جاھان تار بولسا يۈرەكنى (غاجار).

كەنجى كېۋەزنىڭ غوزىسى يوق،
تولا گەپنىڭ مەززىسى (يوق).

كوزا چاققانلار ئەزىز،
سۇ كەلتۈرگەن خارۇزار.

كوزا سۇنامدۇ، قاپاقمۇ.

كوزىچى پۇچۇق كوزىدا سۇ ئىچەر.

كوسا قېرىغىنى بىلمەس،
ئەخمەق ھارغىنىنى (بىلمەس).

كۆتۈرسە گەدەنگە مىنىپتۇ.

كۆتى ئوچۇقنىڭ زەنى يوق.

كۆچەت تىكسەم تاش چىقتى،
ئىككى كۆزۈمدىن ياش (چىقتى).

كۆرپە سالسا تىز ئۆيمىتار،
داستىخان سالسا يۈز (ئۆيمىتار).

«كۆردۈم» دېسەڭ تۇتۇلدۇڭ،
«كۆرمىدىم» دېسەڭ قۇتۇلدۇڭ.

كۆردى قارامنى،
تۇتتى ياقامنى.

كۆرسە بىرنى، كۆرمىسە ھەممىنى ساناپتۇ.

كۆرسە بىسىنى ساپتۇ،
كۆرمىسە جۇلدىسىنى (ساپتۇ).

كۆرسە يالاپ تويمايدۇ،
كۆرمىسە تالاپ (تويمايدۇ).

كۆرگەننىڭ كۆزىنى ئويۇپتۇ،
ئاڭلىغاننىڭ قۇلىقىنى كېسىپتۇ.

كۆرگىنىم كۆپ، يېگىنىم چۆپ.

كۆرمەككە بار، يېمەككە يوق.

كۆرمەيدىغان ئادەم تۆگىنىمۇ كۆرمەيدۇ.

كۆرۈشكەندە قوشنا ياخشى،
ئۆرۈشقاندا ھەممىسى (ياخشى).

كۆرۈشكەندە ھالى يوق،
كۆرۈشمىگەندە كارى (يوق).

كۆزگە ئىلمىغان چوماق قاڭشارنى يارار.

كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق،
ئۆپچۆرىسىنى قويماس ساق.

كۆزنى يۇمغان پوقنى يەر.

كۆكتە قانات قاققاننىڭ ھەممىسى شۇڭقار ئەمەس.

كۆڭلى بۇزۇق، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەر.

كۈلگە مىلەتكەن قۇم قۇستۇرار.

كۈلگەنگە بىقىپ ھىجاي.

كۈن نۇرى پاسكىنا يەرگە چۈشسە،
پاسكىنا بولۇپ كەتمەيدۇ.

كۈن نۇرنى ئىتەك بىلەن توسقىلى بولماس،
ئۆلۈكنى قار بىلەن كۆمگىلى (بولماس).

كۈن يىراق بولسىمۇ، ئاپتىپى يىقىن.

كۆندە ھازا بولسا، جان توشۇماس،
كۆندە توي بولسا نان (توشۇماس).

كۆندە ھېيتمىدى ساڭزا يېگىلى؟

كۆندۈزى ئانامنىڭ گېپى راست،
ئاخشىمى خوتۇننىڭ گېپى (راست).

كۆنگە باققان قىزاردى،
تۆنگە باققان قارايدى.

كۆيۈئوغۇل بالا بولماس،
ئۆپكە ـ قېرىن گۆش بولماس.

كېسەل تېگىش زۇكامدىن،
يۈز كېتىش پوكاندىن.

كېسەلگە قاراپ دورا،
كاڭغا قاراپ مورا.

كېسەلنى تاپىدۇ بوغۇناق،
ئارغامچىنى تاپىدۇ توقۇناق.

كېيىك ئوقىزغا ئۇچراپتۇ،
بالا يوقسۇزغا (ئۇچراپتۇ).

كىشىنىڭ سۆلتىگە باقماي،
كۆرگەن دۆلىتىگە باق.

كىشىنىڭ قولىدا كىشى ئۆسمەيدۇ،
كىشىنىڭ يۇرتىدا كۆڭۈل (ئۆسمەيدۇ).

كىشىنىڭ ئېتى ئات ئەمەس،
ئىككى پۇتۇڭ يات ئەمەس.

كىشىنىڭ ئېشى ئېغىز كۆيدۈرەر.

## گ

گۈلنىڭ كۆزى گۈلنى كۆرەر،
كۆكچىنى كۆرمەس.

گۆرگە كىرگەن تىرىك چىقماس،
ئۆيگە كىرگەن قۇرۇق (چىقماس).

گۆش پۇرىمىسا چىۋىن قونماس.

گۆش نەدە بولسا،
پىچاق شۇ يەردە.

گۆشىنى يېگەنمۇ ئوغرى،
شورپىسىنى ئىچكەنمۇ ئوغرى.

گۈلنىڭ تىكىنى بار،
گۆشنىڭ سۆڭىكى بار.

# ل

لاتاڭغا قارىغۇچە ئاتاڭغا قارا،
ھارۋاڭغا قارىغۇچە كاتاڭغا قارا.

لالما بولغۇچە سالما بول.

لالما ئىت ئوۋغا يارىماپتۇ.

لالما ئىت ئۇچرىغان يەردە تاياق يەيدۇ.

لالما ئىتنىڭ بارمىغان جايى يوق.

لالما ئىتنىڭ ئۆلۈكى چۆلدە قالار.

لالما ئىتنىڭ ئىشتىھاسى چوڭ.

لايدىن ياسىغان خام كاۋا،
سوغۇق چۇشسە ساق چىقماس.

لايغا ئۆتمىگەن پىچاق قولغا ئۆتەر.

لەقۋا بىلەن تەقۋانىڭ پەرقى نەدە؟
ئولتۇرغان يېرىدە.

لولى قولدىن ئالۇر، ئوغرى ئۆيدىن ئالۇر.

# م

ماختانچاق بىلمىسىزنى دوست تۇتار.

ماختانچاقنىڭ مېزى چۇۋۇق.

ماڭالماي ئېتىدىن كۆرۈپتۇ،
يازالماي خېتىدىن (كۆرۈپتۇ).

ماڭغاننىڭ يولى تۈگەپتۇ،
تۇرغاننىڭ كۈنى (تۈگەپتۇ).

ماڭغاننىڭ يولى تۈگەر،
ياتقاننىڭ پۇلى (تۈگەر).

ماڭغۇسى كەلمىگەن ئۆي بويۇنتۇرۇقنى سۇندۇرار.

ماڭغىلى ئېرىنگەن يۈگۈرەر،
سەپكىلى ئېرىنگەن سۇغىرار.

ماڭماس ئېشەكتىن پۇت ياخشى،
ئەقىلسىزدىن بۇت (ياخشى).

مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك.

مال ئىگىسىنى دورىمىسا هارام.

مالنى باقساڭ توق بولۇر،
باقالمىساڭ يوق (بولۇر).

مال باينىڭ،
سۇ ساينىڭ.

مانتا كۆرمىگەن قەلەندەر،
قاسقانغا دۇم چۈشۈپتۇ.

مايسىز چاق غىچىرلايدۇ.

مايسىز ئوچاققا ئوق تۇشۇماس.

مايسىنىڭ بېشىغا چىققان سېغىز،
ئادەمنىڭ بېشىغا چىققان ئېغىز.

مايىقى دورا بولمىسىمۇ،
تايىقى دورا بوپتۇ.

مەدداھ گەپ سېتىشتىن ئۇيالماس،
هۆرۈن پىت بېقىشتىن (ئۇيالماس).

مەززىسى يوق ئاشتىن سازلىقنىڭ لېشى ياخشى.

مەسچىتنىڭ مورىسى يوق،
ساراڭنىڭ دورىسى (يوق).

مەن بارمىغان يەكەن ئەمەس،
پۇل بەرمىسەم بەرگەن (ئەمەس).

مەن پىچاق بولاي،
سەن لوق گۆش بول.

مەن سۆرگەن بولاي،
سەن دارقىرىغان بول.

مەن كۇلگۇچە،
سەن تىلىقىپ تۇر.

مەن ماڭاي دەيمەن،
ئىشىكىم ياتاي دەيدۇ.

مەن ئۇرغان بولاي،
سەن ۋارقىرىغان بول.

مەن ئۆزۈم ئاتامچە بار،
ئاتام مىنىڭ يوتامچە (بار).

مەھەللىگە ئوت كەتسە،
دۆڭگە چىقىپ تاماشا كۆرۈپتۇ.

مەيدەم ئاغرىيدۇ دېگۇدەك،
توك ئالمىنى يېگۇدەك.

مەيدىسى يوڭلۇق،
دۇترى موڭلۇق.

موردىن پاسار چۈشۈپتۇ،
ئاشىقنىڭ كۆڭلى مەشۇققا (چۈشۈپتۇ).

موردىن تۈتۈن چىقار،
خام يىپسەڭ پۇتۈن (چىقار).

مورىسى تۈز،
خوتۇنى ئەگرى.

موزاينى توسماڭ قوتاندا توختايدۇ.

موزدۇزنىڭ ئەتىسى تۈگىمەس.

موماينىڭ كۆزى غوزىدا،
چاشقاننىڭ كۆزى كوزىدا.

موماينىڭ كۆزى ئوسىمىدا،
گاداينىڭ كۆزى پوسىمىدا.

مۇت، زەھەر بولسىمۇ يۇت.

مۇز ئۈستىدىن بۇغىناق ئۆرلىتىپتۇ.

مۈشۈك بىلەن چاشقاننىڭ دوست بولغىنى يوق.

مۈشۈك چۈشىدە چاشقان كۆرەر.

مۈشۈككە ئويۇن،
چاشقانغا قىيىن.

مۈشۈكنى ئەتىۋارلىساڭ تۈزۈڭگىغا سىيىدۇ.

مۈشۈكنىڭ قىشىدا بەز تۇرماس.

مۈشۈكنىڭ گۆشكە بويى يەتمىسە،
«روزا تۇتتۇم» دەر.

مۈشۈكنىڭ گۆشكە قولى يەتمىسە «سېسىقكەن» دەرمىش.

مۈكچەيگەننىڭ بىلىنى كەتمەن تۈزەيدۇ.

مېزىنى باسسا، تېزى چىقىپتۇ.

مېكىياننىڭ نابابلىقىدىن چۈجىنى سا يەپتۇ.

مېڭىپ - مېڭىپ قىردىن ئاشالماپتۇ.

مېڭىشنى بىلمىگەن پۇتىنى يەرگە ئۇرار،
كۈلۈشنى بىلمىگەن قولىنى تىزىغا (ئۇرار).

مېڭىشى ئۆزگەرسىمۇ، مېڭىسى ئۆزگەرمەپتۇ.

مېڭىشىنى دورايمەن دەپ،
قاغىنىڭ پۇتى قايرىلىپتۇ.

مېلى ناچار سودىگەر ھەممىدىن بەك تولايدۇ.

مېنىڭ ئىسمىم شا دەريا،
نەگە بارسام ئىش تەييا.

مېنىڭ ئىشىم سەن بىلەن،
سېنىڭ ئىشىڭ كىم بىلەن.

مېۋىلىك دەرەخ بوي تارتماس.

مېۋىلىك دەرەخكە ئاچا كېرەك،
بىلىمسىزگە گاچا (كېرەك).

مىتە ئامبارنى بۇزار،
چېقىمچى ئامبالنى (بۇزار).

مىڭ پىراقتىن بىر ئەلەم يامان.

مىڭ سەرنى يوقاتقان بىر سەر.

ن

ناننى پۇلغا يەپ،
گەپنى بىكارغا قىلما.

ناننى پۇتۇن يۇتقىلى بولماس.

ناننى ئۆزىدىن يەپ،
دەشنامنى خەقتىن يەپتۇ.

ناۋاينىڭ نېنى پىشقۇچە يېڭى كۆيەر.

نېمە دېسە دېگىنىنچە قويدۇم،
يېسە يېگىنىنچە (قويدۇم).

نجاسەتكە چالما ئاتساڭ يۈزۈڭگە چاچرايدۇ.

ھ

ھال تارتقان ئورۇق بولۇر،
ماي تارتقان قۇرۇق قالار.

ھامماڭنىڭ كەلگىنى ياخشى،
تاغاڭنىڭ بەرگىنى (ياخشى).

ھاۋانىڭ پەيلى بۇزۇلسا،
چاشقان مەمەدان بوپتۇ.

«ھاي ـ ھاي»نىڭ «ۋاي ـ ۋاي»ى بار،
كەڭ يەرنىڭ تار يېرى (بار).

«ھايت» دېسە قويرۇقىدا،
«ھۇيت» دېسە بۇيرۇقىدا.

ھايۋان بالىسى باقساڭ ئاغزى ـ بۇرنۇڭنى ياغ ئېتەر،
ئادەم بالىسى باقساڭ ئاغزى ـ بۇرنۇڭنى قان (ئېتەر).

ھايۋان جېنىدا ئۆز بالىسىنى تونۇيدۇ.

ھەر ماتانىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق نەرخى بار،
ئادىمىدىن ئادىمىنىڭ پەرقى (بار).

ھەر مەخلۇق ئۆز خۇيىنى قىلار.

ھەركىشىنىڭ باردۇر ئۆزىگە ئۇلپىتى،
قىزىمايدۇ ئىت بىلەن قوينىڭ سۆھبىتى.

ھەركىم چىققان تېغىم ئېگىز دەيدۇ.

ھەركىم قىلسا ئۆزىگە،
خەنجەر كىرەر كۆزىگە.

ھەرىمۇ شىرنىسى بار يەرگە قونار.

ھەرىنىڭ ھەسىلىمۇ بار،
زەھىرىمۇ بار.

ھەرىنىڭ ئۇۋىسىغا چېقىلساڭ،
ئارىغا ئېلىپ چاقار.

ھەسەل ئالغان قاچىدا يۇقى قالار.

ھەسەل بەرگەن ھەرە چېقىشنىمۇ بىلىدۇ.

ھەسەل بەرمىسەڭمۇ،
نەشتەر سانجىما.

ھەسەل تۇتقان بارمىقىنى يالاپتۇ.

ھەسەلنىڭ تاتلىقلىقى يېمىگۈچە بىلىنمەس.

ھەشقىپىچەك ياماشقاق كېلۇر،
بولۇمسىز خوتۇن ئۇرۇشقاق (كېلۇر).

ھەشەمەتلىك تويىنىڭ غوۋغاسى تولا.

ھەشەمخورنىڭ ئۆمرى قىسقا.

ھەشقاللىغا ئېغىز تويماس،
بارىكاللىغا يانچۇق (تويماس).

ھەشقىپىچەك يىپتا تۈز،
ھەركىمنىڭ يارى ئۆزىگە ئۈز.

ھەشقىپىچەكنى تېرىمىسىمۇ ئۈنىدۇ،
يېقىن دوستلارنى چىللىمىسىمۇ كېلىدۇ.

ھەق بىلەن ناھەقنىڭ ئارىلىقى تۆت غېرىچ.

ھەممە ئادەم ئانىسىدىن يالىڭاچ تۇغۇلار.

ھەممە قولنىڭ پەنجىسى بەش.

ھەممە كىشىنىڭ دەردى بار،
دەردى يوقلار نەدە بار.

ھەممە ئىش يولى بىلەن،
كونا تام ئۇلى بىلەن.

ھەممە يەر تېرىم،
خالتاڭ نېچۈن يېرىم؟

ھەممە يېرىڭ ھەسەل بولسا چىۋىندىن قۇتۇلالمايسەن.

ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەپتۇ.

ھەممىنى كۆرگەن كۆز ئۆزىنى كۆرمەپتۇ.

ھەمياندا پۇل بولمىسا،
سۇپراڭدا ئۇن بولماس.

ھەيدىگىنىڭ ئالتە ئۆچكە،
مالىمانچىلىقى مەھەللىنى ئالدى.

ھەييارنىڭ ھىيلىسى كۆپ، كۈچى ئاز.

ھۆججىتىڭ كۆيدى،
ھەققىڭ كۆيدى.

ھۆكۈم تاشنى يارىدۇ،
تايىقى باشنى يارىدۇ.

ھېسابتا بار،
ھەمياندا يوق.

«ھېيت»نىڭ كېلىشىدىن «كېلىدۇ»سى قىزىق.

ھىيلە قىلغان ئارسلان تۇتار،
زورۇقفان ئارسلان تۇتالماس.

ھىيلە قىلغان تۇتۇلار،
توۋا قىلغان قۇتۇلار.

ھىيلىدىن ھالۋا ياساپتۇ.

ھىيلىگەرنىڭ ئاغزى قايماق،
دىلى مايماق.

ھىيلىگەرنىڭ يۈزىنى قازغاندا كۆرۈڭ.

## ئو

ئوت بىلەن سۇ چىقىشالماس.

ئوت بىلەن ئويناشقاننىڭ قولى كۆيەر.

ئوت قويغاننىڭ ئاۋازى ئۆچۈرگۈچىدىن كۈچلۈك.

ئوت ئوچاقتا كۆيسە،
مورا قورۇم باغلاپتۇ.

ئوت ئۆچۈرۈشكە ئوتۇن تېپىپ بېرىپتۇ.

ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىپتۇ،
پاتقاق ئۈستىگە لاي (چېچىپتۇ).

ئوتنى دادىسى تۇتسا،
بالىسىنىڭ قولى كۆيۈپتۇ.

ئوتنى ئۆچۈرۈۋالغىلى بولغان بىلەن تۇتۇننى تۇتقىلى بولمايدۇ.

ئوتنى ياغ بىلەن ئۆچۈرگىلى بولمايدۇ،
ئىتنى «چاغ» بىلەن قاچۇرغىلى (بولمايدۇ).

ئوتۇن يارغان پالتا تالادا قاپتۇ،
گەپ توشۇغان غالچا مۇكاپات ئاپتۇ.

ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق،
سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى (يوق).

ئوچاققا كىرگەن نان خام چىقماس.

ئوچاقنى ياخشى قىلغان مورىسى،
تېۋىپنى ئۇستا قىلغان دورىسى.

ئورەكتىن قېچىپ،
قۇدۇققا چۈشۈپتۇ.

ئوردا ئىرىقىدىن سۇ كەلسە بايغا ئاقار،
ئىرىق چاپقان سۇغا كەلسە پالاس قاقار.

ئورنۇڭ ئىسسىمسا ئۇنغا تەگ.

ئورۇق سالجا قاننى بەك شورايدۇ.

ئورۇق قوينىڭ مايىقى چوڭ،
ھۇرۇن ئەرنىڭ تايىقى (چوڭ).

ئورۇق موزاينىڭ تېزىكى كۆپ.

ئورۇقلۇقتا ئۆلگەن تۆگىمۇ ئاتتىن چوڭ.

ئوغلاق تارتسام بىلىكىم كۈچىدى،
ئۇخلاپ ياتسام خورىكىم (كۈچىدى).

ئوقتەك بىرىپ پوقتەك يېنىپتۇ.

ئوقۇردا بوغۇز بولسا، ئات ئۆزى كېلەر.

ئوڭ كۆزۈڭ چەپ كۆزۈڭگە دۈشمەن.

ئوڭنىڭ ئويىدا سارائڭنىڭ ئاغزىدا.

ئولتۇرغىلى جاي كېرەك،
ئۇسسىغاندا چاي (كېرەك).

ئومۇرتقاڭ بىلەن ئويلاش،
قوۋۇرغاڭ بىلەن كېڭەش.



ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com

ئون ئەر بىر ئۆيگە سىغار،
ئىككى خوتۇن بىر ئۆيگە سىغماس.

ئون بەش شاپتۇل ئوتتۇز قاق،
ئادەم ئالدى گۈلە - ياڭاق.

ئون پۇللۇق ئاچچىقنىڭ،
بىر پۇللۇق قىممىتى يوق.

ئون پۇلى كەم ئۈچ تەڭگە،
چېكەلمىدى تۆت بەڭگە.

ئون تال يىڭنىنى سوقسا،
بىر جۇۋالدۇرۇز بولماس.

ئوي ئوينى تۇغىدۇ،
قوي قوينى (تۇغىدۇ).

ئويما تەلپەك لاپ ئۇرار،
بوسۇما تەلپەك بەك ئۇرار.

ئوينىمايدىغان جۇۋان يوق،
قاينىمايدىغان قازان (يوق).

ئوينىيالمىغان بالىغا ئوچاق ئالدى تار كەلدى.

ئويۇنچىنىڭ قورسىقى توق.

ئويۇندىن ئويۇن چىقتى،
قازاندىن قوْيماق (چىقتى).

ئويىدا بار، ئۆيىدە يوق.

# ئۇ

ئۇ يېنى ئۇيان، بېشى يوغان.

ئۇچالاڭ قىچىشسا تۇگمەنگە بار.

ئۇچۇشنى بىلىپ چۇشۇشنى بىلمەپتۇ.

ئۇخلاپتۇ ئۆزى ئۇچۇن،
چۇش كۆرۈپتۇ خەلق ئۇچۇن.

ئۇرساڭ جۇۋىلىقنى ئۇر،
جۇۋىسىزغا تور كەتمىسۇن.

ئۇرغاندىن تەڭلىگەن يامان.

ئۇرغىلى بولماس غوجىنى، تىللىغىلى بولماس غوجىنى،
سەۋر قىلىپ ساقلاپ تۇر، تام باسىدۇ پۇتىنى.

ئۇرۇقلۇق ئۇنمىسە گۇناھ يەردىمۇ؟
ئۇرۇقلۇقۇڭنى يېگۇچە، ئۇيۇڭنى يە.

ئۆرۈكى يوق چوت يوق،
ساراڭغا سوت (يوق).

ئۆز خوتۇنغا جىرتاق ئەر،
سەت خوتۇنغا نەدە (ئەر).

ئۆزاق - ئۆزاق كۆنلەر كېلەر،
جىگدە يېمەك شۇندا كېلەر.

ئۆزۈننى قويۇپ قىسقىسىنى كېسىپتۇ.

ئۆزۈننىڭ ئارىسىدا قىسقا بار،
قىسقىنىڭ ئارىسىدا ئۆزۈنى (بار).

ئۆششۇقنىڭ دوستى مۆشت يەپتۇ.

ئۆششۇقنىڭ مېلى پىششىق.

ئۆششۇق پۇلغا تۇشلۇق.

ئۇماچ قورساقنىڭ كېچى،
پولۇ قورساقنىڭ گېچى.

ئۇماچ ئىچتىم توق
ھېلى قوپسام يوق.

ئۇمۇ يوق، بۇمۇ يوق،
ئېرىقتىكى سۇمۇ يوق.

ئۆنى يوقنىڭ خۇنى يوق،
بىلمىسىزنىڭ جېنى يوق.

## ئۆ

ئۆپكىسى تۇگەپ كانىيى قاپتۇ.

ئۆتمىگەن تىزىدىن ئاق يەرنىڭ پىيمىزى ياخشى.

ئۆتنە بەرمەك — نادانلىق،
ئالماق — زېرەكلىك.

ئۆچ كۆرسە ئۆچەكىشىدۇ،
تار يەردە تىرەكىشىدۇ.

ئۆچ كۆرگەننى ئوتتۇز قېتىم كۆرۈپتۇ.

ئۆچكە ئارىسىدا يالغۇز قوي ئاچ ئۆلەر.

ئۆچكە جان قايغۇسىدا،
قاسساپ ياغ قايغۇسىدا.

ئۆچكە ئورۇقلۇقىنى قويغا بىلدۈرمەپتۇ.

ئۆردەكنى تۇتقان قىل،
بېشىڭغا چىققان تىل.

ئۆرۈكنى قاقىمەن دەپ شېخىنى يېرىپتۇ.

ئۆز بېشىدىكى چىۋىنىنىلا قورۇپتۇ.

ئۆز بېشىغا كۈن چۈشسە ئۆتۈك بىلەن سۇ كېچەر.

ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چېپىپتۇ.

ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇپتۇ.

ئۆزگە كېلىدىغان گەپنى چاغلىماق تەس،
جايىدا تەلىم بەرسە بابلىماق (تەس).

ئۆزۈم تويدۇم، هامىمامغا ئېلىپ قويدۇم.

ئۆزۈم يالغانچى ئەمەس،
يارىغىم يالغانچى.

ئۆزۈم يۆلىگەن تام ئۆزۈمنى باستى.

ئۆزۈمدە تاغارلاپ تۇرسا،
قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي.

ئۆزۈمنىڭ ئەيىبى ئۆزۈمگە كۆرۈنمەس،
قىزىمنىڭ ئەيىبى كۆزۈمگە (كۆرۈنمەس).

ئۆزى بەرگەن خۇدايىم،
ئۆزى ئالغان خۇدايىم.

ئۆزى بېسىق،
گېپى سېسىق.

ئۆزى قىردا ماڭىدۇ،
سۆيى يولدا (ماڭىدۇ).

ئۆزى قىلالمايدۇ،
قىلغاننى كۆرەلمەيدۇ.

ئۆزى قىلغانغا ئۆزى يىغلىماس.

ئۆزى كەلگەن خۇدانىڭ رىزاسى،
ئىزدەپ كەلگەن خۇدانىڭ جازاسى.

ئۆزى يەتمىگەن يەرگە سۆزى يېتىپتۇ.

ئۆزى يوق، سۆزى يوق،
كۆزى يوق، يۈزى يوق.

ئۆزى يوقنىڭ خۇدايى هازىر.

ئۆزىدىن خورىكى چوڭ.

ئۆزىگە جازا،
ئۆزگىگە ئىبرەت.

ئۆزىگە ئۆز،
ئۆزگىگە سەت.

ئۆزىگە ئۆزى گۆر كولاپتۇ.

ئۆزىگە يارىغان خانىغا يارىماپتۇ،
ئۆزىگە يارىمىغان تازغىمۇ يارىماپتۇ.

ئۆزىنى بۆرە يەپتۇ،
كۆزىنى قوزغۇن (يەپتۇ).

ئۆزىنىڭ پىچىقى ئۆزىنى كەسمەپتۇ،
ئېگىلىگەن باشنى قىلىچ (كەسمەپتۇ).

ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۆزى قورقۇپتۇ.

ئۆشرە بېرەي دېسە، «تارازاڭ ساقمۇ» دەپتۇ.

ئۆگەنگىنىم ئۆزۈمگە،
قىپ بەرگىنىم يەڭگەمگە.

ئۆگەينىڭ ئېتى يامان،
ئېتىدىنمۇ گېپى (يامان).

ئۆگىنىپ قالغان كۆڭۈل ئۇجمە پىشقۇچە.

ئۆلەرمەنگە تەگسەڭ، ئۆلۈكىنى ساتار.

ئۆلەرمەنگە ئۆلۈك بېلىق ئۇچراپتۇ.
ئۆلەرمەننى ئۆلۈم ياراتماپتۇ.

ئۆلەرمەننىڭ كۆزىدىن قورق.

ئۆلگەنلەرنى ئەسلەيدۇ،
تىرىكلەرنى قەستلەيدۇ.

ئۆلگۈسى كەلگەن كەپتەر لاچىن بىلەن ئوينىشار.

ئۆي سىلىشتىن چىقىش ئاسان،
قوزۇق ياساشتىن قېقىش (ئاسان).

ئۆي ئىگىسى بىلەن،
قۇش مىڭىسى بىلەن.

ئۆيدە بەز بولمىسا مۇشۇكمۇ كىرمەيدۇ.

ئۆيدە ئۆگرە پىشۇرمىغان تويدا پولۇ پىشۇرار.

ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمەپتۇ.

ئۆيدىن - ئۆيگە كۆچسەڭ ئوغلاقلىق ئۆچكىگە زىيان.

ئۆيۈڭ ئاياغدا بولسا،
قىزىڭنى مىرابقا بەر.

ئۆيى جىقنىڭ ئۆلۈكى تالادا قاپتۇ.

ئۆيگە توشۇغاننىڭ مۇرىسى تالماس.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئې

ئېتەكلەر ياقا بولدى،
ياقىلار ئېتەك (بولدى).

ئېتەلا خېمىر، ياقالا پېتىر،
قازنىقىدا بولسا ھەممىگە تېتىر.

ئېتىزلىققا سۇ قويسام،
چاشقان چىقتى غودۇراپ.

ئېچىرقىغان بۆرە شىرغىمۇ خىرىس قىلىدۇ.

ئېرىقتا ئاققان سۇنىڭ قەدرى بولماس.

ئېشەك سوكۇلدىمىسۇن،
ئاغزىڭ كوتۇلدىمىسۇن.

ئېشەككە تاياق كېرەك،
ئىتقا ئاياق (كېرەك).

ئېشەكنى تۆرگە باشلىسا، كۆڭلى ئېغىلنى تارتىدۇ.

ئېشىكى يوققا ئېشەك بەرسەڭ مىنىپ ئۆلتۈرىدۇ.

ئېشىكىڭ قاشاڭ بولسا، كالاڭغا جاپا،
خوتۇنۇڭ قاشاڭ بولسا بالاڭغا (جاپا).

ئېشىنى ئاز دەپتۇ،
بېشىنى تاز (دەپتۇ).

ئېغىزدا «خوش ـ خوش» كۈلۈپ تۇرىدۇ،
يەڭ ئىچىدە پىچىقىنى بىلەپ (تۇرىدۇ).

ئېگىز ـ پەس يەردىن سۇمۇ يامانلاپتۇ.

ئىنەكنى ساغار ئانىكام،
قايمىقىنى ئىچەر بالىكام.

ئېيتقاندا يولۇقماس ھېچنېمە،
ماڭغاندا پۇتلىشار ھەرنېمە.

# ئى

ئىت قاۋاۋېرىدۇ، ھايان قەلەندەرنىڭ.

ئىتتىرگەننى ئىت يېمەس،
ئۆلۈكنى پىت (يېمەس).

ئىتتىن ئاشقان قۇربانلىق بولماس.

ئىتتىن ئاشقاننى پىت يىمەس،
ئەسكىدىن ئاشقاننى كىشى (يىمەس).

ئىتنى «چىشلىدى» دەپ چىشلىگىلى بولمايدۇ.

ئىتنىڭ تاپىنى قىچىشسا كارۋانغا قاراپ يۇگۇرەيدۇ.

ئىتنىڭ كۆزى بار، خانغا قاراپتۇ،
ساڭا قارىسا نېمە بوپتۇ؟

ئىچمەس يەردە سۇ تولا،
يىمەس يەردە نان (تولا).

ئىچى توشمىسا تېشىغا چىقماس.

ئىچى كۆيمىگەننىڭ،
كۆڭلى سۇ ئىچمەس.

ئىچىڭدىن يىلان چاقسا، بىلىڭگە ئورا.

ئىزدىگەنگە چارە بار،
ئىزدەنمىگەنگە باھانە (بار).

ئىسراپچىلىق نەدە؟
پىشانىسى تەرلىمىگەن يەردە.

ئىسراپچىلىق نەدە؟
قەدرىنى بىلمىگەن يەردە.

ئىسسىتقان ئاشنىڭ تەمى يوق.

ئىسسىقى يوق قوچاقتىن،
تۇتۇنى بار ئوچاق ياخشى.

ئىش بۇزۇلسا، ئىش گۇۋاھ ئەمەس،
چىراي بۇزۇلسا ئەينەك گۇۋاھ ئەمەس.

ئىش چىڭغا چىقسا، قوشقۇنغا ئولتۇرۇپتۇ.

ئىش ئۆزگە قالغاندا ئۆلگەنلەر تىرىلىپتۇ.

ئىش ياقماسقا ئىت ياقماس.

ئىشى تۈگىمىگەن باينىڭ بېشىغا مۈشت تېگىپتۇ.

ئىشى كۆپ باراڭ چۆرگۈلىسە،
ئىشى يوق كاساڭ چۆرگۈلەپتۇ.

ئىككى رەقىب بىر يەرگە كەلسە، قولىقى دىڭ تۇرار.

ئىككى سەتتىن گۇلدەستە چىقار.

ئىگىسى چىقمىغان سۆز يامان.

ئىگىسى يەكلىگەننى قوشنىسى يەكلەپتۇ،
ئەر يەكلىگەننى يەر (يەكلەپتۇ).

ئىلغۇدىكى گۆشتىن،
تەڭنىدىكى ئۆپكە ياخشى.

## ي

ياراتقانغا يېپىشقان.

يارنىڭ تېگىنى كولىساڭ ئۆزۈڭنى باسىدۇ.

يارىماس گەپنى تىلىڭدىن كۆرمەي، دىلىڭدىن كۆر.

ياستۇقى يامان ئۇيقۇغا قانماس.

ياشىغىن ئۆلمەسكە،
ۋىجدانسىزغا قاراپ كۈلمەسكە.

ياغ ئىچكۈچىنى چىقارساڭ،
قان ئىچكۈچى كىرەر.

ياغاچ پىچاق پىچاق بولماس،
قىڭراقتا غىلاب (بولماس).

ياغاچ قازاندا بىر قېتىم ئاش پىشىدۇ.

ياغسا يامغۇر، چىقسا بوران،
پادىچىغا نەدە ئارام.

ياغلاپ تېشىپ، يالماپ يەپتۇ.

ياغلىق قازان، ياغلىق قازانغا تاشار،
چامغۇر سۇيى كۆڭۈلگە (تاشار).

ياغلىق گۆشنىڭ كۆپۈكى جىق.

ياقىدىن ياماق چىقماس،
جىغاندىن تاياق (چىقماس).

ياقىسىز چاپان بولماس،
قانۇنسىز سۇلتان (بولماس).

ياڭاق چاققان تاش ئەمەس،
ياڭاق كۆتۈرگەن باش (ئەمەس).

ياڭاقنىڭ سۇنغۇسى كەلسە تاشقا تېگەر،
قېرى خوتۇننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە ياشقا (تېگەر).

يالاڭ ئاياغ سۇدىن قورقماس،
ھاسىسى بار ئىتتىن (قورقماس).

يامان ئات ئۆيدىن چىقار،
قۇرت - قوڭغۇز تۆردىن (چىقار).

يامان ئات ئىگىسىنى يەرگە ئاتار،
يامان دوست دوستىنى ساتار.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يامان ئادەم بېشىڭنى تۇتسا،
كېسىپ بېرىپ قوپۇپ كەت.

يانتاقتىن قورققان ئوتۇنچى بولالماس.

يانتۇ يەر يەر ئەمەس،
كىچىك بالا ئەر (ئەمەس).

يەرسىز ئىدىم يەرلەندىم،
توقماق ئىدىم، پەملەندىم.

يوتقان ياخشى بولسىمۇ كىيگىلى بولماس،
ئاشنىسى ئۆلسە يىغلىغىلى (بولماس).

يوق ئىدى ھېچبىر غوۋغا،
نەدىن كەلدى بۇ دورغا.

يۇقىرىدا يامغۇر ياغسا،
تۆۋەندە قىيان كەپتۇ.

يۇمشاققا ماقۇل، قاتتىققا ياق،
مەيدەڭ ئاغرىسا زەي يەرگە ياق.

يۇمشاقنى يېمىگەن قاتتىقنى غاجار.

يۈرەر كىشى تۇرار كىشىنىڭ غېمىنى يېمەيدۇ.

يۈرەكنى تارتسا، بېغىر ئاغرىيدۇ.

يۈرگەن يولدىن تاپار،
ئولتۇرغان نەدىن (تاپار).

يۈزنى يۇمىسا مەينەت بولۇر،
ئۆينى سۈپۈرمىسە ئەخلەت (بولۇر).

يۈگەنسىز ئات يىقىتار.

يىپىقلىق ئاياقتا كۆزى چۈشۈپتۇ.

يىتىم توشقان كامارغا يىقىن،
يىتىم بالا بالاغا (يىقىن).

يىقىن بارسا تىللايدۇ،
يىراق كەتسە مارايدۇ.

يىگەننىڭ ئاغزى يۇمشاق،
ئالغاننىڭ قولى (يۇمشاق).

يىگەننىڭ يىلى بار،
كىيگەننىڭ كىرى بار.

يىڭى تۇماقنىڭ يىرتىقى يوق،
ھالال ئىشنىڭ يۇتىقى (يوق).

يىمەستە ۋاي بىشىم،
يىگەندە نىمە ئىشىم.

يىمىگەننىڭ چىشىغا تاش.

يېپىق قازان يېپىق بويىچە قالسۇن.

يىراقتىكى سۇدا ئۇسسۇزلۇق قانماپتۇ.

يىراقتىكى مېھماننىڭ ئېشىكىنى باغلىغۇچە،
يېقىندىكى مېھمان ئۇزاپتۇ.

يىراقتىكىنىڭ داڭقىسى بار،
يېقىندىكىنىڭ ماڭقىسى (بار).

يىراقتىكىنى ئارزۇلاپ،
يېقىندىكىدىن قۇرۇق قالما.

يىرتىق تۆشۈكتىن كۆلەر،
چۆمۈچ قازاندىن (كۆلەر).

يىغلاتماق ئاسان،
كۈلدۈرمەك تەس.

يىغلايمەن دېگەن بالا دادىسىنىڭ ساقىلىنى ئويناپتۇ.

يىغلىماقنىڭ كۈلمىكى بار،
كۈلمەكنىڭ يىغلىمىقى بار.

يىغلىمىسا ئەمچەك سالمايدۇ.

يىقىلغان تام ئورنىغا پۈتمەس.

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com

يىقىلغان چېلىشقا تويماس،
بەتنىيەت خۇيىنى قويماس.

يىڭنىنى خا قىپتۇ،
غېرىچنى غۇلاچ قىپتۇ.

يىڭنىنىڭ ئۇچى تەگسە تېشىلىدۇ،
تۇتۇپ قويسا يېشىلىدۇ.

يىلان ماڭسا ئاۋازى چىقماس،
ھىيلە - مىكىرنىڭ شەپىسى (چىقماس).

يىلان - چايان ئىزدىسەڭ قازىنىڭ گۆرىنى ئاچ.

يىلانغا رەھىم قىلما،
ئۈجمىنى سايا (قىلما).



# ئۆمۈر سىناقلىرى ۋە تەجرىبە - ساۋاقلار توغرىسىدا

## ئا

ئات قېرىسا بىر پىچاق،
ئېشەك قېرىسا بىر تاۋاق قوناق.

ئاتاقتا بار،
ساناقتا يوق.

ئاتقا قامچا،
ئىتقا تاياق.

ئاتقا ئېگەر،
ئېشەككە توقۇم.

ئاتلىق پىيادىنىڭ قەدرىگە يەتمەپتۇ.

ئاتنىڭ ئاچچىقى كەلسە،
ئېغىزدۇرۇقنى چايناپدۇ.

ئاتنىڭ خۇيىنى ئىگىسى بىلەر،
قىزنىڭ خۇيىنى ئانىسى بىلەر.



ئۇيغۇر كىتابلىرى www.uyghurkitap.com

ئاداشقاننى ئارقىسىدىكىلەر بىلەر،
يېڭىلگەننى يېنىدىكىلەر (بىلەر).

ئادەمنىڭ يېتى يوق،
ئالتۇننىڭ دېتى (يوق).

ئاش يېگەن يەردە يۈز ئۆيلىپتۇ.

ئاغزى بوش ئادەمنىڭ يەيدىغىنى پۇشايمان.

ئاغزىدا بار كۆڭلىدە يوق.

ئاققان سۇ ئۆزىگە يول تاپىدۇ.

ئاقىلنىڭ قەدرى ئەخمەقنىڭ قېشىدا بىلىنمەس.

ئالتۇن ئەتىۋار،
ئىگىسى قەدىرسىز.

ئالتۇن بىلەن بىر يەردە تۇرغان تۆمۈرمۇ پارقىرايدۇ.

ئالتۇن توپىدا قالسىمۇ پارقىرايدۇ.

ئالقىش ئالغاندىن،
قارغىش ئالغان يامان.

ئاللا ئاش بەرسە،
قاچىسىغا سېلىپ بەرمەيدۇ.

ئازى ھەسەل، تولىسى بىمەسەل.

ئاياش يولى باشقا،
قاياش يولى باشقا.

ئاياغ ئاتلىمىسا باش يۆگۈرمەس.

ئاينىڭ يورۇقى بىلەن قاراڭغۇسى قېرىنداش،
ھاياتنىڭ قايغۇسى بىلەن خۇشلۇقى قېرىنداش.

ئاينىڭ يۈزىدىمۇ داغ بار.

## ئە

ئەجدادلارنىڭ ئېيتقىنى يالغان ئەمەس، راست ئىكەن.

ئەستە تۇرمىغان خەتتە تۇرار.

ئەسكى تامنىڭ ئۇلى يوق.

ئەسلىڭنى ئۇنتۇدۇڭ،
نەسلىڭنى قۇرۇتتۇڭ.

ئەۋلىياسى چەتتىن،
مۇرىتى ئۆزىدىن.



www.uyghurkitap.com

ئەۋلىيانىڭمۇ نەپسى بار.

## ب

باپكار ئىشتانسىز،
ئۇۋچى چورۇقسىز.

باراۋەرسىزلىكتە دوستلۇق بولماس،
تەڭسىزلىكتە مۇھەببەت بولماس.

باراي دېسەم باھانەم يوق.

باش خەزىنە، تىل ئاچقۇچ،
كۆز ساقچى، قول بايلىق.

باش يارىشىقى بۆك،
يەر يارىشىقى كۆك.

بۇلاقنىڭ كۆزىنى چىڭ ئەتسەڭمۇ يانلىرىدىن قايناپ چىقار.

بۇرگىمدەك ئەيىبى تاغدەك كۆرۈنۈپتۇ.

بېشىڭ ئىككى بولمىغۇچە،
قاچاڭ ئىككى بولمايدۇ.

بىر باشتا بىر ئۆلۈم.

بىر باشتا مىڭ خىيال،
مىڭ باشتا بىر خىيال.

بىر بالاسى بولمىسا،
قۇيرۇق تۇرامدۇ تاشتا.

بىر پاي ئۆتۈككە ئىككى پۇت سىغماس.

بىر تال قىلنىڭمۇ سايىسى بار،
ھەق ـ ناھەقنىڭ قازىسى (بار).

بىر تامچە سۇدا قۇياش ئەكس ئېتىدۇ.

بىر دەرەختىن ياسىلار مىڭ سەرەڭگە،
مىڭ دەرەخنى كۆيدۈرەر بىر سەرەڭگە.

بىر قېيىققا چۈشكەننىڭ جېنى بىر.

بىر كېلىشمەسلىكتىن بىر ئەقىل قونار.

بىر ئۆمۈر قاغا بولغاندىن،
بىر قېتىم بۈركۈت بولغان ئەلا.

بىر ئېغىز سۆز ئەلنى كۆيدۈرەر،
بىر تال سەرەڭگە يۇرتنى كۆيدۈرەر.

بىردە قىلغان بىردە كەتمەس.



ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com

# پ

پارقىرىغاننىڭ ھەممىسى ئالتۇن ئەمەس.

پاقا قىرىسا قەبرە باقار،
ئايال قىرىسا نەۋرە (باقار).

پالاق تۇخۇمدىن چۈجە چىقماس،
مەنمەنچىدىن نەپ (چىقماس).

پەرىشتە دۇئىگە ھەمراھ بولسا،
دۇئىنىڭ خۇيىنى ئالار.

پەرىشتىنىڭ ئىشىدىن شەيتان قىزغىنىپتۇ.

پەزىلەتلىك تۆرگە چىقار،
پەزىلەتسىز ئوغرى چىقار.

پەزىلەتنىڭ بۇلغىنىشى — بەختسىزلىكنىڭ يىلتىزى.

پەلەككە قول سوزۇپ ئاينى تۇتقىلى بولماس.

پۇت جاراھىتىگە قاقشال تېگىپتۇ.

پوت يوگورۇكى ئاشقا،
ئېغىز يوگورۇكى باشقا.

پوچۇق قوشۇق ئۆزىگە تۇشلۇق.

پوختا ئىشتىن كاۋاك چىقماس،
يالغۇز قولدىن چاۋاك (چىقماس).

پىرنىڭ ھاسىسى ئۇنىڭ ئورنىغا بېرىپتۇ.

پىرىگە بېقىپ مۇرىت بولۇر،
ساقالغا بېقىپ بۇرۇت (بولۇر).

ت

تاتلىق بولسا چىۋىن ئارام بەرمەس.

تاغدىكى كېيىككە چوت سوقۇپتۇ.

تاغنى يۆتكىگىلى بولىدۇ،
خۇينى يۆتكىگىلى بولمايدۇ.

تاڭ سۆزلىمەك تاڭدا كېلەر،
ئالدىرىماڭ ئاستا كېلەر.

تاياق يارىسى كېتەر،
تىل يارىسى كەتمەس.

تەدبىرگە بېقىپ تەقدىر بولىدۇ.

تەر ئاچچىق، ھوسۇل تاتلىق.

تەرى يامانىنىڭ مېھرى يامان.

تەقۋادارردا ھالال يوق،
پەتىۋادا ھارام (يوق).

تەگرىنىڭ كۆنى تېرىقتىن تولا.

تەگشەلمىگەن ئالەم،
سىرىنى بىلمەس ئادەم.

تەلەپچان تالىپ،
ھەممىدە غالىب.

تەنگە بېقىپ باش،
كۆزگە بېقىپ قاش.

تەنگە سانجىلغان نەيزە چىقار،
كۆڭۈلگە سانجىلغان سۆز چىقماس.

توپا ئالسا ئالتۇن،
كول ئالسا كۈمۈش بوپتۇ.

توغراقلىقنىڭ ئېشىكى يورغا،
ئېرى خوتۇنىغا دورغا.

توم سوزۇلار،
ئىنچىكە ئۈزۈلەر.

تونۇشماستا ئېتى يوق،
تونۇشقاندا يېتى (يوق).

تونۇشى يوق مۇساپىر قارىغۇدىن بەتتەر.

تۇياق چۇشەر،
مۈڭگۈز ئۆسەر.

تۆت پۇتلۇق ئاتمۇ پۇتلىشىپ يىقىلار.

تۆشۈك پىچاقنىڭ غىلىپى بولماس،
ئاش ـ تاماقنىڭ قېلىپى (بولماس).

تۆگە مىنىپ تۆگە ئىزدەپتۇ.

تۆمۈر كەسسەڭ قىسقا كەس، ئۇرا ـ ئۇرا ئۈزىرار،
ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس، كېسە ـ كېسە قىسقىرار.

تۆمۈر ـ تەرسەك ئېسىل سارايدىمۇ داتلىشىدۇ.

تۆمۈرچى سوغۇقى ئېشىپ ياتىدۇ،
كېمىچى ئىسسىقى ئېشىپ ياتىدۇ.

تۆمۈرچى قىرىسا زەنجىرچى بولۇر،
ياغاچچى قىرىسا پەنجىرچى بولۇر.

تۆمۈرنى دات يەيدۇ،
ئادەمنى ئۇيات (يەيدۇ).

تۇتۇنسىز ئوتۇن بولماس،
ئەيىبسىز خوتۇن (بولماس).

تۇتۇننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلمەس،
ھەسەلنىڭ تاتلىقىنى ھەرە بىلمەس.

تۇگمەن بىر ئايلانغۇچە،
ئىگىسى يۈز ئايلىنار.

تۇگمەنچىنىڭ پايدىسى غەللە ـ پوستەك.

تۈلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنار،
پالاكەت پۇچقىقىدىن ئىلىنار.

تۈلكىنىڭ ھىيلىسى تولا،
يالغانچىنىڭ جىلىسى (تولا).

تېپىشمىغۇچە ئېلىشماس،
چېكىشمىگۇچە بېكىشمەس.

تېشى يېپەك،
ئىچى كېپەك.

تېكىنى پىچسا سەركە بولىدۇ،
ئارزۇلىغان بالا ئەركە بولىدۇ.

تېمىڭ بولسا يۆلەنگۈدەك،
ئېرىڭ بولسا سۆيۈنگۈدەك.

تېۋىپلارنىڭ ھەممىسى لوقمان ئەمەس.

تىرناق ئەتتىن ئايرىلماس.

تىغ يارىسى ئۈنتۇلار،
دىل يارىسى ئۈنتۇلماس.

تىغدىكى ھەسەلنى يالىساڭ تىلىڭنى كېسەر.

تىل يارىسى دىلنى ئاغرىتار،
تىغ يارىسى تەننى (ئاغرىتار).

تىلەپ ئالغان تىزغا يەتمەس،
بەتخۇي يىگىت قىزغا (يەتمەس).

تىلى ياتنىڭ دىلى يات.

تىلى يامان ئەردىن تۇللۇق ياخشى.

تىلىڭ بولمىسا پۇلۇڭ سۆزلەر.

# ج

جاھىللىق كەلسە،
ئەقىل قاچار.

جاھىللىق — دۈشمەن،
ئەقىللىك — دوست.

جەينەك يېقىن بولسىمۇ،
چىشلىگىلى بولماس.

جۇۋاز ئات بىلەن،
ئوقەت يات بىلەن.

جۈمەدىن ئۈمىد بولسا شەنبىگە ھەرىكەت قىل.

جىگىرى يوقنىڭ جېنى يوق،
جېنى يوقنىڭ مېلى يوق.

جىڭ ئالتۇن ئوتتا بىلىنەر.

جىم ئولتۇرساڭ مۆڭ دەيدۇ،
ئېگىز ئولتۇرساڭ دۆڭ (دەيدۇ).

جىمىغۇرنىڭ چىشى قولتۇقىدا.

جىمغۇرنىڭ ئىشى بار،
قولتۇقىدا تېشى بار.

## چ

چالا پىشقان تاۋۇزنىڭ شاپىقى كۆپ،
تولا ئىچكەن شارابنىڭ چاتىقى (كۆپ).

چالا تىلماچ ئادەم ئۆلتۈرەر.

چالما دائىم مېۋىلىك دەرەخكە تېگىدۇ.

چاي تۆكۈلۈپ ساي بولماس،
يۈلتۈز يىغىلىپ ئاي (بولماس).

چاي قىزىق، تاۋۇز سوغۇق چىشنى بۇزار،
ئۆزى قېرى، خوتۇنى ياش ئىشنى بۇزار.

چاياندىن ئىلتىپات كۈتمە،
زالىمدىن شەپقەت (كۈتمە).

چەكچەيگەن كۆزدە ئەقىل ئاز.

چەلپەكى يوق مازاردىن شەيخلەر قېچىپتۇ.

چەللىدە ئۇسما ساقلاپتۇ،
پاختىدا ئوت ساقلاپتۇ.

چوغدا پىشمىسا،
قوقاستا پىشماس.

چوكا ئالتۇن سۇنسىمۇ باھاسى چۈشمەس.

چوڭ قوغۇننىڭ ئۇرۇقى كۆپ،
كۆپ ئوقۇغاننىڭ بىلىمى (كۆپ).

چوڭقۇر يەر سۇ ئىچكۈچە،
دۆڭ يەر نەم تارتىپتۇ.

چولپان تۇغسا، ئاي پاتار.

چۆگۈن تاشسا ئۆز بويىغا تاشار.

چۆلدە قۇدۇقنىڭ قەدرى كۆپ.

چېچەكتە چېكىلمىگەن،
قىزىلدا قىرىلار.

چېچەن يېڭىلسە مىڭ يىللىق.

چېچەننىڭ تىلى — چەبدەسنىڭ قولى.

چىدامسىزنىڭ ئىشى ئۇنۇمسىز،
چىرايلىقنىڭ ئىچى كۆيۈمسىز.

ئۇيغۇر كىتابلىرى www.uyghurkitap.com

چىدامنىڭ ئۆزى ئاچچىق،
مېۋىسى تاتلىق.

چىراغ ئۆچەردە لاۋۇلدايدۇ،
دۈشمەن ئۆلەردە غالجىرلايدۇ.

چىراغ ئۆينى يورۇتار،
بىلىم كۆڭۈلنى (يورۇتار).

چىراغنىڭ ھۆرمىتى يورۇقى،
قىزنىڭ ھۆرمىتى خۇلقى.

چىن كۆڭۈلدىن يىغلىسا،
كور كۆزىدىنمۇ ياش چىقىدۇ.

خ

خۇشياقماس ناكار كېتەر،
گەپ قىلساڭ بىكار كېتەر.

خىرىس قىلغان يولۋاستىن ھىجىيىپ تۇرغان ئىت يامان.

خىش قېلىپتا ياخشى،
پىچاق غىلاپتا (ياخشى).

دانانىڭ ئىناۋىتى سۆزى بىلەن.

دەرەخ يىقىلسا مايمۇن توزۇپتۇ.

دەريانى بۆلگەن تارام،
قوشۇننى بۆلگەن قارام.

دەزى بارنىڭ دەزىگە تېگەر،
دەزى يوقنىڭ نەرىگە تېگەر.

دەزى يوق توخۇمغا چىۋىن قونماس.

دەۋا قىرىماس،
ئالتۇن چىرىماس.

دەۋا قىرىمايدۇ،
ئىشىك ئىلگۈچىكى چىرىمايدۇ.

دوزاختا كۆنگەن كۆڭۈل بېھىشكە كۆنمەپتۇ.

دۇئا ئالغان ئامان،
قارغىش ئالغان يامان.

دۇنيا كېتەر بوشلۇقتىن،
ئىمان كېتەر خۇشلۇقتىن.

دۇنيانى كۆرمىگەن ئالىم بولالماس.

دىلى يامانىنىڭ كۆزى يامان.

دىلى يورۇقنىڭ تۈنى يورۇق.

ر

راھەتنى ھەركىم تەردىن تېپىپتۇ،
كۆكتىن ئىزدىمەي يەردىن تېپىپتۇ.

رىزقى تۈگىگەن قۇشقاچ خاماندا ئاچ قاپتۇ.

رىزقىڭنى ئەجرىڭ بېرەر،
بەرمەكلىكى يەردىن ئەمەس.

ز

زەر بىلەن ماختانماي،
يەر بىلەن ماختان.

زەرنىڭ دوستى تولا،
زەرگەرنىڭ دۈشمىنى (تولا).

زۇلۇم بار يەردە ئۆلۈم بار.

زۇلۇم تۈگۈلۈكتىن كىرسە،
ئىنساب ئىشىكتىن قاچار.

زۇلۇم زىنداندىن يامان.

زېدى پەسنىڭ تېگى پەس.

زىيادە دۆلەت باش يارماس.

زىيان ئاچچىق، پايدا تاتلىق.

## س

ساتمىدا قىلغان گەپنى،
سارايدا قىلغىلى بولماس.

سازلىق يەردە يايلاق بولماس،
بۇغرا يېنىپ تايلاق (بولماس).

ساقچى قېرىسا قاراقچى بولۇر،
ئوغرى قېرىسا يالاقچى (بولۇر).

ساڭا كەلدى دېمىگىن،
ماڭا كەلدى دېمىگىن.

سالجىنىڭ قېنى يوق،
ساۋاتسىزنىڭ جېنى (يوق).

ساماندا چوغ بولمايدۇ،
زەي سۇدا دۇغ (بولمايدۇ).

سانىڭ ئۈۋىسىدىن لاچىن چىقىپتۇ.

سايدا تاشنىڭ ئەتىۋارى يوق.

سايرىغاننىڭ ھەممىسى بۇلبۇل ئەمەس.

سايىسى يوق دەرەخ بولماس،
غايىسى يوق ئادەم (بولماس).

سەت كۆرۈنگەن سارايغا تۈۋرۈك بوپتۇ.

سەدىقە بالانى يەر،
تۇۋا گۇناھنى (يەر).

سەكرىگەن سەركە پىچاقتا ئۆلەر،
سەتەڭ خوتۇن قۇچاقتا (ئۆلەر).

سۇ مەززىسى مۇز،
ئاش مەززىسى تۇز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۇ ئۇلغايسا كېمە كۆتۈرۈلەر،
سۆز ئۇلغايسا جېدەل (كۆتۈرۈلەر).

سۇنغان ئەينەك تۈزەلمەس،
سۇنغان كۆڭۈل تۈزەلمەس.

سۇنغان توقاچ پىشماس.

سۇنمايدىغان تۆمۈر يوق،
ئۆچمەيدىغان كۆمۈر (يوق).

سۇنۇقتىن باشقىسى يۇقىدۇ.

سۇۋادان مېۋىسىز،
غادايغان بىلىمسىز.

سۆگەتكە ئەۋرىشىملىك يارىشار،
قېلىنغا قاتتىقلىق (يارىشار).

سۆگەتنىڭ تۈزى بولماس،
چېقىمچىنىڭ يۈزى (بولماس).

سۆلەت گىرىم بىلەن،
گۈزەللىك بىلىم بىلەن.

سۈت بىلەن كىرگەن خۇي،
جان بىلەن چىقار.

سۈت قاراڭغۇدىمۇ ئاق كۆرۈنىدۇ.

سىپايە سىرىنى يوشۇرالماس،
پۇچۇق بۇرنىنى (يوشۇرالماس).

سىركە قاچىسىنىڭ ئاغزى ھەم تۇرسىمۇ،
ئىچى قاينايدۇ.

سىرلىق ئاياغنىڭ سىرى كەتسىمۇ،
سىنى كەتمەس.

سىرنىڭ ساندۇقى كۆڭۈل،
ئاچقۇچى تىل.

سىرنىڭ ئۇچىنى سۆز ئاچار.

## ش

شام ئۆز يېپىنى كۆيدۈرەر.

شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىماس.

شامال كەلسە نەم قېچىپتۇ،
ۋەھىمە كەلسە پەم (قېچىپتۇ).

شامال كۆرمىگەن مايسا ئاجىز.

شامدان شام بىلەن ئەزىز.

شامالدا ۋارقىرىغاننىڭ ئۈنى بوشقا كېتەر.

شامنىڭ شولىسى تۈۋىگە چۈشمەيدۇ.

شامنىڭ كۆركى شامدان بىلەن،
ئايالنىڭ كۆركى خاندان بىلەن.

شامنىڭ نۇرى ئۆيىنى يورۇتار،
ئايىنىڭ نۇرى جاھاننى (يورۇتار).

شاۋقۇنلۇق يامغۇردىن،
سىم - سىم يامغۇر يامان.

شەبنەم سۈيىدە كۆل تولماس.

شەرىئەت قىلىچتىن ئىتتىك،
قىلدىن ئىنچىكە.

شەرىئەتنىڭ مىڭ بىرپۈتىقى بار.

شەھەردە شامال چىقسا،
سەھرادا بوران چىقار.

شەھەرنىڭ زىننىتى ـــ ئاشپەز بىلەن باققال.

شور سۇ كۆتۈرمەس،
ئەسكى گەپ (كۆتۈرمەس).

شورتاڭ يەردىن ئاشلىق چىقماس،
مەزھەپ كۆپ يەردىن باشلىق (چىقماس).

شورى تولا يەردىن قورۇق،
گېپى تولا ئەردىن (قورۇق).

شۇم خەۋەر تېز تارقىلىدۇ.

شېرىكلەرنىڭ يۈرىكى شىردەك.

شىر چىشىنى ئۆتنە بەرمەس.

غ

غاز كۆلگە يارىشار،
ناز قىزغا (يارىشار).

غەزەپ ئەقىل چىرىغىنى ئۆچۈرەر.

غەزەپلەنگەن كالا يولۋاسنى يېڭەر.

غورا بولماي، مېغىز بولماس.

# ق

قاتتىق تاشمۇ بىر كۈن يېرىلار.

قاتتىق تەربىيەنىڭ تاتلىق مېۋىسى بار.

قاتتىق ياغاچنى يۇمشاق قۇرت يەر.

قاتىل جۆيلۈپ ياتالماس.

قاتىلدىن ئىمان كەلسە،
پالتىدىن زۇۋان كېلەر.

قار ياغمىغۇچە قىش چىقماس،
ئىچى سۇرمىگۈچە چىش چىقماس.

قارا ئاقارماس،
ساراڭ ساقايماس.

قارا باسقانغا مۇشت كۆرۈنەر.

قاراڭغۇدا پەرۋاننىڭ باغرى قان بولسا،
شەپەرەڭنىڭ ئامىتى ئوڭدىن كەپتۇ.

قارغىش ئالغان يامان بولۇر،
ئالقىش ئالغان ئامان بولۇر.

قارنىڭ ئۈچۈن قان تۆكۈشمە.

قارىغوجا ئۆۋىسىدىن بۇلبۇل چىقىپتۇ.

قازاندىكى ئاشنى قوشۇق تۈگىتەر،
قىمارۋازنىڭ پۇلىنى ئوشۇق (تۈگىتەر).

قازاندىن چۆمۈچ چوڭ بولماس.

قازاننىڭ گۇۋاھچىسى چۆمۈچ.

قاشاڭ مۇرادىغا يېتەلمەس.

قاغا «قاق» دېمىسە،
قۇشلارنىڭ كۆزىنى چوقۇپ بولار ئىدى.

قاغا «قاق» ئېتەر،
ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتەر.

قاغا كۆكتە بولسىمۇ كۆزى يەردىكى پوقتا.

قاغا، كەپتەر دوست بولماس،
دوست بولسىمۇ نەپ بەرمەس.

قاغىنىڭ تەڭ ئورتاق،
سېغىزخاننىڭ دەرەخ بېشىدا.

قاغىنىڭ ئېقى يوق،
ياخشىلىقنىڭ چېكى (يوق).

قاغىنىڭ كۆزى ئوقتا،
تۇمشۇقى پوقتا.

قاقشال دەرەخنىڭ مېۋىسى يوق،
قۇرۇق گەپنىڭ مەززىسى (يوق).

قالماق ئېتى بوغۇز يېمەس،
بوغۇز يېسە تۇۋرىنى تېشەر.

قامچا تېرىگە ئۆتكەن بىلەن،
ھەقىقەت سۆڭەككە ئۆتەر.

قان چىقتى — جان چىقتى.

قاناتسىز قۇش ئۇچالماس.

قاننىڭ رەڭگى ئۆڭمەس.

قانۇن قېرىماس.

قاياشنىڭ بەگ بولسا،
قارا يەردە كىم توختايدۇ؟

قايتقان مالدا بەرىكەت بار.

قايناق سۇدا ئاغزى كۆيگەن سوغۇق سۇنى پۈۋلەپ ئىچەر.

قەپىسىڭ ئالتۇندىن بولسىمۇ، بۇلبۇل خالىماس.

قەسەمخورنىڭ قېنى يوق،
بىلمىسىزنىڭ جېنى (يوق).

قەسەمخورنىڭ ئۆمرى قىسقا.

قەسەمخورنىڭ يۈزى يوق.

قەستەنلىك — تېزەك ئاستىدا ئۈچ كۈن ياتىدۇ.

قەغەز بىلەن شەھەر قوپۇرساڭ،
ئۈچ كۈن يەتمەس.

قەغەزگۈل ھەسەل ھەرىسىنى ئالدىيالماس.

قەلەم بىلەن يېزىلغاننى پالتا بىلەن ئۆچۈرگىلى بولماس.

قەلەم ئىچىگە ئالەم پاتار،
كۆڭۈلگە دۇنيا (پاتار).

قەلەمنىڭ ئىشىنى قىلىچ قىلالماس.

قوتاندا ئوغلاق تۇغۇلسا،
ئىتىزدا ئوت ئۈنىدۇ.

قوتانغا بۆرە كىرسە،
ئىتنىڭ تەرىتى قىستاپتۇ.

قورساق ئاغرىقىدىن،
كۆڭۈل ئاغرىقى يامان.

قورساق دېگەن بالادۇر،
ھەر كويلارغا سالادۇر.

قورساق كۆپۈكى دېسە چىقار،
كىيىم كىرى يۇسا (چىقار).

قورقۇچاقنىڭ كۆزى چوڭ،
ئەخمەقنىڭ سۆزى (چوڭ).

قورۇلغانغا چىۋىن چىچار.

قورۇلغان — سورۇلار.

قوغۇشۇن بىگىز بولماس،
ئۆچكە توكىدە كىگىز بولماس.

قوغۇن پىشسا ساپىقىدا تۇرماس.

قوغۇن ئىچىدىن سېسىيدۇ.

قول قولنى تونۇيدۇ،
شەرىئەت يولنى تونۇيدۇ.

قول ئۇچۇن باش جاۋابكار.

قولى چېۋەرنىڭ بىلىكى تالماس.

قولى سۇنۇقنىڭ دەردىنى قولى سۇنغان بىلەر.

قولى گۇل ئېتىدۇ غىزا،
قولى گال ئېتىدۇ ئىزا.

قولى گۇلدىن ھەممە رىزا،
قولى گالدىن ھەممە بىزا.

قولى ئوچۇقنىڭ يولى ئوچۇق،
يولى ئوچۇقنىڭ كۆڭلى ئوچۇق.

قولى ئىشچان يىگىتكە،
ئايىغى يېنىك قىز كېرەك.

قولىدىكى ئالتۇننىڭ قەدرى يوق.

قۇرت ياغاچنى ئىچىدىن يەر.

قۇرۇق ئابرۇي ئادەمنى ئوغرى قىلار.

قۇزغۇنغا تاغ ياخشى،
بۇلبۇلغا باغ (ياخشى).

قۇش ئاچ قالسا ئىگىسىنى ئالار.

قۇش ئاسماندا ئۇچسىمۇ،
سايىسى يەرگە چۈشەر.

قۇش بالىسى كۆككە باقار،
قوي بالىسى يەرگە (باقار).

قۇش بالىسى ئۇۋىسىدا نېمە يېسە،
ئۇچقاندىمۇ شۇنى ئىزدەر.

قۇش تەلپۈنسە بېغى چىڭقىيدۇ.

قۇش دانغا تويماس،
قۇزغۇن قانغا (تويماس).

قۇش قېرىسا دەرەخكە قونالماس،
قۇۋ قېرىسا ھەمراھ بولالماس.

قۇش ئۇۋچىنى ئۇنتۇماس،
ئادەم نوچىنى (ئۇنتۇماس).

قۇشمۇ ئۆز ئۇۋىسىنى قەدىرلەيدۇ.

قۇشنى دان ئالدايدۇ،
ئادەمنى گال (ئالدايدۇ).

قۇشنىڭ ئەگىشى گالدىن،
ئادەمنىڭ ئەگىشى جاندىن.

قۇلاقىا يەتكەن سوغۇق گەپ،
يۈرەككە تېگىپ مۇز بولۇر.

قۇلاقنى نەدىن چىقىرىش قازانچىنىڭ ئىختىيارى.

قۇلۇپ ياخشى ئادەم ئۇچۇن سېلىنىدۇ.

قۇم ـ شېغىل تاش بولۇر،
قىڭغىر ئىش پاش بولۇر.

قۇۋلۇقتىن شۇملۇق يامان.

قۇۋنىڭ سۆزى قۇيرۇقلۇق.

قۇياش بىلەن سايە پەيدا،
قاراش بىلەن غايە (پەيدا).

قۇياش تاڭنى يورۇتار،
كىتاب ئاڭنى (يورۇتار).

قىرىق كىشى بىر ياق،
قىڭغىر كىشى بىر ياق.

قىرىق كىشىدىن،
قىيىق كىشى يامان.

قىرىق يىل كۆرگەن چۈش يالغان بولماس،
قىرىق يىڭنە بىر جۇۋالدۇز بولماس.

قىزىق ئۇچاقتا تۇتۇرۇق لازىم ئەمەس.

قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدا بىلىنەر.

قىلالايدىغاننىڭ چىرايىدىن چىقار،
قىلالمايدىغاننىڭ جېنىدىن چىقار.

قىلدەك سەممىيەتلىك پىلدەك ئاتاقتىن ئەلا.

قىلغۇچىغا قاراڭغۇ،
كۆرگۈچىگە ئايدىڭ.

قىلىچ تاشتا بىلىنىدۇ،
ئادەم ئىشتا (بىلىنىدۇ).

قىلىچ دەستىسىنى تۇتۇشنى خالىمىساڭ،
تىغىغا دۇچ كېلىسەن.

قىلىچ قىنىدا ياتسا دات باسار،
بىرلىك بۇزۇلسا يات (باسار).

قىلىچ ئۆز قىنىنى كەسمەس.

قىممىتى يوق مال بولماس.

قىمىرلىغان قىر ئاشار.

قىيام قىلماي، ناۋات بولماس،
تەر تۆكمەي ئاۋات (بولماس).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ك

كاللا — مېڭىدە،
ئەقىل — بىرىدە.

كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا،
تۇيىقى سىرقىراپتۇ.

كەپتەر پەغەزدە توختار،
دۇنيا قەغەزدە (توختار).

كەپتەر ئىككى قانىتى تۇرۇپ دانغا ئۆگىنىدۇ،
ئادەم نەپ بولسىلا خانغا ئۆگىنىدۇ.

كەڭگە كەڭ دۇنيا،
تارغا تار دۇنيا.

كونا تام ھۇرۇننىڭ ئۈستىگە يىقىلار.

كونا تون يېڭى غوجايىنغا ياراشماپتۇ.

كونا گەپ قۇلاققا ياقماس.

كۆپ ئاتقان مەرگەن بولماس،
كۆپ سۆزلىگەن چېچەن (بولماس).

كۆپ ئاتقاننى مەرگەن دېمە،
كۆپ ۋەدىنى بەرگەن (دېمە).

كۆپنى دەپ ئازدىن قۇرۇق قاپتۇ.

كۆرگەن كۆرگەننى سۆزلەر،
ئەخمەق يېگەننى سۆزلەر.

كۆرگەن كۆزدە تۇرماس،
يېگەن ئېغىزدا (تۇرماس).

كۆرگەننىڭ ھەممىسى دوست ئەمەس،
ئاچچىقنىڭ ھەممىسى قەست (ئەمەس).

كۆرگىنىڭ مىڭ ئەلا، ئوقۇغىنىڭدىن،
ۋاپادار دوست ياخشى، كۆيۈمسىز تۇغقىنىڭدىن.

كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ،
كۆرمىگەننى كۆرسەن ئۆلمىگىنىڭ.

كۆرمەي تۇرۇپ چۈشەپ قالماس،
كۆنمەي تۇرۇپ كۆيۈپ قالماس.

كۆرۈمسىزنىڭ گۆمپىسى ئىچىدە.

كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس.

كۆرۈنمەيدىغان قىر يوق،
ئېچىلمايدىغان سىر (يوق).

كۆز خاتىرىسى بەلگە بىلەن،
ئەقىل خاتىرىسى يېزىش بىلەن.

كۆز قانچە روشەن بولسىمۇ،
ئۆز يۈزىنى كۆرەلمەيدۇ.

كۆز كۆزنى كۆرمەيدۇ،
ئادەم ئۆزىنى (كۆرمەيدۇ).

كۆزدىن كۆز تايسا،
كۆكسىدىن سۆز تايار.

كۆزدىن يىراق،
كۆڭۈلدىن يىراق.

كۆزسىز ياشىساڭمۇ،
ئەلسىز ياشىيالمايسەن.

كۆزگە كۆرۈنمىگەن ئوغرى،
مەككار ھۈنەرۋەندىن ياخشى.

كۆزگە ئىلمىغان پۈتقا چوماق.

كۆزى كىچىكتىن كۆڭلى تار يامان.

كۆزى كىچىكنىڭ يولى كىچىك.
كۆزنى قاچۇرغان سۆزنى قاچۇرار.

كۆڭۈلنى كۆز ئاچىدۇ،
قەلبنى سۆز (ئاچىدۇ).

كۆڭۈلنى ياشناتقان ناۋا،
هاياتنى ياشناتقان هاۋا.

كۆيگەن ئوتنىڭ تۈتۈنى يوق.

كۆلگەن ئېغىز چىرايلىق.

كېپەن كىيگەن كەلمەس،
كېپەك يېگەن كېلەر.

كېپىنەك پەرۋانە بولماس،
ياسانچۇق مەردانە (بولماس).

كېپىنەك گۈلگە ئامراق،
ياسانچۇق پۇلغا (ئامراق).

كېچىككەن ئىش قارا باسقان چۈش.

كېرەكسىزنىڭ دۈشمىنى يوق.

كېرەككە تىرەك يىقىلىپتۇ.

كېكەچ سۆزگە يارىماپتۇ،
ئوغرى كۆزەتكە (يارىماپتۇ).

كېڭەشكەنگە كەڭ دۇنيا،
تالاشقانغا تار دۇنيا.

كېلەڭسىز ئىش ــ قېلىپسىز خىش.

كېلۈر بولسا كېلۈر، شامۇ ئىراقتىن،
كېتۈر بولسا كېتۈر، بۇ كۆز قاداقتىن.

كېلىشلىك گەپتىن كېلىن يانماپتۇ.

كېيىنكى چاق ئالدىنقى چاقنىڭ ئىزىدىن ماڭىدۇ.

كىرەر يېرىڭ كەڭ بولدى،
ھەممە ئىشىڭ ھەل بولدى.

كىرەر يېرىڭ كەڭ بولسۇن،
تېرەر يېرىڭ نەم (بولسۇن).

كىرپە تىكىنى بىلەن ماختىنار.

كىشەن ئالتۇن بولسىمۇ كىشەن.

كىشىدىكى نەرسە ـــ خۇدادىكى نەرسە.

كىگىزنى يېڭى قىلغان بورا،
ئۆرۈكنى ئۆرۈك قىلغان غورا.

كىم بىلەن بىللە بولساڭ،
كىملىكىڭ مەلۇم بولۇر.

كىيىمسەڭ كىيگۈچى كېلۈر،
يېمىسەڭ يېگۈچى (كېلۈر).



ئۇيغۇر كىتابلىرى www.uyghurkitap.com

## گ

گەپ يېڭى، قۇلاق كونا.

گەجگە يېغىرى ئوغۇلغا قالۇر.

گەمىدىمۇ ئالىم تۇغۇلار.

گۇمان ئىماننى قاچۇرار،
ئىمان شەيتاننى (قاچۇرار).

گۇناھ كىچىكتىن،
كەچۇرۇش چوڭدىن.

گۆرىستاندا ئۆي بولماس،
توپىلاڭدا ئوۋ (بولماس).

گۈزەل ئارزۇ — يېرىم دۆلەت.

گۈل بار يەردە تىكەن بار،
زەر بار يەردە يىلان (بار).

گۈل پۇرىقى بىلەن ئەزىز،
ئادەم ئەمگىكى بىلەن (ئەزىز).

گۈل پۇرىقى — دىل ئۇرۇقى.

گۈل سەھەردە ئېچىلار،
خىيال كېچىدە (ئېچىلار).

گۈل گۈلى بىلەن،
مال خىلى بىلەن.

گۈل ئېچىلغان يەردە ئەزىز،
تاش چۈشكەن يەردە (ئەزىز).

# ل

لازىمى يوق مال ئەرزان بولسىمۇ قىممەت.

لەقەم قويۇش خىزىرنىڭ ئىشى.

لەقەمسىز ئەر بولماس،
بولۇمسىز يەر (بولماس).

لەقەمسىز ئەر يوق،
گىياھسىز يەر (يوق).



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# م

ماختانچاقتىن ئەل قاچار.

ماقۇلغا جاۋاب يوق،
كۆلچەككە تۇۋاق (يوق).

ماڭقا ئوقۇردىن بولۇر،
يېغىر توقۇمدىن (بولۇر).

مال تاپقاننىڭ تىلى ئۇزۇن.

مال تۇرى بىلەن،
ئادەم خىلى بىلەن.

مال ئوت ئىزدەپ تارايدۇ،
ئادەم دۇنيا ئىزدەپ (تارايدۇ).

مال ئورۇقلۇقىدىن،
ئادەم غېرىبلىقىدىن.

مال ئىچىدە مال بار،
ئادەم ئىچىدە ئادەم (بار).

مال ئىگىسىنى دورىمىسا هارام.

مالچى تايىقمدىن،
كېلىن ئايىغىمدىن.

مانتا قاسقاندا تورۇپمۇ پىشىدۇ.

مەرتەم، مەرتەم ئۈچ مەرتەم.

مەنىسىز سۆھبەتتىن،
تەنها خىيال ياخشى.

مەيدە ئاغرىقى سوغۇقتىن،
قورساق ئاغرىقى يوقلۇقتىن.

موزاي سامانلىقنى بوشىتار،
بىكار تەلەپ تەڭلىنى (بوشىتار).

موزايىنى قارغىساڭ، كالاڭ ئۆلىدۇ.

موزايىنى ئوغرىلىغان،
ئۆكۈزنىمۇ ئوغرىلايدۇ.

موزدۇز بىگىزگە ئامراق،
تۇماقچى كىگىزگە (ئامراق).

موزدۇز قېرىسا ياماقچى بولۇر،
ئوغرى قېرىسا چوماقچى (بولۇر).

موھتاجلىقنىڭ دۈشمىنى ــــ مۆشەققەت.

موھتاجلىق ــ تاشتىن قاتتىق.

مۆرىمەيدىغان كالا يوق،
ئازمايدىغان بالا (يوق).

مۇدۇرىمەيدىغان ئات يوق،
سۇ كىرمەيدىغان كات (يوق).

مۇگدىگەك قۇشقا ئوق تېگەر.

مېڭەڭ بولمىسا، مېلىڭ ئىككى بولماس.

مېڭىشقا ئېرىنگەن يۈگۈرۈپتۇ.

مېنىڭلا توغرا دېگەن كۆپنى كۆرمەس.

مېۋە چېچەكتىن بىلىنەر،
ئادەم كىچىكتىن (بىلىنەر).

مېۋىلىك دەرەخكە ھەممە كىشى قول ئۇزىتار.

مېۋىلىك دەرەخنىڭ بېشى تۆۋەن،
بىلىملىك ئەرنىڭ يۈزى تۆۋەن.

مىراس ــ مەرەز.

مىڭ سەر ئالتۇنۇڭ بولغۇچە،
بىر سەر ئەقلىڭ بولسىچۇ.

مىلڭ قاغىغا بىر تاش كۇپايە.

مىلڭ ئۆلۈكتىن بىر تىرىك ئەلا.

مىڭلىقىقا كەلمەي، بىرلىككە كەپتۇ.

مىلتىقنىڭ ئىچى مورا،
ئۇنى ئېتىلدۇرغان دورا.

ن

نەرخى بارنىڭ پەرقى بار.

نەسلىڭنى ئۇنتۇدۇڭ،
ئەسلىڭنى ئۇنتۇدۇڭ.

نەسىھەت ئاچچىق،
مېۋىسى تاتلىق.

نەسىھەت ئاڭلىمىغان،
نەپرەتكە قالار.

نەگە بارساڭ قازاننىڭ قۇلىقى تۆت.

نۇرى يوق چىراغنى پەرۋانە ئايلانماس.

نېنى يوقنىڭ ساخاۋىتى يوق.

نىجات كەلمەس پەلەكتىن،
راھەت كېلەر مېھنەتتىن.

نىشانسىز ھاياتتا لەززەت يوق.

ھـ

ھارغاننىڭ دۈشمىنى سارالڭ،
دۇتارنىڭ دۈشمىنى پارالڭ.

ھارۋا بۇزۇلۇشتىن ئىلگىرى غىچىرلايدۇ.

ھاقارەتلىك تۇرمۇشتىن سائادەتلىك ئۆلۈم ياخشى.

ھاماقەتنىڭ پۇشمىنى ئۈچ كۈن كېيىن كېلىدۇ.

ھاۋادا ئۇچماقلىقىم، قانات بىلەن پەيدىن ئەمەس،
رىزقىمنى ئەمگەك بېرەر، سۆز بىلەن يەردىن ئەمەس.

ھايۋان تۈكىدىن كېتەر،
ئادەم تىپىدىن (كېتەر).

ھايۋان قېنىنى ئىت بىلەر،
ئادەم قېنىنى پىت (بىلەر).

هايۋاننىڭ جاھىلى قىچىر،
خىمىرنىڭ جاھىلى پىتىر.

ھەر چاغ دېگىلى بولۇر دېمىگەننى،
ياندۇرغىلى بولماس لېكىن دېگەننى.

ھەر داستىخاننىڭ نېمىتى باشقا،
ھەر دەرەخنىڭ مېۋىسى باشقا.

ھەر زاماننىڭ ناخشىسى باشقا.

ھەر كىشى كېتەر،
بەرىكىتى قالار.

ھەر نەرسە پىشقاندا تاتلىق.

ھەر ئورماننىڭ ھەسلى باشقا.

ھەر ئۆينىڭ مورىسى باشقا.

ھەرقانداق ئېگىزلىك پەستىن باشلىنار.

ھەرىكەت تەكرارلانسا ئادەتكە ئايلىنىدۇ،
ئادەت تەكرارلانسا خۇيغا (ئايلىنىدۇ).

ھەقىقەت تېپىلغۇچە،
يالغان دۇنيانى يالمايدۇ.

ھەممە ئىشتىن قۇتۇلۇپ،
بىر ئەجەلگە تۇتۇلىسەن.

ھۆرمەت ئۆزى بىلەن.

ھېسابنى بىلمىگەن ھەمياندىن ئايرىلار.

ھىممەتسىز ھېرىپ تۇگەر،
مېھنەتسىز چىرىپ (تۇگەر).

ھىممەت — يىگىتكە خىسلەت.

## ئو

ئوت تۇتۇنسىز بولماس،
ئادەم گۇناھسىز (بولماس).

ئوت كۆيگەن يەرنىڭ قىزىقى كەتسىمۇ، قىزىلى كەتمەس.

ئوت نەدە كۆيەر؟
تۇل خوتۇننىڭ بېشىدا (كۆيەر).

ئوت ئوتۇنغا تويمايدۇ،
قىمارۋاز خوتۇنغا (تويمايدۇ).

ئوتتۇز چىشىدىن چىققان سۆز،
ئوتتۇز ئەلگە تاراپتۇ.

ئوتتۇز يېشىدا ئەر ئاتالغان،
قىرىق يېشىدا شىر ئاتىلار.

ئوتنى قول بىلەن تۇتقىلى بولماس.

ئوتۇن كۆيگۈچە،
خوتۇن سۆيگۈچە.

ئوتۇن ئوڭلۇق — خوتۇن ئوڭلۇق.

ئوت — سامان،
ئوزۇق — تالقان.

ئوخشىسا خۇدانىڭ بەرگىنى،
ئوخشىمىسا خۇدانىڭ ئۇرغىنى.

ئوغرىتىكەن يالاڭ ئاياغقا ھەقىقەتنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئوق توپلاشقانغا تېگەر.

ئوق — ئوقنىڭ كۆزى يوق.

ئوڭ قول، چەپ قول،
ھەر ئىككىسى ئۆز قول.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب

# ئۇ

ئۇستىغا ئۈچ پۇل پىلانچىغا بەش پۇل.

ئۇستىنى ئۇستا قىلغان بۇيرۇقچى.

ئۇسسىغاندا ئالتۇن سۇ كۆرۈنۈپتۇ.

ئۇسسىغاندا ئىچكەن شورلۇق سۇ شېكەردىن تاتلىق.

ئۇلۇغ ئادەمنىڭ كۆڭلى دەريا.

ئۇلۇغ تىل ئۇلۇغ دىلدىن چىقىدۇ.

ئۇلۇغ سۇ باينىڭ،
كۆتمەك جىگدە ساينىڭ.

ئۇلۇغ سۇ شەپە قىلماس،
بىلىملىك ھەيۋە قىلماس.

ئۇلۇغنى ئۇلۇغلىسا بەخت تاپار.

ئوماچ ئىشىم — ئالتۇن بېشىم.

# ئۆ

ئۆپكە ـ قېرىن گۆش ئەمەس،
تېگى دۈشمەن ئۆز (ئەمەس).

ئۆتكەن تېپىلماس،
كېلەر كۈن سېتىلماس.

ئۆتكەن ئۆمۈر ـــ ئاققان سۇ.

ئۆتكۈر سۆز ـــ ئاتقان ئوق.

ئۆتمەس پىچاق قول كېسىدۇ.

ئۆتۈپ كەتكەن ئىش،
ئۈنتۈپ كەتكەن چۈش.

ئۆردەك چۆلدە بولسىمۇ،
كۆڭلى كۆلدە.

ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرۈپ ئالا بوپتۇ.

ئۆز خورلۇقى جاندىن ئۆتەر،
يات خورلۇقى ياندىن (ئۆتەر).



ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى www.uyghurkitap.com

ئۆز دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ.

ئۆز نادانلىقىنى بىلگەن ئەخمەق ئەمەس.

ئۆزۈڭنىڭ ئۆزۈڭگە يەتسە،
كىشىگە نېمە ھاجىتىڭ؟

ئۆزۈڭنىمۇ بىل،
ئۆزگىنىمۇ بىل.

ئۆزۈمنىڭ راست دېگەن كۆپنى كۆرمەس.

ئۆزى راست دېمىسىمۇ،
يۈزى راست دەپتۇ.

ئۆزىدە يوق، ئالەمدە يوق،
كىشىدە بار، ۋاپاسى (يوق).

ئۆزىدىن كۈلگەن خەقتىن كۈلمەس.

ئۆزىنىڭ تۇتۇنى ئۆزىنىڭ مورىسىدىن چىقىدۇ.

ئۆي تۇتقاندا دۆت كۆرۈنگەن،
ئايرىلغاندا ئوت كۆرۈنەر.

ئۆيدە تۇرمىسا گۆردە تۇرار.

ئۆيدە راھىتى يوقنىڭ،
كوچىدا پاراغىتى يوق.

ئۆيسىز ئەر — گىياھسىز يەر،
ئايالسىز ئەر — يېرىم ئەر.

ئۆيگە كىرگەن قورۇق چىقماس،
گۆرگە كىرگەن تىرىك (چىقماس).

ئۆيگە ۋاسا ياخشى،
قىرىغا ھاسا (ياخشى).

ئۆيلىنىشنىڭ خۇشلۇقى بىر ئايلىق،
ۋەھىمىسى ئۆمۈرلۈك.

ئۆينىڭ قەدرى ئۆيدىن ئايرىلغاندا بىلىنەر.

ئۆيۈڭ كەڭ بولسا كۆپ ئادەم سىغار،
كۆڭلۈڭ كەڭ بولسا ئالەم سىغار.

## ئۇ

ئۇچ ئادەم بار يەردە خىزىر بار.

ئۇچ قوي سويغان قاسساپ بولىدۇ.

ئۇچىنىڭ بىرى خانغا يارار.

ئۇزۇلگەن يىپنى ئۇلىساڭ تۇگۇنچەك قالۇر.

ئۇمىدلىك ئەرگە دەريا سۈيى ئۇشۇقىغا كەلمەس.

ئۈنچە ـ مارجان تاش ئىكەن،
ئارپا ـ تېرىق ئاش ئىكەن.

ئۈندۈرگەن زېرەكلىك،
قۇرۇتقان نادانلىق.

ۋ

ۋەدە ـــ قەرز دېمەكتۇر.

ۋەدىسىدە تۇرۇش ـــ كۆڭۈلنى ئۇتۇش.

ۋەدىسىگە كىمكى قىلسا خىيانەت،
ئۇندىن نېرى كېتەر دىيانەت.

ۋىجدان قىلىچى ـــ سۆزدە.

ئې

ئېپى بارنىڭ يولى بار.

ئېپىنى بىلمىگەن ئىش بۇزار،
يورۇشنى بىلمىگەن يول (بۇزار).

ئېتى بولمىسا، باتۇرمۇ ئاجىز،
قانتى بولمىسا لاچىنمۇ (ئاجىز).

ئېسى كەتكەن بالىنى ياۋ كۆرەر.

ئېسىل پىچاق قىنىدا ياتماس.

ئېسىلنىڭ ئوقۇرى ئېگىز.

ئېشەك بولسا يېغىر بولمىسا،
ئەر بولسا ئېغىر بولمىسا.

ئېغىر كۈننى كۆرمەي ئەسلىي،
ئۆتكۈر بولماس ھەركىم ئەقلى.

ئېغىرلىق تاشقا يارالغان،
يېنىكلىك قامغاققا (يارالغان).

ئېغىز ئايغاق، تىل تايغاق.

ئېغىز تاتلىقنى تىلەر،
كۆڭۈل شادلىقنى (تىلەر).

ئېقىن سۇغا پاشا قونماس.

ئېگىز تېرەكنىڭ سايىسى تۈۋىگە چۈشمەس.

ئېگىز قونداقتا توخۇ توڭلىماس.



ئۇيغۇر كىتاب بېكىتى www.uyghurkitab.com

ئېلىپقا ئېلىپنى قوشسا «ئاللا» بولۇر،
ئۇستازدىن دۇئا ئالسا موللا بولۇر.

«ئېلىپ»نى ئوقۇپ،
«بە»نى ئوقۇماپتۇ.

ئېيت ـ ئېيت دېسە ئاتىسى ئېسىدىن چىقىپتۇ.

ئېيتقۇچى ئاقىل بولسا،
ئاڭلىغۇچى ماقۇل بولىدۇ.

ئېيتماقنىڭ ئېتى ئۇلۇغ.

## ئى

ئىت بەرگەننى بىلۇر،
يەر قىلغاننى (بىلۇر).

ئىت ئۇرغۇچىغا ئامراق.

ئىت ۋاپا،
خوتۇن جاپا.

ئىت ئىگىسىنى گاداي دېمەس،
بالا ئانىسىنى «مالاي» (دېمەس).

ئىت يوق مەھەللىدە موللام تاياقسىز يۈرەر.

ئىتتىك چىققان بوران تېز توختار.

ئىتتىك ئوتتا كۆمەچ كۆيەر.

ئىتنىڭ ئاغزى تەگكەن بىلەن دەريا سۈيى بۇلغانماس.

ئىتنىڭ لالما بولسا،
تۈلكە ئۆيۈڭگە كىرەر.

ئىچى بوش تۈلۈك داراڭلايدۇ.

ئىچى پىشمىسا تېشىغا چىقماس.

ئىزا ئۆلۈمدىن قاتتىق.

ئىزنى ئىز ئۆچۈرەر.

ئىزىڭدىن تىكەن ئۈنسە ئەۋلادىڭنىڭ پۇتىغا كىرەر.

ئىسراپچىلىق نەدە؟
ئەمگەك قىلمىغان يەردە.

ئىسراپچىلىق — خاراپچىلىق.

ئىسلىق ئۆيۈم — ئىسسىق ئۆيۈم.

ئىسمى بار، جىسمى يوق.

ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ.

ئىشلەتمىگەن كەتمەننىڭ سېپى بوش.

ئىككى بالىنىڭ ئارىسىدىكى بوۋاي بالا بولۇر،
ئىككى بوۋاي ئارىسىدىكى بالا دانا بولۇر.

ئىككى دەرەخكە ئۇۋا سالغان قۇش مەڭگۈ ئارام تاپالماپتۇ.

ئىككى قېيىققا تەڭ دەسسىگەن سۇغا چۆشەر.

ئىككى قىلىچ بىر غىلاپقا سىغماس.

ئېگەرنىڭ پاتقىنىنى ئىگىسى بىلمەس،
ئات بىلەر.

ئىگىسى رازى بولمىغان ئاش،
قورساق ئاغرىتار.

ئىللەت — سەۋەبسىز بولماس.

ئىلمەكنى ئىشارەت بىلەن رۇسلىغىلى بولماس.

ي

ياتنىمۇ تۇغقان قىلغان قارا قازاننىڭ ئېشى.

ياخشى بولسا ئۆزىدىن كۆرەر،
يامان بولسا كىشىدىن (كۆرەر).

ياش ئېقىپ تۇگىمەيدۇ،
ئەقىل تېشىپ (تۇگىمەيدۇ).

ياش يۇزگە يەتمەس،
يۇزگە يەتسىمۇ كۇزگە يەتمەس.

ياغاچ يەرنىڭ زىنىنىتى،
كىيىم ئەرنىڭ زىنىنىتى.

ياغاچ يىلىم بىلەن ياخشى،
ئەل ئىلىم بىلەن (ياخشى).

ياغاچنى هۇنەر ئېگىدۇ،
هەقىقەتنى پارا (ئېگىدۇ).

ياغاچنىڭ قىممىتى هۇنەردە.

ياغاچنىڭ يۇمشىقىنى قۇرت يەيدۇ،
ئادەمنىڭ يۇمشىقىنى دۇرۇت (يەيدۇ).

يامغۇرنىڭ قەدرىنى تاش بىلمەس.

يان يەرنى شامال قاقار،
چىرايلىقنى هەممە باقار.

ياندىكى كاسىپنىڭ قەدرى يوق.

ياۋنى ئايىغان ياۋ بولۇر.

يەتمىش كېسەلنىڭ باشلىنىشى يەل.

يەرنىڭ ئاستىدىكى يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى بىلىپتۇ.

يەل ھارۋا بىلەن ئۆرە تۇرار،
ئەر كىشى ئەل بىلەن ئۆرە تۇرار.

يورۇق ئايدىمۇ داغ بار.

يوشۇرۇن ئۆچقۇن ئوتتىنمۇ يامان.

يول ئادەمنىڭ پۇتىنىڭ ئاستىدا.

يول ماڭساڭ تۇزدە ماڭ ئۇزۇن بولسىمۇ،
خوتۇن ئالساڭ قىزنى ئال سەت بولسىمۇ.

يولۋاس ئىزىدىن قايتماس،
يىگىت سۆزىدىن (قايتماس).

يولۋاسنىڭ ساغرىسىنى سىلاش ئۇچۇن ئاۋۋال خۇيىنى بىل.

يولى باشقىنىڭ نىيىتى باشقا.

يولىمۇ بار،
يېرىمۇ بار.

يۈرەك يۈرەكنى تونۇيدۇ.

يۈرەكتە بولسا بىلەكتە بىلىنەر.

يۈرەكتىن چىققان سۆز يۈرەككە ياقار.

يۈرەكتىن چىققان كۈلكە ئۆمۈرنى ئون يىل ئۇزارتىدۇ.

يۈرگەن بىلمەس، تاپقان بىلەر.

يۈزلۈكلەرنىڭ نۇختىسى يوق.

يۈزۈڭنى كۆزۈڭ كۆرەلمەس.

يۈزى تۈتۈق، قولى ئوچۇق.

يۈزى يۈزىگە چۈشىدۇ،
مېھرى كۆزىگە (چۈشىدۇ).

يۈزىدىكى كىر كېتەر،
كۆڭلىدىكى كىر كەتمەس.

يۈزىگە توپا چاڭ قونسىمۇ،
قەلبىگە كىر قونماپتۇ.

يۈگىنى يوق ئات ئۆلۈمگە يېقىن.

يېرىم چېلەك سۇ بەك شالاقشىيدۇ.

يېرىم كۈننىڭ يېنىشى يوق.

يېغى تۈگىسە، دۈغى قالار.

يېگەن بىلمەس،
تاپقان بىلەر.

يېگەن تاياق ئۇنتۇلار،
ناھەق ئىزا ئۇنتۇلماس.

يېگەن تىل باغلىنار.

يېگەن كۆرۈنمەس،
كىيگەن كۆرۈنەر.

يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماپتۇ.

يېڭى ئىش سۆز - چۆچەككە ماۋزۇ.

يېنىڭدا كىم بولسا چىرايلىقمىڭ شۇ،
بېشىڭنى كىم سىيلىسا ماشايىخىڭ شۇ.

يېيىشى كېپەك،
كىيىشى يىپەك.

يىپ ئۈزۈلسە ئۇلىغىلى بولۇر،
كۆڭۈل ئۈزۈلسە ئۇلىغىلى بولماس.

يىتكەن مالنىڭ سېپى ئالتۇن.

يىقىلغاننى يەر كۆتۈرەر،
تىرىلگەننى ئەل (كۆتۈرەر).

يىقىلماس پالۋان يوق،
يېشىلمەس تۈگۈن (يوق).

يىگنە كۆزىدەك تۆشۈكتىن تۆگىدەك سوغۇق كىرەر.

يىلاننىڭ پۇتى ئىچىدە.

يىلاننىڭ تۆشۈكى تۈز،
ئۆزى ئەگرى.

يىلاننىڭ زەھىرى ئۆزىگە تەسىر قىلماس.

يىلتىزى ئاچىز دەرەخ قۇرۇيدۇ،
مېڭىسى ئاچىز ئادەم تۇزۇيدۇ.

يىلقا كىشنەشكۈچە،
ئادەم سۆزلەشكۈچە.



# قىياسىي ئىبارىلەر، سىلىشتۇرۇشلار ۋە دارىتما مەزمۇنلار توغرىسىدا

# ئا

ئاپتاپ تۇرۇپ يامغۇر يېغىپتۇ ،
كۇلۇپ تۇرۇپ جېدەل تېرىپتۇ .

ئاپتاپ كۆرمىگەننىڭ ئۆمرى كوتا .

ئاپتاپ نەگە چۈشسە دولىسىنى شۇ يەرگە قاقلاپتۇ .

ئاپتاپ يەرنى تاۋلايدۇ ،
ئەمگەر ئەرنى (تاۋلايدۇ).

ئاپتاپتا كۆيگەن كۇندىن قورقماس .

ئاپتاپپەرەس ئايغىمۇ باقار .

ئاپتاپپەرەس كۈنگە باقىدۇ .

ئات ئاتنى ساقلايدۇ ،
ئاچ ئاچنى (ساقلايدۇ) .

ئات ئارپا يېسە ،
ئېشەك قۇلاق ساپتۇ .

ئات بولسا يۈلتۈزنىڭ كېرىكى نېمە ؟

ئات بىر قىلىقى يات .

ئات تاپقاننى ئېشەك يەپتۇ .

ئات تەپكەنگە ئات چىدايدۇ ،
ئېشەك تەپكەنگە ئېشەك (چىدايدۇ) .

ئات جەڭگە يارالغان .

ئات قۇيرۇقى بىلەن ماختىنار ،
ئېشەك قۇلىقى بىلەن (ماختىنار) .

ئات كالپۇكلۇق بولۇر ،
ئادەم بۇرۇتلۇق (بولۇر) .

ئات ھېرىپ قالسا، بىر پىچاق ،
ئېشەك ھېرىپ قالسا بىر چۆچەك قوناق .

ئات ئورۇق ،
يوللار يىراق .

ئات ئويناقلىسا ،
ئېشەك چىچاڭلاپتۇ .

ئات ئورۇق بولسىمۇ ،
يېغىر بولمىسۇن .

ئات ئۆلسە تايچاق قوپار ،
كالا ئۆلسە، تورپاق (قوپار) .

ئات ئۆلسە ئىتنىڭ تويى بولىدۇ .

ئات ئېغىنىغان يەردە تۈكى قالىدۇ .

ئات ئېگىرى ئېشەككە ياراشماس .

ئات ئىگىسىنى تونۇيدۇ .

ئات ياتقا كىشنىمەس .

ئات يەمگە ئامراق .
بۆرگە نەمگە ئامراق .

ئات يۆتەلسە، ئوقۇر سال ،
كالا يۆتەلسە پىچاق سال .

ئاتتىن قورقساڭ، يېقىن كەلمە .

ئاتنى تەپمەيدۇ دېمە ،
ئىتنى چىشلىمەيدۇ دېمە .

ئاتنى ئۆز كۆرسەتكەن قۇلىقى بىلەن قۇيرۇقى ،
ئېشەكنى ئۆز كۆرسەتكەن تۇيىقى بىلەن قونىقى .

ئاتنىڭ بىگىسىنى سايدا كۆر ،
ئېشەكنىڭ بىگىسىنى لايدا كۆر .

ئاتنىڭ پۇتىغا چورۇق توشۇماس .

ئاتنىڭ تەپكىنى ھار كەلمەس ،
ئېشەكنىڭ تەپكىنى ھار (كېلەر) .

ئاتنىڭ زىننىتى — ئېگەر- توقۇم .

ئاتنىڭ سۆلتى يالىسىدا ،
خورازنىڭ سۆلتى تاجىسىدا .

ئاتنىڭ كىشنىمەيدىغىنى يوق ،
ئىتنىڭ چىشلىمەيدىغىنى (يوق) .

ئاتنىڭ نوچىسى ساراڭقېلىش ،
نانىنىڭ نوچىسى پېتىرچېلىش .

ئاتنىڭ ئۆلۈمى ئېشەككە توي .

ئاتنىڭ يامىنى تايچاق ،
يولنىڭ يامىنى تايغاق .

ئات — ئەر كىشىگە قانات .

ئاجىز ئېشەككە يوغان تاغار .

ئاچ بولساڭ، نان چۇشەيسەن .

ئاچ بۆرە چوپاندىن قورقماس .

ئاچ قورساقتا مۈزدەك سۇ .

ئاچ ئىت تاياقتىن قورقماس .

ئاچ ئىتنىڭ چۈشىگە سۆڭەك كىرەر .

ئاچنىڭ چۈشىگە ئاش كىرەر .

ئاختارمىلىقتىن چالما تېپىلماپتۇ .

ئادەم قۇلاقتىن، ھايۋان تۇياقتىن سەمرىيدۇ .

ئارپا جامدا پۇل ،
كۆمۈر كاندا پۇل .

ئارپا ناندىن گىردە ياخشى ،
بىكار گەپتىن جىگدە (ياخشى) .

ئارپا نېنى يەللىك ،
ئوسۇرتىدۇ ئەللىك .

ئارتۇقنى ئەل ئالسۇن ،
قالغىنىنى سەل (ئالسۇن) .

ئارزۇغا ئەيىب يوق .

ئارسلان ھۆركىرىسە ،
ئات ئايىغى قېتىپ قاپتۇ .

ئازگال سۇ ئىچكۈچە ،
دۆڭ يەر نەم تارتىپتۇ .

ئازنىڭ سېزى بار ،
كۆپنىڭ مېزى .

ئاساۋ ئات ئادەم ئۆلتۈرەر .

ئاستا ماڭغانمۇ ماڭغان .
توختاپ قالغان يامان .

ئاقسۇدا گۆش بولسا ،
بىر كۈن مېھمانغا ياراپتۇ .

ئاسمان قوزۇققا ئېسىلىپ قاپتۇ .

ئاسماندا قاغا ئۇچسا يېغىر ئېشەك بىلىنى ئېگىپتۇ .

ئاسمانغا تاش ئاتسا ماش چۈشۈپتۇ .

ئاسماننىڭ كۆزى بولسا، يەرنىڭ قۇلىقى بار .

ئاش ئۆتنە ،
ئىش لاپقۇت .

ئاغمىخاننىڭ توخۇنى يوقلىشىدا ياخشى نىيەت يوق .

ئاغمىخان باشقا ئالته تاياق .

ئاق تېرەككە چالما ئاتسام ،
قارا سۆگەتكە تو كەتتى .

ئاق قۇشقاچمۇ بالام دەيدۇ .

ئاق ئېشەك ئايدىڭدا كۆرۈنمەس .

ئاق ئىت كەلسە قارا ئىتمۇ كېلەر .

ئاق ئىت، كۆك ئىت ،
ھەممىسى بىر ئىت .

ئاقچىنى ئالساڭ كۆكچىنى قوي ،
خەمىكىنى ئالساڭ پېلىكىنى (قوي) .

ئالا توخۇ ئاسماندا ئۇچسىمۇ ،
ئۆز ئەيىبىنى ياپالماس .

ئالا ئۆچكىنى يامان دەپ ،
تاز ئۆچكىگە تۇتۇلۇپتۇ .

ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق .

ئالەمنى سۇ باسسا، ئۆردەككە خاپىلىق يوق .

ئالتە ئۆچكە مال بولماس ،
ئۆلسە ھېچ نەرسىگە دال (بولماس) .

ئالتە ئۆچكىگە يەتتە تېكە ،
بىرى ئىشلەيدۇ، قالغىنى بىكار .

ئالتۇن ئالسام جا چىقتى ،
قارچىغا ئالسام سا چىقتى .

ئالتۇن قىشىدا كۈمۈش ،
قازان بېشىدا چۆمۈچ .

ئالتۇن ئۆزۈككە ياقۇت كۆز .

ئالدىدا يالى يوق ،
كەينىدە قۇيرۇقى يوق .

ئالدىرىساڭ، ئاش ئىچىپ بىرەي ،
ئالدىرىمىساڭ ـــ چاي .

ئالدىرىساڭ، قونۇپ قال .

ئالدىغا داجىپ جاۋەننى ئۆزۈپتۇ ،
كەينىگە داجىپ قۇشقۇننى (ئۆزۈپتۇ) .

ئالما دەرىخىدىن نىرى چۈشمەيدۇ .

ئالما دىسە چالما دەپتۇ .

ئالما قىزىل ئەمەس، پوست قىزىل .

ئالىقانغا تۈك ئۈنمەس .

ئانا قۇشقاچ پاتقان يەرگە بالا قۇشقاچ پاتماپتۇ.

ئۇيغۇر كىتابلىرى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئانار چۆلدە ئوخشايدۇ ،
ئەنجۈر كۆلدە (ئوخشايدۇ) .

ئانار ئۇرۇقى بىلەن ،
قۇياش يورۇقى بىلەن .

ئانىسى تەپكەن قۇلۇننىڭ جېنى ئاغرىماس .

ئاۋۋال تاغ چۆرگۈلەر ،
ئاندىن باغ چۆرگۈلەر .

ئاي بۇلۇتتىن قورقىدۇ ،
ياغاچ قۇرۇتتىن (قورقىدۇ) .

ئاي چىقسا ئالەم كۆلەر .

ئاي دېسە ئاي ئەمەس .
كۈن دېسە، كۈن ئەمەس .

ئايغىر قاچسا، ئۇيۇردىن تاپ .

ئايىنىڭ ئونبەشى قاراڭغۇ، ئونبەشى ئايدىڭ .

ئە

ئەجىلى يۇتكەن قاغا ،
قارچىغا بىلەن ئوينار .

ئەجىلى يەتكەن كېيىك ئېدىرغا چىقار .

ئەركەك ئىت قانجۇقنى تالىماس .

ئەسكى تامغا جىن ئامراق ،

ئەسكى تۈگمەندە جىن ئوينار .

ئەسكى چاپانغا سۆسەر ياقا .

ئەسكى ئۆتۈك پۇتنى غاجار ،
پۇچۇق قوشۇق ئېغىزنى (غاجار) .

ئەسكىدىن جىن قورقىدۇ .

ئەگرى ئۆسكەن دەرەخ ،
كەسمىگۈچە تۈزەلمەس .

ئەگرى ياغاچمۇ كۆيۈۋېرىدۇ .

ئەگرىنى ئىشارەت بىلەن رۇسلىغىلى بولماس .

ئەگرىنىڭ سايىسىمۇ ئەگرى .

ئەلچىلىككە كەلگەن تۇلكىدىن ۋاپا كەلمەس .

ئەنجۇرنىڭ هارام شېخى يوق.

ئۇيغۇر كىتابلىرى

# ب

باراڭ لازىم ئەمەس، قاپاق لازىم .

بارمايمەن دېگەن تۇگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ .

بازار چاقىقانىنىڭ ،
ئۆچكە باققانىنىڭ .

بازغان بولساڭ ئۇرۇپ باق ،
سەندەل بولساڭ چىداپ باق .

باش يېرىلسا، بۆك ئىچىدە ،
قول سۇنسا، يەڭ ئىچىدە .

باغقا كىرگەن ئالما كۆرىدۇ ،
چۆلدە يۈرگەن سالما (كۆرىدۇ) .

باغلاقلىق ئىت ئۇۋغا يارىماپتۇ .

بالىلىرى تۆشەكتە ،
يەم بولۇپتۇ مۈشۈككە .

بايتال سەپەرگە ماڭسا ،
تايچاق ئويۇنغا ماڭار .

بايتال بەيگىگە يارىماس .

بايتال ئۆلسە قۇلۇن ياش ،
قۇلۇن ئۆلسە كۆزۈڭ ياش .

بايتالنى بەيگىگە سالسا، ئالدىنى بەرمەپتۇ .

بايتالنىڭ يامىنى ئىككى ئايغىرنى تېپىشتۇرار .

بەدەنگە چاپاندىن كۆڭلەك يېقىن .

بەرمىگەن قوناقنى يېمىگەن قوتۇر .

بورا گىلەمنى سۆرەپتۇ .

بوران بولسا ئارام يوق ،
يامغۇر ياغسا توزان (يوق) .

بوراننىڭ ئالدى تىنچىق، كەينى يامغۇر .

بورىنى تارتساڭ كىگىزنى سۆرەپ چىقار .

بوش تاغار ئۆرە تۇرماس .

بوش تۇتسا قېچىپ كېتەر ،
چىڭ تۇتسا مىجىلىپ كېتەر .

بوش ياغاچنى قۇرۇت يەيدۇ.

بوغۇزلايمەن دېسە، قۇشقاچمۇ تېپىرلايدۇ .

بوغۇزنى پۈتۈن يېسە ئايىغىدىن تۈتۈن چىقار .

بوغۇم يوق يەردىن پۈتاق چىقمايدۇ .

بولسا ھورى چىقىدۇ ،
بولمىسا شورى (چىقىدۇ) .

بولۇشلۇق موزاي پوقىدىن مەلۇم ،
بولۇشلۇق زىرائەت كۆكىدىن (مەلۇم) .

بولۇمسىز بولۇپ بەردى ،
پۇت ـ قولىنى قويۇپ (بەردى) .

بوينى تۆگىدىن سوراڭ ،
ساقالنى ئۆچكىدىن (سوراڭ) .

بويىندا ئىللىتى بولسا، ئايىغى سىرقىرار .

بويۇن بولسا بويۇنتۇرۇق تېپىلار .

بويۇن گۆشى ئوبدان گۆش ،
يېيىشكە ئەپسىز ئويمان گۆش .

بويۇننى قىل كەسمەس، قىلىچ كېسەر .

بۇ ئالەم سەۋەب ئالەمى.

بۇرۇتقا چاڭگا تىزىپتۇ.

بۇرۇتۇمنى يېگەندە ئاپتۇ .

بۇرۇن ئوت كۆيگەن ئوچاقنىڭ سىرىق توپىسى كەتمەس.

بۇزۇق چىغرىققا ھۆل كېۋەز ئۇچراپتۇ .

بۇغداي قورقار چىملىقتىن ،
قوناق قورقار جىملىقتىن .

بۇغداينى دەپ بۇيىنىمۇ سۇغىرىدۇ .

بۇغداينىڭ باھانىسىدا قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ .

بۇقا مۆرەيدۇ ،
قۇيرۇقى تىترەيدۇ .

بۇقىنى ھۆركىرەتكەن چاترىقىدىكى ئىككى تېشى .

بۇقىنىڭ قامىتىگە ئىشەنگەن قەددىنى ئېگەر .

بۇلاق يېرىقىنى ئىزدەر ،
قۇشقاچ تېرىقىنى (ئىزدەر) .

بۇلبۇلمۇ چۆلدىن بوستانغا ئۇچار .

بۇلبۇلنى ماختىمىساڭمۇ سايرايدۇ.

بۆلۇتسىز يامغۇر ياغماس .

بۆيىنىڭ ئۇچىمۇ بۇيا ،
تۇۋىمۇ بۇيا .

بۆدۈنىنىڭ ماكانى يوق ،
نەگە بارساڭ ۋىتۋالداق .

بۆدۈنىنى تۇتۇپ بەرگەن ــ «ۋىتۋىلداق» .

بۆرە ئاچ قالسا گۇناھىنى قويغا ئارتىدۇ .

بۆرە بالىسى تاغقا قاراپ ھۇۋلايدۇ .

بۆرە بالىسى تۇلكە بولماس .

بۆرە بوراندا سەگىيدۇ .

بۆرە بىلەن تۇلكە بىرلەشسە ،
ئالداپمۇ يەيدۇ، بۇلاپمۇ يەيدۇ .

بۆرە تاپسا ئورتاق يەر ،
قاغا تاپسا دەرەخ بېشىدا (يەر) .

بۆرە چۈشىدىمۇ قوي چۈشەيدۇ .

بۆرە دوستىغا قەست قىلماس .

بۆرە سەمرىسىمۇ قوي يەيدىغان خۇيى ئۆزگەرمەيدۇ.

بۆره قاتزىنى تېرىسى بىلەن تۆلەيدۇ .

بۆره قېرىسا ئىتلىقى بار .

بۆره قېرىسا ئىتنىڭ كۈلگۈسى كېلەر .

بۆره قېرىسنى ئالدايدۇ .

بۆره كەينىدىن قاغا تۇتۇپتۇ .

بۆره مىڭغا تەگمەي، بىرىگە تېگەر .

بۆره هۇۋلىمسا، قويلار قوتۇر بولۇر .

بۆره ئۇۋىسىدىن چىقىشتىن ئاۋۋال «خەتمىقۇرئان» قىلارمىش.

بۆره ياردۇ، قۇزغۇن تويىدۇ .

بۆره يۇڭىنى پاخپايتىپ ،
ئورۇقلۇقىنى بىلىندۇرمەس .

بۆره ياغدا ياخشى ،
خورەك باغدا (ياخشى) .

بۆرىدىن قورققان جاڭگالغا بارماس .

بۆرىدىن قۇتۇلۇپ ،
يولۋاسقا تۇتۇلۇپتۇ .

بۆرىگە پەتە كەلسە، قوزىنى يەپ تۈگىتەر .

بۆرىنى ئايىساڭ قويۇڭغا زىيان .

بۆرىنى ھەرقانچە ياخشى باقتىڭمۇ ،
يەنىلا بىر كۆزى جاڭگالدا .

بۆرىنىڭ ئاغزى يېسىمۇ قان، يېمىسىمۇ قان .

بۆرىنىڭ بالىسى ھامان بۆرە .

بۆرىنىڭ تىلىنى بۆرە بىلەر .

بۆرىنىڭ خىرىس قىلىشىدىن ،
تۈلكىنىڭ ھىجىيىشى يامان .

بۆرىنىڭ قازىنى يوق ،
خام يەپ ئۆلگىنى (يوق) .

بۆرىنىڭ قوي يېيىشى قويىنىڭ گۇناھكارلىقىدىن ئەمەس.

بۆرىنىڭ قۇلىقى ئۇۋدا .

بۆرىنىڭ قېرىسىمۇ يەنە بىر قوي يەيدۇ .

بۆرىنىڭ نەپسى يامان ،
تۈلكىنىڭ ھىيلىسى (يامان).



ئۇيغۇر كىتابلىرى www.uyghurkitap.com

بۆكەن مەست بولۇپ كەتسىمۇ ،
قاپلاننىڭ ئىزىنى پەرق قىلالايدۇ .

بۈركۈت پەرۋاز قىلسا قاغىنىڭ ئوغىسى قاينايدۇ .

بۈركۈت قېرىسا چاشقان ئالۇر .

بۈركۈت قېرىسا قاغا ئىگىلىيەلمەس .

بۈركۈتتىن سارمۇ تۇغۇلىدۇ .

بېدە ئاتنىڭ ئوزۇقى ،
توپا ـ سامان دوزىخى .

بېدىنى بېدە بىلەن باغلا ،
تۆمۈر ئەسۋابنى ياغاچ بىلەن سايلا .

بېشىڭ قاتسا، تامغا ئۇس .

بېلىق تۇتۇشنى بىلمىگەن سۇنى بۇلغاپتۇ .

بېلىق چىقماس قىرغاقتا ،
ئىلىنمىسا قارماقتا .

بېلىق دەريادا سۇغا تەشنا .

بېلىق سازاڭغا ئالدىنار ،
كەكىلىك دانغا (ئالدىنار).

بېلىق سۇدا ،
پاقا كۆلدە .

بېلىق سۇغا تارتىدۇ ،
توشقان سايغا تارتىدۇ .

بېلىق شاش بولسىمۇ سۇدىن چىقماس .

بېلىق كۆلدە ياشايدۇ ،
قۇش كۆكتە (ياشايدۇ) .

بېلىقمۇ دەريادا ئەركىن .

بېلىقنىڭ ئۆزى سۇدا ،
كۆزى تاشقىرىدا .

بىر بۇزۇلغان ئۈچ بۇزۇلار .

بىر پۇلغا ئەرزان ،
تۆت پۇلغا قىممەت .

بىر تاختا قوغۇننى بىر پۇل قىپتۇ .

بىر تاغدا ئىككى يولۋاش ياشىيالماپتۇ .

بىر تۇلكىنىڭ شۇملۇقىدىن ،
مىڭ توقايغا ئوت كېتىپتۇ .

بىر چاشقان بىر قازان ئاشنى بۇزۇپتۇ.

بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇپتۇ .

بىر خورازنى يەتتە قاسساپ سويماس .

بىر داندىن مىڭ دانە چىقار .

بىر شاتراق موزاﻱ پادىنى بۇلغار .

بىر قىنغا ئىككى پىچاق سىغماس .

بىر كۆكتە ئىككى ئاي بولماس .

بىر كۈپ سۈنغۈچە ئون كوزا سۇنۇپتۇ .

بىر مۇدۇرگەن ئون مۇدۇرەر .

بىر مۈشۈكنى ئۆلتۈرسەڭ ،
مىڭ چاشقاننى قوغدايسەن .

بىر ئۇۋىسى تېرەكتە ،
بىر ئۇۋىسى يۆلەكتە .

بىر ئىت شەپىگە قاۋىسا ،
ئون ئىت ئەگىشىپ قاۋاپتۇ .

بىر ياغاچتىن ئوقلۇقمۇ چىقار، پوقلۇقمۇ چىقار .

بىر يولۋاسنىڭ ئۆلۈكى مىڭ تۈلكىنى تويدۇرار .

بىر يىل تېپىپ ،
بىر ئاي يەپتۇ .

بىر يىلان يۈز ئۆچكىنى تىنچىتماس .

بىردىن ئىككى ياخشى ،
قۇرۇق گەپتىن جىگدە ياخشى .

بىرسى باغ دېسە ،
بىرسى تاغ دەپتۇ .

بىرنىڭ قويۇقى ،
بىرنىڭ سۇيۇقى .

بىرى چوقۇسا، بىرى نوقۇپتۇ .

بىرگە جان قايغۇسى ،
بىرگە نان (قايغۇسى) .

بىرنىڭ ساقىلى كۆيسە ،
بىرى قولۇمنى ئىسسىتىۋالاي دەپتۇ .

بىكار ئېشەككە توقۇم توقۇپتۇ .

بىگانە تۇپراق ــ دىۋانە تۇپراق .



ئۇيغۇر كىتابلىرى ئاخباراتى www.uyghurkitap.com

## پ

پاتقاقتىن قۇتۇلۇپ، سازلىققا كىرىپ قاپتۇ .

پاتمىچۇقنىڭ كېلەر بولۇشىغا مىڭ يىل كېتەر .

پاختەكتە بار كۆڭۈل توغايدىمۇ بار .

پاشىنىڭ ئۈۋىسى يوق.

پاقا ئۆكۈز بىلەن تەڭ بولىمەن دەپ يېرىلىپ كېتىپتۇ .

پاقا يوقالسا كۆلگە ئارام .

پاقىغا چىنە قۇيرۇق بېرىپتۇ .

پالتا كۆتۈرگۈچە ،
كۆتەك دەم ئاپتۇ .

پوقنى ئوسۇرۇق بىلەن باستۇرۇپتۇ .

پوقىغا بىگىز ئۆتمەس .

پۇتى كۆيگەن توخۇدەك.

پۇل بالىلىغاندا دىيانەت گۆرۈگە قويۇلىدۇ.

پىلەك يۈزى كۆرمىگەن،
خەمەك يۈزى كۆرمەس.

پىلەككە ئالدىنىپ خەمەكسىز قاپتۇ.

پىت سەمرىسە، ئىت ئورۇقلاپتۇ.

پىتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا تاشلاپتۇ.

پىتىنىڭ ئۆچىيىگە ھېسىپ قۇيۇپتۇ.

پىچاق قىنىدىن قىممەت.

پىچاقنى بىلىمىسە دات باسار.

پىچاقنىڭ ئىتتىكى سۇدىن ئۆتۈپ لايدا توختايدۇ.

پىچىۋېتىلگەن مالنى كۆندۈرۈش ئاسان.

پىشقان قاپاق تورلىشىدۇ،
يەر بۇزۇلسا شورلىشىدۇ.

پىشقان مېۋە شېخىدا تۇرماس.

پىشقان نانىنىڭ كۆيۈكى يامان.
پىشماس ئاشنىڭ ئوتى كۆيمەس.

پەشمىغان ئاشتىن خام كاۋا ياخشى.

## ت

تاخ دېگىلى توخۇسى يوق،
پەش دېگىلى مۇشۇكى (يوق).

تادان توشقاننىڭ ئۇۋىسى ئۈچ.

تادان تۈلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنار.

تارازىنىڭ پەللىسى جىڭ،
تېشى جىن.

تاراق - تۇرۇق ئەرۋالا،
ئەجىر قىلىپ نان يەلا.

تاز باشقا يېشىل دوپپا.

تاز ئۆچكە مۈڭگۈز تىلەپ ئوغلىقىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ.

تاسما يېگەن ئىت ئۆلگۈچە خۇيىنى تاشلىماس.

تاش يەپ قۇم چىچىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاشتىن يالتايغان پالتا،
داشقالدا سۇنار.

تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز.

تاشنى ئەزسە قۇم بولۇر،
تۆمۈرنى سوقسا قىل (بولۇر).

تاغ بولۇپ باغ بولمىسا بىكار،
قوي بولۇپ ياغ بولمىسا (بىكار).

تاغدا تۈزلۈك يوق،
سايدا دۆڭلۈك (يوق).

تاغقا چىقماقتىن چۈشمەك قىيىن.

تاغقا چىقماي ئۆلاي يوق.

تاغقا چىقىش ئاسان، چۈشمەك تەس.

تاغنىڭ كەينىدە تاغ بار.

تاڭ ئاتمايدىغان كېچە يوق،
ياغ چىقمايدىغان قىچا يوق.

تال غولى دەم بولماس.

تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپتۇ.

تاللاپتۇ، تاللاپتۇ،
ئاخىر قالماپتۇ.

تاللىماي ئارغامچا ئەشسەم،
باغلىماي ئۈزۈلدى.

تام تېشىپ تېرىق ئاپتۇ،
مۈز تېشىپ بېلىق (ئاپتۇ).

تامچە زەھەر دەريانى بۇلغار.

تامچە سۇ تاشنى تېشەر.

تامچە سۇدا تال كۆكىرەر.

تامغىلىق مال يوقالماس.

تامنى زېدە قىلغان قوزۇق ئەمەس.

تاياق ئېيىقنىمۇ موللا قىلىدۇ.

تەپكەك ئېشەكنى ئۇرساڭمۇ تېپىدۇ.

تەپكەكنىڭ تۇيىقى بار،
ئۇسكەكنىڭ مۈڭگۈزى (بار).

تەتۈر ئۆرۈگىنى بولمىسا، بايىقى قاپ.

تەسكەيدە قار ئۆكسۈمەس.
توختام سۇدا تۆگمەن چۆرگۈلمەس.

تـوختـىسا ھەرىكەت،
تۆگـەيدۇ بەرىكەت.

توخۇ بىر كىچىە ياتقان يېرىگە ئۆگىنەر.

توخۇ بىر كېچىدە مىڭ چۈش كۆرۈپتۇ.

توخۇ بىلدۈرمىسە، چۈجىسى بىلدۈرمەپتۇ.

توخۇ توڭغانچە قونداقنىڭ يۇقىرىسىغا چىقىدۇ.

توخۇ تويماس،
كۆرگەننى قويماس.

توخۇ تىرنىقى پاتقان يەرنى كولايدۇ.

توخۇ چۈشىدە تېرىق كۆرەر.

توخۇ چىللىمىسىمۇ تاڭ ئاتىدۇ.

توخۇ داڭگال چۈشەپتۇ،
ئوتۇنچى جاڭگال (چۈشەپتۇ).

توخۇ داڭگال چۈشەيدۇ،
ئۆچكە جاڭگال (چۈشەيدۇ).

توخۇ قونداقتا چىقسا ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ.

توخۇ كۆنگەن جايغا تۆخۇم تۇغىدۇ.

توخۇ ئۇچسا تامغا قونىدۇ،
لاچىن ئۇچسا تاغقا (قونىدۇ).

توخۇ ـ توشقان مال ئەمەس،
كاۋا ـ قاپاق تال ئەمەس.

توخۇلارمۇ كۆلۈپ كېتەر.

توخۇنىڭ تاغىقى يوق،
بازارچىنىڭ باغىقى (يوق).

توخۇنىڭ چۆشىگە تېرىق كىرىپتۇ.

توخۇنىڭ غېمى بىر چاڭگال دان.

توخۇنىڭ نوختىسى يوق،
ئىتنىڭ قوتىنى (يوق).

تورپىقنىڭنى كىچىك دېسەڭ،
يوغان تاغار ئارتىپ كۆر.

تورغاي يەردە يېتىپ ئاسماننى تېپىپتۇ.

تورغاينىڭ جەننىتى يانتاق تۈۋىدە.

توشقان كالپۇكى پۇچۇق،
پۇچۇق جاينىڭ چىشى يوق.

توشقان هارۋا سۆرىيەلمەيدۇ،
بۆرگە يوتقان كۆتۈرەلمەيدۇ.

توشقان ئۆلسە،
تۆگە هازا ئېچىپتۇ.

توشقانغا يېتەي دېگەندە،
ئىتنىڭ سىيگۈسى كەپتۇ.

توق مۈشۈك چاشقان بىلەن ئوينايدۇ.

تولا قاقاقلىغان توخۇ تۇخۇمنى ئوغرىغا بېرىپتۇ.

تويغان قۇش ئېگىز ئۇچار.

«تۈر»، «تۈر» كۆپ بولسا،
ئۇيقۇدا مەززە يوق.

تۈرسا قوغلاپتۇ، قاچسا قارىماپتۇ.

تۈرنىدىن قاراۋۇل قويساڭ،
ئۆگزەڭدىن قۇش كەتمەس.

تۇغۇلمىغان موزايغا قوزۇق قېقىپتۇ

تۆگە بوتىلاق چۇشەيدۇ،
ئۆچكە ئوغلاق (چۇشەيدۇ).

تۆگە پاتقان يەرگە ئادەم پاتماس.

تۆگە تاپىنىدا خامان يۇمشىماس.

تۆگە تالغا تويماس،
سودىگەر مالغا (تويماس).

تۆگە تويۇپ سەكرەيدۇ،
ئاچ توڭۇپ سەكرەيدۇ.

تۆگە تۇمشۇقىدىن،
بۆرە ئوشۇقىدىن.

تۆگە چۆككەن يەردىن ئورۇن چىقار.

تۆگە قۇيرۇقى يەرگە يەتمەس.

تۆگە قېرىغىنىنى بىلمەس.

تۆگە يىراققا قارايدۇ،
ئېشەك تۇيىقىغا (قارايدۇ).

تۆگىدەك قىز بېرىپ،
تۇگمىدەك گۆش يېدىم.

تۆگىدىن قانچىلىك يۇك كۆتۈرۈشنى سورىماي،
جەزلىكىنىڭ قانداقلىقىنى سورا.

تۆگىنى چۆچەكتە سۇغىرىپتۇ.

تۆگىنىڭ ئەقلى بولسا يانتاق يېمەس.

تۆگىنىڭ بىر پاچىقى توپاقچە بار.

تۆگىنىڭ قەھرى قىرىق يىلدا چىقار.

تۆگىنىڭ مەستلىكى تۇتسا، خۇدىنى بىلمەس.

تۆمۈرچىنىڭ پالتىسى يوق.

تۆمۈرنى كۆيە يامايدۇ.

تۇزەش ئۇچۇن بۇزۇش كېرەك.

تۇگمەن سۇدا چۆرگۈلەيدۇ،
دۇنيا پۇلدا چۆرگۈلەيدۇ.

تۇگمەنگە ئۇگۇت كەلگىنى ياخشى.

تۈلكىجاننى يوغىناتقان يولۋاسكامنىڭ ھەيۋىسى.

تېرەك ياراتمىغان شورلۇق توغراققا ماكان.

تېرەكتىن شاپتۇل تەمە قىپتۇ.

تېرىسىدە داپ ئېتىمەن،
سۆڭىكىدە ساپ (ئېتىمەن).

تېرىق تۆلۈمدىن قورقىدۇ،
شامال بۇلۇڭدىن (قورقىدۇ).

تېزىنى باسا مېزى چىقىپتۇ.

تېكە بولسىمۇ سۈت بەرسۇن.

تېكە سەمرىسە سۈيدۈك چاچار.

تىرىكى بىرنى ئۆلتۈرسە،
ئۆلۈكى مىڭنى ئۆلتۈرەر.

تىرىكى نانغا،
ئۆلۈكى خامغا.

## ج

جابدۇقى خىل بولسا ئىگىسى لاپ ئۇرار.

جاڭگالدا ھاڭرىغان ئېشەك،
شەھەردە ھاڭرىيالماپتۇ.

جاڭگالغا ئوت كەتسە،
ھۆل - قۇرۇق ئوخشاش كۆيەر.

جاڭگالنىڭ بۆرىسى بار،
تاغنىڭ يولۋىسى (بار).

جاھان تۈزەلمىگۈچە يامان تۈزەلمەيدۇ.

جاھان كۆرگەن — زامان كۆرگەن.

جاھانغا پاتمىغان گۆرگە پاتار.

جاھاننىڭ شامال ئۆتكۈزمەيدىغان تېمى يوق.

جايىغا چۈشكەن چاقماق جاننى يايرىتار.

جەرەن تېرىسى كۆن بولۇر، چەم بولماس.

جۈت كەلسە ئىتنىڭ تويى.

جۇۋاز ئات بىلەن ياخشى،
تۈگمەن سۇ بىلەن (ياخشى).

جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا.

چ

چاپاننىڭ ئالدى پېشى بۇرۇن يىرتىلار.

چاچنىڭ ئۇزۇنى ئۇلاق،
سۇنىڭ سۇزۇكى بۇلاق.

چارۋىچىنىڭ مېلى بار،
ئامبىلىنىڭ گېلى (بار).

چاسا ئولجا يۇملاق يانچۇقتا چۇشمەس.

چاشقان ئەرز يازسا،
مۇشۇك تەستىقلىماپتۇ.

چاشقان تۆشۈكتە،
كۆزى مۇشۇكتە.

چاشقان تۆشۈكىگە پاتمىسا،
قۇيرۇقىغا غەلۋىر باغلاپتۇ.

چاشقان قويغا مىنەر،
مۇشۇك تايغا (مىنەر).

چاشقان كۆپەيسە،
مۇشۇكنىڭ بازىرى چىقار.

چاشقان يېمەيدىغان مۇشۇك توق،
چاشقان كىرمەيدىغان تۆشۈك (يوق).

چاشقان يىغىپ بېرىپتۇ،
پاقا ئوسۇرۇپ بېرىپتۇ.

چاشقانغا تۇك چىققانچە تىترەيدۇ.

چاشقاننى هارۋىغا قاتسا،
تۆشۈككە تارتىپتۇ.

چاشقاننىڭ ئەرزى مۇشۇككە يېتىپتۇ.

چاشقاننىڭ كۆپىيىشى كاماردىن،
چىۋىننىڭ كۆپىيىشى خالادىن.

چاشقاننىڭ كۆزى ــــ دانلىق كوزىدا.

چاشقاننىڭ ئىشىدا مۇشۇك مېھمان بوپتۇ.

چاققانغا بار،
لايپۇسقا يوق.

چاقماق ئەگرى چاقىدۇ.

چاقىرسا ئىتى بار،
تۇتسا سېپى (بار).

چاڭقاقنىڭ چۈشى دەريا.

چالا تېۋىپ ئادەم ئۆلتۈرەر.

چامغۇرنى يۇلۇپ تاشلىسا ئورنى قالىدۇ.

چايناپ يېگەن لەززەتلىك،
كۆپ ئۆگەنگەن ئىززەتلىك.

چوڭ چۆگۈن قاينىغۇچە،
كىچىك چۆگۈن تېشىپ كېتىپتۇ.

چوڭ نان پىشقۇچە،
كىچىك توقاچ كۆمەچ بوپتۇ.

چوڭ ئېشەك سىغقان يەرگە تەخىيى سىغماپتۇ.

چولاق ئېشەك قۇلاق تىلەپ،
قۇيرۇقىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ.

چۆپ چۆرۈلسە پىشار،
ئۇگرە ئۆرۈلسە (پىشار).

چۈجە باققان توخۇنىڭ مەيدىسىنىڭ تۈكى يوق.

چۈجە خوراز بىلگىنىنى چىللايدۇ.

چۈجىسى جىق مېكىيان خورازدىن قورقماپتۇ.

چۈجىسى كۆپ مېكىيانغا دان يەتمەپتۇ.

چۈجىنىڭ شۇملۇقىدىن توخۇنىڭ ئەمچىكى يوق.

چۈش دېگەن — ئۇيقۇنىڭ پوقى.

چۈشكە نېمە كىرمەيدۇ،
دۈشمەن نېمە دېمەيدۇ.

چۈشىدە كۆيگەن كۆل بولۇر،
ئاققان يېشى كۆل (بولۇر).

چۈمۈلىگە بىر تامچە سۇ دەريا كۆرۈنەر.

چېچەكنىڭ ئېتى يامان،
قىزىلنىڭ يېلى (يامان).

چېچىكى چۈشسە غورىسى قالىدۇ،
چامغۇرنى يېسە ئۇرىسى (قالىدۇ).

چىراغ ياغسىز ئۆچەر،
يەر قىرسىز (ئۆچەر).

چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ.

چىشلىمەيدىغان ئىت يوق،
تەپمەيدىغان ئات (يوق).

چىۋىن تەگسە غىڭشىيدۇ،
كالتەك تەگسە جىم.

چىۋىن دېڭىزنى سۈمۈرىمەن دەپ،
چۈمۈلە تاغنى كۆتۈرىمەن دەپ زورۇقۇپتۇ.

چىۋىن شاھ بولسا،
سۈمۈرغ چاكار بولىدۇ.

چىۋىن قورۇغان يەرگە قونىدۇ.

چىۋىنلەر قوتۇرسا پىلنى يىقىتار.

## خ

خام بىلەن پىششىق بىر ئەمەس.

خام تاۋۇزنىڭ ئۇرۇقى كۆپ.

خەجلەيدىغان مىڭ پۇل بار،
خەجلىمەيدىغان بىر پۇل بار.

خەمەك پىلەكتىن يىراق چۈشمەيدۇ.

خەنجەر غىلاپسىز قالماس.

خوراز بىلگىنىنى قىچقىرىدۇ.

خىش قېلىپىدىن چىققاندىن كېيىن،
نېمىگە ئىشلەتسە بولۇۋېرىدۇ.

## د

داڭقانغا تاش تەگسە تەكچىگە دەز كېتىپتۇ.

دەرەخ بولمىسا ئەمەن ئەتىۋار.

دەرەخ جىم تۇرىمەن دېسە،
شامال جىم قويمايدۇ.

دەرەخ كەسكەن پالتىغا،
ياغاچتىن ساپ سالغان.

دەرەخ كېسىلسە قۇش توزۇيدۇ.

دەرەخ كېسىلسە كۆتىكى قالار.

دەريادا سۇنىڭ قەرزى يوق.

دەللە ـــ ئاغزىڭنى يەملە.

دورامچۇقنىڭ ئاغزى پۇچۇق.

دورامچىغا دو كەتتى،
ئەسكى چاپانغا ئوت كەتتى.

دورغا نەدە بولسا،
غوۋغا شۇ يەردە.

دوزاختا ئۆگەنگەن كۆڭۈل بېھىشكە كۆنمەپتۇ.

دوناي ياغاچ تانىغا چىقماپتۇ.

دۇتار تۈزەلگەندە تاڭ سۇزۇلۇپتۇ.

دۇنيا دېگەن قولنىڭ كىرى.

دۆڭنى تاغ دېمە،
ئازغاننى باغ (دېمە).

دۇمبەمنى چىشلىمەي مەيدەمنى چىشلە.

دۇمبىسى قىچىشقان ئىشەك جاڭگالغا بارار.

## ز

زاغرا نان قېتىقتا ياخشى،
قېرى كالا پېتىقتا (ياخشى).

## س

سا چۆجىنىڭ چۆكۈلدىشىغا خۇش.

ساتىراش باشقا قارايدۇ،
ياماقچى ئاياغقا (قارايدۇ).

سارايغا سالما ئۆۋۈلاپتۇ.

www.uyghurkitap.com

سازلىقنىڭ لېشى ــ بېلىقنىڭ ئېشى.

ساقال دېگەن ئۆچكىدىمۇ بار.

سالما ئۆلسە جىم بولۇر،
قۇيرۇقى سەكرەپ نېمە (بولۇر).

ساما ناغرا بىلەن،
قېتىق زاغرا بىلەن.

سانىڭ چوجىگە ئىچى ئاغرىماس.

سانىڭ مەقسىتى يېمەكتە ئەمەس، چوكۇلداتماق.

سايە كۆۋرۈك بولسا،
ئۇنىڭدىن بېرى ئۆتمە.

سايدىن تاش تېپىلماپتۇ،
ئاختارمىدىن چالما (تېپىلماپتۇ).

سەركە ئەقىللىك بولسا،
مالغا ئاپەت كەلمەس.

سەركە سۇ ئىچسە،
ئوغلاق توڭلاپتۇ.

سەككىز ئۆچكىگە سەكسەن تېكە.

سەھنىنىڭ ئالدى بازار، كەينى مازار.

سەۋەبسىز قىل تەۋرىمەيدۇ.

سەۋەبسىز ئىش بولماس،
ئىسپاتى يوق راست (بولماس).

سەۋەبسىز ئىش بولماس،
قېلىپسىز خىش (بولماس).

سوپى سەگەك كېلۇر،
سېخىي بەرگەك (كېلۇر).

سوقۇشتا قورققان خوراز تاپتىن چىقار.

سوقۇشتا قورققان خوراز، چىللاشتىن قالار.

سوقۇشقاق خوراز سەمرىمەس.

سويسا قوزى ئۆلىدۇ،
سويمىسا ئۆزى (ئۆلىدۇ).

سۇ سىقىمدا تۇرماس.

سۇ كەلگەندە ئېتىزغا،
ئاش كەلمەپتۇ ئېغىزغا.

سۇغا چۈشكەن يامغۇردىن قورقماس.

سۆگەت نوغا يارىماس،
لالما ئىت ئوۋغا (يارىماس).

www.uyghurkitap.com

سۆڭەك يەپ ئىت سەمرىپتۇ.

سۈزۈك بۇلاق ئۆز - ئۆزىنى تۈگىتىدۇ.

سېمىز قوي ئۆزىنى كانارىدا كۆرسۇن.

سېمىز كالا سۈغا كىرسە،
ئورۇق كالا پېتىققا كىرىپتۇ.

سېمىزنىڭ ئايىغى سەككىز.

سېھىرگەر سىرىنى يوشۇرالماس،
پۈچۈق بۇرنىنى (يوشۇرالماس).

سېھىرگەرنىڭ سېھرىنى دۇمباقچى بىلىدۇ.

سوغۇق كۆك ماڭقىدىن قورقىدۇ.

سىيىرنىڭ سۈتى ئاغزىدا.

## ش

شال تېرىغان يەردە پولۇ يوق.

شامال ئۆتۈشۈپ تۇرمىسا يارا قۇرۇماس.

شامال يەپ بوران كېكىرىپتۇ.

شامالنى قوغلاپ يەتكىلى بولماس.

شەھەردە كۆز كېرەك،
جاڭگالدا قۇلاق (كېرەك).

شەيتان بولمىسا، بازار قىزىماس.

شەيتاننىڭ نوختىسىنى ئۈزگەن بىغەرەز.

شىرنىڭ تۈكى يۇڭدالسا،
مايمۇنغا ئويۇن بولۇر.

غ

غالجىر ئىت چىشىنى كۆرسەتمەس.

غورا غورىنى كۆرسە ئالا بوپتۇ.

غۇنىچىنغا كەلگەن كۈن موزايغىمۇ كەپتۇ.

## ق

قاپاقنىڭ بالىسى نوگاي.

قاپمۇ تەك،
قاپچۇقمۇ تەك.

قاچقاننىڭ يولى بىر،
قوغلىغاننىڭ ــ مىڭ.

قارا قازاننىڭ ئېشى تاتلىق،
كېۋەزلىكنىڭ مېشى (تاتلىق).

قارا قاشلىقنىڭمۇ چىشى ئوتتۇز ئىككى.

قارا ئېشەكنىڭ تېزىكى ئىششىققا داۋا.

قاراڭغۇدا توخۇغا ھەممە نەرسە دان كۆرۈنەر.

قاراڭغۇنىڭ كۆزى يوق.

قارچىغا كۆڭۈلنى توق ئېتىدۇ،
ئېتالغا ئېتىكىڭنى پوق ئېتىدۇ،
لاچىن ئېتىڭنى يوق ئېتىدۇ.



www.uyghurkitap.com

قارچىغا ئېتەكنى پوق ئېتەر،
شۇمبۇيا پېلەكنى يوق ئېتەر.

قارچىغىنىڭ كۆزى كۆك، ئىلغۇدا گۆش يەيدۇ،
قاغىنىڭ كۆزى قارا، ئارقىدا پوق (يەيدۇ).

قارىغۇ ئاڭلىغىنىنى قويماس،
ساڭرۇ ــــ كۆرگىنىنى.

قارىغۇ تۇتقۇنىنى قويۇۋەتمەس.

قارىغۇ قاراڭغۇدا ياخشى كۆرىدۇ.

قارىغۇ قولىقى بىلەن كۆرىدۇ،
پاك كۆزى بىلەن.

قارىغۇ هاسىسىنى بىر قېتىم يوقىتىدۇ.

قارىغۇنىڭ قولىغا چۈشكەن يامان،
پاڭنىڭ ــــ ئاستىغا.

قارىغۇنىڭ قولىغا چۈشمە.

قاغىلار قاق ئېتىدۇ،
ئۆز كۆڭلىنى خۇش (ئېتىدۇ).

قارنى باشقىنىڭ قايغۇسى باشقا.

قارىغا قارا يۇقماس.

قارىغۇ چاشقان مۇشۇكنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەس.

قارىغۇنىڭ ئارزۇسى — كۆرۈش.

قارىغۇياپىلاقنى تاش بىلەن ئۇرساڭمۇ ئۆلىدۇ،
تاشقا ئۇرساڭمۇ ئۆلىدۇ.

قازانچىنىڭ ئەركىنلىكى،
نەرىدىن قۇلاق چىقارسا.

قازانغا چۆمۈچ كېرەك،
تاۋاققا قوشۇق (كېرەك).

قازانمۇ ياغ،
چۆمۈچمۇ ياغ.

قازاننىڭ قۇلىقى ھەممە يەردە تۆت.

قاشاڭ ئاتنى مىنگۈچە،
پىيادە ماڭغىن ئۆلگۈچە.

قاغا چوقۇپ بەردى،
بۆرە يەپ (بەردى).

قاقشال دەرەخنىڭ مېۋىسى بولماس.

قالغانلار ئۆلگەنلەرنى ھالاللايدۇ.

قامغاقنىڭ مېڭىشىنى بوران بىلەر،
توختىشىنى ئاسمان (بىلەر).

قاناتلىققا قاقتۇرماپتۇ،
تۇمشۇقلۇققا چوقۇتماپتۇ.

قانجۇق كىرسە كۈچۈك قاۋاپتۇ.

قانجۇقنى قوغلىساڭ كۈچۈكلىرى قاۋايدۇ.

قانچە يۇقىرى تۇرساڭ،
شۇنچە يىراق كۆرىسەن.

قايماق يېگەن مۈشۈكنىڭ يۈزى تۆۋەن.

قەيەردە ئوۋ بولسا،
شۇ يەردە ئوۋچى بولىدۇ.

قوتان كىمنىڭ،
قىغ شۇنىڭ.

قوتۇر ئات سەپەرگە يارىماس.

قوتۇر كالىغا يوغان مۈڭگۈز.

قوتۇر ئوغلاق شوراشقا ئامراق،
كۆزى كىچىك كولاشقا (ئامراق).

قوتۇر ئېشەككە ئالتۇن تاقا،
سەگەز كۆڭلەككە مەشۇت ياقا.

قورسىقى ئاچقان قازان ياقىلاپتۇ.

قورققان ئىت ئارقىسىغا قاراپ خىرقىرار.

قوزلىق قوي تولا مەرەيدۇ.

قوغۇن ـ تاۋۇز جىم يېتىپ يوغىنار.

قوغۇننىڭ ياخشىسىنى ئىت يەر.

قولۇڭغا ئال، كۆرسىتىپ قوياي.

قولۇم ــ قامچا، پۇتۇم ــ ئات،
مېڭىۋېرەي پىيادە.

قولى ئارقىسىغا يەتمەيدۇ.

قوي بولسا قوزىسى بولىدۇ.

قوي سەمرىسە ياۋاش بولىدۇ.

قوي قوزىسى بىلەن،
توخۇ چۈجىسى بىلەن.

قوي يېمەيدىغان بۆرە يوق.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قويدىن قوي قالىدۇ،
ئۆچكىدىن موي (قالىدۇ).

قويغا قۇيرۇقى يۈك ئەمەس.

قوينىڭ پوقىمۇ پايدىلىق.

قوينىڭ پوقىمۇ قوي.

قۇشقاچتىن قورققان تېرىق تېرىماس.

قۇدۇق چوڭقۇر، ئارغامچا قىسقا.

قۇرغۇي قۇشقاچنى ماراپ بولغۇچە،
مۇشۇك تۇتۇپ يەپتۇ.

قۇرۇق تورۋا ئاتنى ئوسۇرغاق قىلار.

قۇرۇق قوشۇق ئېغىز يىرتار.

قۇزغۇن ئاچ قالسا تۈلكە ئالار.

قۇش قانىتى بىلەن ئۇچار،
قۇيرۇقى بىلەن قونار.

قۇش قېرىسا ئۆز يۇرتىغا قايتار.

قۇشقاچ باسقان يەردىن قاچ.

قۇشقاچ قانچىلىك،
شورپىسى شۇنچىلىك.

قۇشقاچ قورسىقى تويغان يەردە توختىمايدۇ.

قۇشنىڭ پەسلىمەيدىغىنى يوق،
دۈشمەننىڭ قەستلىمەيدىغىنى (يوق).

قۇلان قۇدۇقتا چۇشۇپ كەتسە،
قۇلىقىدا پاقا ئوينار.

قۇمغا يامغۇر كار قىلماس،
قاغدالمىغا گەپ (كار قىلماس).

قېچىر ئاتنى كۆرسە چوڭ دادام دەر.

قېرى ئات ئوقۇر بۇزماس.

قېرى ئات يول بىلەر.

قېرى كالا تاپنى بۇزماس.

قېرى ئېشەك جىرىم غاجىسا تومۇرىنى ئۈزۈۋېتەر.

قىرىق يىل باققان ئېشەك، ئىگىسىنى تونۇماپتۇ.

قىسماقنىڭ كۆچى بولمىسا، قۇشقاچ تۇتالماس.

قىسىر كالا كۆپ مۆرەيدۇ.



ئۇيغۇر كىتابلىرى www.uyghurkitap.com

قىشلاقلىقنىڭ ئېشىكى يېتىپ ھاڭرايدۇ.

قىڭغايغان دەرەخ غولىماي قالماس.

قىڭغىر دەرەخنىڭ قورۇقى ئەۋزەل.

قىل بېرىپ ئارغامچا ئاپتۇ.

قىلسا تۈگىمەيدىغان ئىش يوق،
قىلتاقىقا چۈشمەيدىغان قۇش يوق.

قىلىقىنى بىلمىگەن ئاتنىڭ يېنىغا بارما.

قىيسىق ئاياغقا قىڭغىر تاياق.

ك

كاككۇك ئۆز ئىسمىنى قىچقىرىدۇ.

كاككۇكنىڭ دەردىنى ئورمان بىلىدۇ.

كالپۇك بولمىسا، چىش توڭلايدۇ.

كالىدىن سۈت چىقمىسا مۈزاينى ئۇرۇپتۇ.

كالىغا ئاق توقۇم ياپقاندەك.

كالىغا ئېگەر توقۇغاندەك.

كالىلار سۇ ئىچسە موزايلار مۇز يالاپتۇ.

كاماردىكى مۇشۇكنىڭ ئەس ـ يادى قۇشقاچتا.

كاۋا باراڭغا ياراشقان بىلەن دەرەخكە ياراشماس.

كاۋا ھېچقاچان قوغۇن بولالماس.

كاۋاپمۇ كۆيمىسۇن،
زىخمۇ كۆيمىسۇن.

كاۋىسى يوق پىلەكتىن،
تەمى يوق خەمەك ياخشى.

كەپتەر ئاسماندا قانات قاقسا،
مۈشۈك يەردە قانات ئىزدەپتۇ.

كەپتەر دېگەن بىر تۇتام قۇيرۇق،
كىم تۇتۇۋالسا شۇنىڭغا بۇيرۇق.

كەپتەرمۇ دان بار خامانغا چۈشىدۇ.

كەسلەنچۈك مىڭ يىلدىمۇ يىلان بولالماس.

كەكلىكنى دورايمەن دەپ،
قاغىنىڭ چېتى يىرىلىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitab.com

كوچىدىن ئۆتكەن چاشقان ئۈر ـ ئۈرغا قاپتۇ.

كوزا چوڭ بولسا سۈنى جىق ئالغىلى بولۇر.

كۆزگە چۈشكەن ئەخلەتتەك.

كۆزگە ئىلمىغان پۈتقا چوماق.

كۆكتە ئۈچقان بۈركۈتنىڭ بوران بىلەن كارى يوق.

كۆكتىن ئارپا ياغسىمۇ،
ئېشەكنىڭ يېيىشى سامان.

كۆڭلەك ياقىسىدىن يىرتىلار.

كۆڭۈل ئويغا تويماس،
بۆرە قويغا (تويماس).

كۆلنى سېسىتقان،
ئۆردەكنىڭ كۆتى.

كۆلنىڭ چۆرىسى ئىككى غۇلاچ نەم.

كۆلنىڭ سېسىشى پاقىغا ياراپتۇ.

كۆمەچ پىشقۇچە توقاچ كۆيۈپتۇ.

كۆنەلگە بولمىسا قېتىق ئۇيۇماس.

كۆتمەكتىن ئېغىر ئوقەت يوق.

كۆچۈكنى كۆچۈكۈم دېسە، چېتىنى ئېچىپتۇ.

كۆلەلمىسەڭ، ھىجايما.

كۆلكە بىلەن يىغا قوشكېزەك.

كېرەك تاشنىڭ ئېغىرى يوق.

كېمىچىنىڭ ئەجىلى سۇدا.

كېمىگە چۈشتۈڭ،
جانىڭ غېمىگە چۈشتۈڭ.

كىچىك ئادەمنىڭ چوڭ چۈش كۆرىدۇ.

كىچىككىنە كۆلدىمۇ چوڭ بېلىق ئۈزىدۇ.

كىشىنىڭ غېمى پات كىرىپ پات چىقىدۇ،
ئۆزىنىڭ غېمى پات كىرىپ، چىقمىقى تەس.

گ

گادايىنىڭ دۈمبىسى قىچىشسا،
بەگنىڭ ئالدىغا (بېرىپتۇ).

گال پىچاق قولغا ئامراق،
ئاچ بۆرە قويغا (ئامراق).

گال پىچاقتىن قول ياخشى.

گۈل ھەمىشە چىرايلىق بولۇۋەرمەيدۇ.

گۈلگە قونغاننىڭ ھەممىسى بۇلبۇل ئەمەس.

## ل

لاچىن چۆلگە ماڭىدۇ،
پاقا كۆلگە (ماڭىدۇ).

لاچىن قاراپ تاپار،
تۈلكە ماراپ تاپار،
بۆرە پۇراپ تاپار.

لاي بۇلاق بولماس،
قوتۇر ئېشەك ئۇلاغ (بولماس).

لەقۋا ئېشەكنىڭمۇ تۆت پۇتى ساق.

# م

ماشىنىچىنىڭ تۈگمىسى قادالماس،
ئۆتۈكچىنىڭ ئۆتۈكى يامالماس.

ماڭغاننىڭ يولى قىسقىرار.

مال پادىسى باشسىز بولماس.

مال تۆلدىن ئۆسىدۇ.

مايماق ئېشەك ماخۇنىڭ،
قۇشقۇنلىرى زاكونىڭ.

مايمۇننى تاۋار – دۇردۇنغا ئوراپ قويسىمۇ مايمۇن.

مايمۇننى ئويناتقاننىڭ ئۆزى مايمۇن.

مەڭزىڭگە قونغان چىۋىن مەڭ ئەمەس.

مورىنىڭ ئاچچىقلىقىدىن،
ئىس تۇرۇلۇپ چىقار.

موزاي ئانىسىنى تونۇماس.

موزاي قوزۇقفا چوڭ كەپتۇ.

موزايلىق ئىنەك پايخانغا يارىماس.

موزاينىڭ مۆرىگىنىدىن،
ئىشەكنىڭ ھاڭرىغىنى سەت.

موزاينىڭ يۇگۇرۇشى سامانلىققىچە.

مولۇندەك قاراپ تۇرغۇچە،
بۇلبۇلدەك سايراپ تۇر.

مولۇننىڭ توخۇغا سالام بېرىشى — ياخشى نىيەتتىن ئەمەس.

مۇزلىساڭ، مۇز يالا.
مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ.

مۇشۇك مۇشۇكنى قاراڭغۇدىمۇ تونۇيدۇ.

مۇشۇك ئۆلسە چاشقان دەپ ساپتۇ.

مۇشۇك ئۆيدىن چىقسا چاشقان تۆشۈكتىن چىقار.

مۇشۇك يوق يەردە چاشقان پادىشاھ بوپتۇ.

مۇشۇكتەك يالىشىپ،
ئىتتەك تالىشىپتۇ.

مۇشۇكتىن بەز سوراپتۇ.

مۈشۈككە ئويۇن،
چاشقانغا قىيىن.

مۈشۈكنى مۈشۈك چىشلىسە، چاشقان كۈلۈپتۇ.

مۈشۈكنى هارۋىغا قاتسا،
كاتىنىڭ تېگىگە تارتىدۇ.

مۈشۈكنى ئۇسسۇلغا سالسا،
چاشقان قوغلاپتۇ.

مېكىيان قىچقارسىمۇ خوراز بولالمايدۇ.

مېكىيانىڭ جاجىسى بىر سىقىم تېرىق.
مېڭىشنى بىلمىگەن ئۆي قىر بۇزار.

مىس قازانغا لاي تۇۋاق.

مىس ـ مىس ئېشەكتىن پۇت ياخشى،
بىلمىسىزدىن بۇت (ياخشى).

مىڭ قۇشقاچ باقساڭ،
بىر كالىچىلىك گۆشى يوق.

مىياڭلىمىغان مۈشۈك گۆشنى جىق يەپتۇ.

## ن

نان بەرگەننىڭ قولىنى چىشلەپتۇ.

نان ئىمان،
ناننىڭ يوقى يامان.

ناننى تونۇرغا ياق،
ئاتنى ئوقۇردا باق.

نەشتىرىنى ئۆزۈۋەتسەڭ يىلان دېگەن بىر غوْلاچ كۆلا.

## ھ

ھارغان ئېشەك دۆڭگە چاپار.

ھارۋا سۆرىگەن ئۆكۈز قوشقا يارىماپتۇ.

ھاڭگا ئېشەك بالىسىنى تونۇمايدۇ.

ھەر قارلىغاچ ئۆزىگە بۆلەك ئۆۋا سالىدۇ.

ھەرە شىرنە يىغار،
يىلان زەھەر (يىغار).

ئۇيغۇر كىتاب تورىستىنى www.uyghurkitap.com

ھەرە ھەرىنى چاقماس.

ھەرقانداق خوراز بىلگىنىچە چىللايدۇ.

ھەركىمنىڭ نىيىتى ئۆزىنىڭ يولدىشى.

ھودۇقتقان ئۆردەك قۇيرۇقىدا چۆرگىلەر.

ھۇرۇن ئېشەك يۇكىنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرەر.

ھۆپۈپنىڭ تۇمشۇقى ئۇزۇن،
سېغىزخاننىڭ قۇيرۇقى (ئۇزۇن).

ھۆل ئوتۇننىڭ كۆمۈرى قۇرۇق.

ئو

ئوبدىنى كالا، يامىنى توڭگۇز.

ئوت قورۇيدۇ،
شامال سورۇيدۇ.

ئوتتۇرىسىدىن قارا مۇشۇك ئارىلاپتۇ.

ئوتنىڭ چىشى يوق،
ھۆل - قۇرۇق بىلەن ئىشى (يوق).

ئوتنىڭ سەر خىلى تاغدا،
گۈلنىڭ سەرخىلى باغدا.

ئوتۇننى قانچە سالساڭ،
ئوت شۇنچە كۆيىدۇ.

ئورۇق ئۇيغا يوغان مۈڭگۈز نېمە كېرەك.

ئوزۇقلۇق (يېيىشلىك) ئات هارماس.

ئوشۇقنىڭ ھەممىسى ساقا ئەمەس،
قولغا ئەپ كەلگىنى ساقا.

ئوڭچى — ئويۇنچى،
سولچى — قويۇنچى.

ئون ئىتقا يېگۈزگەندىن،
بىر بۆرىگە يېگۈزگەن خوپ.

ئوۋچىنىڭ قارچىغىسى بولسا،
توشقاننىڭ كۆزى بار.

ئويغاقنى زورلاپ ئۇخلاتقىلى بولماس.

ئويلىمىغان يەردىن تۈلكە چىقىپتۇ.

ئويۇن، ئويۇننىڭ ئاخىرى — سويۇل.

# ئۇ

ئۇ قاغا بۇ قاغىنى «قارا» دەپ تىللاپتۇ.

ئۇچىرىغان ئۆزىنىڭ،
قاغا چوقۇغان كۆزىنىڭ.

ئۇچماس توخۇ،
كۆچمەس تام.

ئۇخلىغاندا غەم يوق،
ئاغرىق كالىغا يەم (يوق).

ئۇرغاندىمۇ گۇناھ،
«ئۇر» دېگەندىمۇ.

ئۇسسىساڭ، تالقان كاپ ئەت.

ئۇيقۇ دېگەن ئۆلۈم.

ئۇيقۇدا ئۇيات يوق.

# ئۆ

ئۆچكە تاغدا پۇل،
ئۇزۇم باغدا.

ئۆچكە تۇغماي تۇرۇپ،
قويغا ئانا بوپتۇ.

ئۆچكە سەمرىسە دۆڭگە چىقىپ مەرەپتۇ.

ئۆچكە مال يۇزگە يەتمەس،
يۇزگە يەتسە كۇزگە يەتمەس.

ئۆچكە مېلى مال ئەمەس،
شاپتۇل بېغى باغ ئەمەس.

ئۆچكىگە جان قايغۇسى،
قاسساپقا ــ ياغ.

ئۆچكىگە چىگىت بېرىپ قويرۇقىنى سىيلاپتۇ.

ئۆچكىنى بوران ئۇچۇرسا،
ئوغلىقىنى ئاسماندا كۆر.

ئۆچكىنىڭ ئىچىلسا ھېچ گەپ يوق،
قوينىڭ ئىچىلسا «ھويت ـ ھويت» مۇ؟

ئۆردەك بار كۆلدە غازغا كۈن يوق،
چۈشىن بار ئۆيدە تازغا كۈن (يوق).

ئۆردەك دەرمىش «كۆتۈم ئامان بولسا، ھەممە كۆلنى سىپىستارمەن».

ئۆردەك سۇدىن قورقمايدۇ.

ئۆردەك غاقىلدار،
پاقا ۋاقىلدار.

ئۆردەك كۆلگە تارتىدۇ،
يىلان چۆلگە (تارتىدۇ).

ئۆز كۆلەڭگۈچۈڭگە ئۆزۈڭ يېتەلمەيسەن.

ئۆزۈڭدىن كەچمىگۈچە،
كىشىنى خۇش قىلىپ بولماس.

ئۆزى بىر غېرىچ،
ساقىلى ئىككى غېرىچ.

ئۆزى ئۆلۈپ، ئۆزى يىغلاپتۇ.

ئۆزى ئۇچۇن ئۇخلىغان كىشى ئۇچۇن چۇش كۆرمەس.

ئۆزى يوقنىڭ توخۇسىنى ئىت يەيدۇ.

ئۆزى يوقنىڭ كۆزى يوق.

ئۆكۈز ئۆلگەندىمۇ كۆزىنىڭ ئالىسى كەتمەس.

ئۆكۈزنى كاردىن چىقارغان بويۇنتۇرۇق.

ئۆكۈزنىڭ مۈڭگۈزى ئېشەكتە بولماس.

ئۆكۈزنىڭ مۈڭگۈزىدە گۈل ئۈنمەس.

ئۆكۈزنىڭ يېشى مۈڭگۈزى بىلەن ئۆلچەنمەس.

ئۆلەرمەن ئېشەك يېتىپ يەر.

ئۆلەرمەن ئىت پالتىدىن يامانلاپتۇ.
ئۆلۈك مالنى ئېيىق چىشلىمەس.

ئۆلۈك ئېشەككە يانتاق ئارتىپتۇ.

ئۆلۈك ئىت پالتىدىن قورقماس.

ئۆلۈك ئىت توقماقتىن قورقماپتۇ.

ئۆمۈچۈك توقۇغان تورغا چىۋىن چۈشۈپتۇ.

ئۆيدىن چىققانغا ئىت قاۋىماس.

## ئۈ

ئۈسەلمىسەڭ تامغا ئۈس.

ئۈسكەك كالىنىڭ مۈڭگۈزى قىسقا.

ئۈگرە مېھمانى،
چۆچۈرە دېۋانى.

ئۈگۈت بولسا ئۈن بولىدۇ.

## ئي

ئېتى يوقنىڭ پۇتى يوق.

ئېتى يوقنىڭ جېنى يوق.

ئېتىڭ ھارسا، دۆڭگە چاپ.

ئېتىڭ ئۆلدى ــ ئاتاڭ ئۆلدى.

ئېتىڭ ياخشى بولسا، قامچە نېمە كېرەك.



ئۇيغۇر كىتابلىرى www.uyghurkitap.com

ئېتىڭغا قامچە ئەشمە،
سۇلۇ چەشلە.

ئېتىڭنى قامچا بىلەن ھەيدىمە،
يەم بىلەن ھەيدە.

ئېرىق ياقىلاپ ماڭغان ئادەمنىڭ پۇتىدا لاي بار.

ئېشەك بىلمەس تۇشەك قەدرىنى،
مۇشۇك بىلمەس سۆڭەك (قەدرىنى).

ئېشەك پۇتى كىرىپ قالغان كۆۋرۈكتىن قايتا ئۆتمەس.

ئېشەك تەخىيگە ئېشەكلىكتىن باشقىنى ئۆگەتمەس.

ئېشەك دەرمىش «ئامان بولسام دەريادىن سۇ ئىچەرمەن».

ئېشەك دۇلدۇل بولالماس.

ئېشەك سەمرىسە تۆۋەنگە چاپار.

ئېشەك سەمرىسە ئوقۇرىغا تېزەكلەر.

ئېشەك قۇيرۇقىنى غاجاپتۇ.

ئېشەك كۆل تاپسا ئېغىنار.

ئېشەك كۆل كۆرسە، ئېغىنايدۇ،
سۇ كۆرسە داجىيدۇ.

ئېشەك مىنگەننىڭ پۇتى تىنماس،
بەتنىيەتنىڭ كۆڭلى (تىنماس).

ئېشەك ھاڭرىسا، ئىتنىڭ كۆڭلى ئاينىپتۇ.

ئېشەك ئوتتا توختىماي،
پوقتا توختايدۇ.

ئېشەك ئۆزىنى تاغ، سايىسىنى باش،
سۈيدۈكىنى ياغ چاغلاپتۇ.

ئېشەك ئېشەكتىن قالسا، قۇلىقىنى كەس.
ئېشەككە ئالتۇن توقۇم توقۇساڭمۇ، يەنىلا ئېشەك.

ئېشەككە كۈچۈك يەتمىسە، ئۇر توقۇمىنى.

ئېشەككە مۈڭگۈز چىقسا،
ھەممىنى ئۈسۈپ ئۆلتۈرەر.

ئېشەككە ھالۋا تېتىماس.

ئېشەككە ھۈنەر كۆرسەت دېسە، ھاڭراپ بېرەر.

ئېشەككە ئوڭ، سولدىن مىنگەننىڭ پەرقى يوق.

ئېشەكنى تويغا سۇ توشۇش ئۈچۈن چاقىرىدۇ.

ئېشەكنى تۆرگە باشلىسا،
كۆڭلى ئېغىل تارتىدۇ.

ئېشەكنى ئۇرغانغا ئات بولماس.

ئېشەكنى ئىززەتلىسە،
ئوقۇرىغا تېزەكلەپتۇ.

ئېشەكنىڭ تاللىغىنى تار كوچا.

ئېشەكنىڭ تەپكىنىگە ئات ئۆلمەپتۇ.

ئېشەكنىڭ تەخىيى كۆپەيسە،
يۈكى ئېغىرلىشىدۇ.

ئېشەكنىڭ تۇمشۇقى ئاق بولغىنى بىلەن، سۈيدۈك پۇرايدۇ.

ئېشەكنىڭ تېرىسىنى ئىت ئەيلەيدۇ.

ئېشەكنىڭ دۈمبىسى قىچىشسا،
ئوتۇنچىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

ئېشەكنىڭ كۈچى هالال، گۆشى هارام.

ئېشەكنىڭ هۈنىرى ــ هاڭراش،
پوچىنىڭ هۈنىرى ــ ئۆزىنى داڭلاش.

ئېشەكنىڭ ئۆلۈمى ــ ئىتنىڭ بايرىمى.

ئېشىكى كەينىدە، تەخىيى ئالدىدا.

ئېشىكى ئۈچ تەڭگە،
توقۇمى مىڭ تەڭگە.

ئېغىر چامدىغۇچە،
يېنىك سەكرەپتۇ.

ئېغىز بۇلاق،
كۆز گۆھەر.

ئېغىز هارامزادە،
قورساق گول.

ئېغىزنىڭ دەرۋازىسى يوق،
تىلنىڭ سۆڭىكى (يوق).

ئېغىز — دەرۋازا،
سۆز — شامال.

ئېغىلدىكى توړپاق ئۈي بولماس.

ئېقىن سۇدا شەك يوق.

ئى

ئىت ئاغزىدىن پىل چىشى چىقماس.

ئىت ئاغزىدىن سۆڭەك ئاشماس.

ئىت ئاغزىغا سۆڭەك سال.

ئىت ئالا بولغان بىلەن ئارسلان بولالماس.

ئىت ئامبال بولسا سۆڭەك سىلىق سالار.

ئىت پوق يېمىسە بېشى ئاغرىيدۇ.

ئىت توڭلىسا مۇزغا چىقىدۇ.

ئىت تويغان يېرىدا ئۇخلار،
قۇش قونغان يېرىدە (ئۇخلار).

ئىت تېرىكسە تامدىن سەكرەيدۇ.

ئىت زەنجىرى بىلەن،
غىلاب خەنجىرى (بىلەن).

ئىت سۆڭەك يېسە،
قوڭى بىلەن كېڭىشىپ يەيدۇ.

ئىت قاۋىسا، ئات قۇلىقى دىڭگىيىپتۇ.

ئىت قۇترىسا ئىگىسىنى ئالار.

ئىت قۇيرۇقى بىلەن تالىشىپتۇ.
ئىت قۇيرۇقىنى ئىت دەسسىمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سۆڭەك يەپ ئىت سەمرىپتۇ.

سۇزۇك بۇلاق ئۆز - ئۆزىنى تۇگىتىدۇ.

سىمىز قوي ئۆزىنى كانارىدا كۆرسۇن.

سىمىز كالا سوغا كىرسە،
ئورۇق كالا پىتىققا كىرىپتۇ.

سىمىزنىڭ ئايىغى سەككىز.

سىھىرگەر سىرىنى يوشۇرالماس،
پۇچۇق بۇرنىنى (يوشۇرالماس).

سىھىرگەرنىڭ سىھرىنى دۇمباقچى بىلىدۇ.

سوغۇق كۆك ماڭقىدىن قورقىدۇ.

سىيىرنىڭ سۈتى ئاغزىدا.

ش

شال تېرىغان يەردە پولۇ يوق.

شامال ئۆتۈشۈپ تۇرمىسا يارا قۇرۇماس.

ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلغىچە.

ئىتتىن قورققان گاداي ئەمەس.

ئىتتىن قېچىپ بۆرىگە ئۇچراپتۇ.

ئىتقا ئەتىر چاچساڭمۇ سېسىق پۇرايدۇ.

ئىتقا سۆڭەك تاشلىسا قاۋىمايدۇ.

ئىتقا گۆش بەرسەڭ تويىغا مىلەيدۇ.

ئىتقا نان بەرسە،
قولىنى قوشۇپ چىشلەيدۇ.

ئىتقا ئۇيات كەلسە، ئۇلتاڭ يېمەس.

ئىتلارنى تالاشتۇرىدىغىنى ئۇستىخان.

ئىتمۇ پاسارغا يۆلەپ چىقىرىدۇ.

ئىتنى «كەت» دېسە،
مېھمانىنىڭ كۆڭلىگە كېلىدۇ.

ئىتنى ئەركىلەتسە، ئاغزىنى يالار.

ئىتنى سۆڭەك بىلەن ئۇرسا هاۋشىماس.

ئىتنى كۆرمەي «چاغ» دەپتۇ.

ئىتنىڭ ئاغزى تەگكەنگە،
دەريا سۈيى بۇلغانماس.

ئىتنىڭ ئاغزىغا كىرگەن گۆش ساق چىقماس.

ئىتنىڭ ئالدىغا ئۆتمە،
ئاتنىڭ كەينىگە (ئۆتمە).

ئىتنىڭ چىشىغا ئېشەك گۆشى دورا.

ئىتنىڭ چىشى ــ ئېشەكنىڭ تاپى.

ئىتنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولسا،
كۆكتىن سۆڭەك ياغاتتى.

ئىتنىڭ ساددىلىقىدىن،
تۈلكە تۆرگە چىقىۋاپتۇ.

ئىتنىڭ سۇرى باغلاقلىقتا،
ئادەمنىڭ سۆزى سالماقلىقتا.

ئىتنىڭ قارغىشى بۆرىگە كار قىلماس.

ئىتنىڭ قارغىشىغا پىت ئۆلمەس،

ئىتنىڭ قاياشى ئىت.

ئىتنىڭ قەستى قاۋاشتا ئەمەس، چىشلەشتە.

ئىتنىڭ كۆڭلى سۆڭەكتە.

ئىتنىڭ كۆڭلى — خالادا.

ئىتنىڭ گۆشىنى ئىت يېمەيدۇ.

ئىتنىڭ هاۋشىشى،
ئېشەكنىڭ هاڭرىشىغا تەڭ كېلەلمەس.

ئىتنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى تۈلكە ياقتۇرماپتۇ.

ئىتنىڭ ئىگىسى بولسا،
بۆرىنىڭ خۇداسى بار.

ئىتنىڭ يۈزىدە تۈكى بار.

ئىتى يوقنىڭ يالىقى يوق.

ئىنەك تەلمۈرمىسە،
بۇقا ئارغامچىنى ئۈزمەيتتى.

ئىنەكسىمان ئۆكۈزنىڭ كۈچى بولماس،
ئۆكۈزسىمان ئىنەكنىڭ سۈتى (بولماس).

ئىچ مايماق ئۇلاغ تېپىلماس،
تېپىلسا سېتىلماس.

ئىشتىهالىق ئات هارماس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىشىڭ پاكار بولسا،
ئېگىشىپ كىرمەي ئامال يوق.

ئىشىڭ چىڭ بولسا، ئىت كىرەلمەس.
ئىككى قاغا بىر ـ بىرىنىڭ قارىلىقىغا ھەيران قاپتۇ.

ئىككى ئۆچكە بىر ئېغىلغا پاتماپتۇ.

ئىككى يېرىم — بىر پۈتۈن.

ئىككىگە ئۈچنى قوشسا بەش بولۇر،
كۆلنى چاپمىسا لەش (بولۇر).

ئىلدام ئۇلاغنىڭ ئۈچىسى يېغىر.

ي

يا ئەلەمدە يوق،
يا قەلەمدە يوق.

يا گۆش ئەمەس،
يا بەز ئەمەس.

يا ئېشەك ئۆلمىدى،
يا ئىت نېرى كەتمىدى.

ياتقان بولساڭ، تۆر،
تۆرغان بولساڭ، ماڭ.

ياتقان ئېشەككە يەم يوق.
ياخشى ئات غىلتاڭ يەردە توختىمايدۇ.

ياخشى ئاتقا بىر قامچا،
يامان ئاتقا مىڭ قامچا.

ياخشى ئاتنىڭ بېشى كىچىك.

ياخشى ئاتنىڭ تۆيىقىدىن چاڭ چىقماس.

ياخشى تاماق ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

ياخشى ئىت يول توسۇمايدۇ.

ياخشى ئىت — يېرىم مال.

ياخشىنى ھەممە ئوبدان كۆرەر.

ياردىن غۇلاپ ھاڭغا چۈشۈپتۇ.

ياغاچ پىچاققا تۆمۈر غىلاپ.

ياغاچچىنىڭ تۈۋقى يوق.

ياغلىق قاپاق ئاقارماس.

يالاڭ ئاياغ كـىشـىگە يانچۇقمۇ ئېغىر.

يامغۇردا قالغان سۇدىن قورقمايدۇ،
يالىڭاچ ـــ ئوغرىدىن.

يامان ئاتلىق يېرىم ئۆلۈك.

يامان ئاتنىڭ تېرىسى ئۈچ كۈن تاراقلايدۇ.

يامان كالا ياردائىلىقتا موزايلاپتۇ.

يامان ئېشەكنىڭ دۈمبىسى ياخشى.

يامان ئىنەك ئۆلمىگۈچە سۈتلۈك ئاتالماس.

يامان ئىت پاچاقچا ئېسىلار.

ياماننىغانغا يامان قوينىڭ كاللىسى.

يامغۇر تامچىلاپ چۈشەر،
مۆلدۈر قامچىلاپ (چۈشەر).

يامغۇر تەگمىگەن ئۆگزە يوق،
قوزۇق قاقمىغان تام (يوق).

يامغۇر ياغسا پاتقاق بولۇر،
قوتۇر ئېشەك ياتقاق (بولۇر).

يامغۇر ياغسا كۆڭلۈك سەمرىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتابلار تورى www.uyghurkitap.com

يامغۇردىن قورقۇپ، قاردا قاپتۇ.

يامغۇردىن قېچىپ مۆلدۈرگە ئۇچراپتۇ.

يامىساڭ يېڭى بولۇر،
يېڭىنىڭ تېڭى (بولۇر).

ياۋ ياقىدىن ئالسا،
ئىت ئېتەكتىن ئالار.

ياۋا كەپتەرنىڭ قورسىقى تويسا،
پەرۋازنىڭ زوقىنى ئۇنتۇيدۇ.

يايلاقتا پاتمىغان تېكە، قازانغا پاتار.

يەر يېرىلمىدى،
مەن كىرمىدىم.

يوغان پىچاق ئۇيالغىنىدىن ئۆتمىدۇ.

يولدا پىچاقمۇ يولداش.

يولدا ئوزۇقنىڭ ئېغىرى يوق.

يولنى يولدا قىسقارت.

يولۇچى يولدا ياخشى.

يولۇچىغا يول يارىشار.

يولۋاس بولۇپ يىلقىنى يەپتۇ،
قۇرت بولۇپ ئۆپكىنى (يەپتۇ).

يولۋاس ياتقىنىدىن مەلۇم.

يولۋاس ياشىغان جاڭگال كۆل بوپتۇ،
كالا ياشىغان جاڭگال گۆل (بوپتۇ).

يولۋاس يالماپتۇ،
قارچىغا قارماپتۇ.

يۇمران چىۋىقنى قۇشقاچمۇ ئېگەر.

يۇمغاتسۇتنى چىلاپ قويسا مۇشۇك يەپتۇ.

يۈك ئېغىر بولسا،
تۆگىمۇ ھۆركىرەيدۇ.

يۈگەنسىز ئوتلاپتۇ،
ئېگەرسىز ئېغىناپتۇ.

يېپىق قازان يېپىق بويىچە قالسۇن.

يېغىرى بار ئادەم سەمرىمەيدۇ.

يېغىرى نەدە بولسا، چىۋىن شۇ يەردە.

يېڭى كۆلچەكنىڭ ئېشى تاتلىق.

يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەپتۇ.

يىراقتىن قارىسام ئەلدىن ئارتۇق،
يېقىندىن قارىسام مەسىم تاتۇق.

يىقىلساڭ توخۇمۇ دەسسەپ ئۆتەر.

يىڭنە تۆشۈكىدىن ئادەمنى كۆرگىلى بولۇر.

يىلان پوستىنى تاشلار،
پەيلىنى تاشلىماس.

يىلان چاقسا پىلمۇ چىرقىرايدۇ.

يىلان زەھىرنى سانجىپ بولۇپ ئۆزى ئۆلىدۇ.

يىلان ئۆز ئەگرىلىكىنى بىلمەي،
تۆگىنىڭ بوينى ئەگرى دەرمىش.



www.uyghurkitap.com



# ھايۋانات، نەرسىلەر ۋە ھادىسىلەر توغرىسىدا

# ئا

ئات تېپىلسا ئوغلاق تېپىلار.

ئات جەڭگە كىرسە ئۈيقۇسى ئېچىلار.

ئاتمىش كۈن تاشقان سۇ ئالتە كۈندە قايىنار.

ئاتنى بوغۇز بىلەن ئۇر.

ئات ئېچىرقىسا يالىنى يەيدۇ،
قۇش ئېچىرقىسا قانىتىنى (يەيدۇ).

ئات يىقىلماي يول تاپماس.

ئازنا ياغسا شەنبە توختار،
شەنبە ياغسا قاچان توختار؟

ئارغامچىسى ئۇزۇن ئات ئېتىزغا سىغماس.

ئاق توخۇنىڭمۇ گېلى بار،
چا توخۇنىڭمۇ گېلى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىستى www.uyghurkitap.com

ئاق قار مۆزلىنار،
قارا كۆمۈر ئىسسىتار.

ئاقساق قوي چۈشتىن كېيىن مەرەيدۇ.

ئاقساق قوي يېتىپ سەمرىيدۇ.

ئالا ئارسلان ئارسلان بولماس.

ئالا قاغا ئالغۇر بولسىمۇ قارچىغا بولالماس.

ئانار ئۈرۈقى بىلەن، گۈل پۈرىقى بىلەن.

ب

بۇلبۇلغا ئالتۇن قەپەسمۇ قەپەس.

بۇلبۇل ھەركۈنى باشقا گۈلدە سايرايدۇ.

بۆرە قوشنىسىغا يامانلىق سانىماس.

بۆرىنى باققان تۆت پۇتى.

بېلىق سۇدىن تېپىپ يەيدۇ،
قارلىغاچ ھاۋادىن (تېپىپ يەيدۇ).

بىر تۈلكە يەتتە بۆرىنى يېتەكلەر.

بېلىق سۇدا،
پاقا كۆلدە.

## پ

پەمسىز ئات داۋان ئاشالماس.

## ت

تاش تاشقا تەگسە ئوت چىقىندار.

تاغدا تاش تولا،
باغدا ئوتياش (تولا).

تاي تاراكلار،
ئات يورغىلار.

تەپكەكتە تۇياق،
ئۈسكەكتە مۈڭگۈز.

تەگرىتاغدا بۇلاق كۆپ،
ئاشالمىغان ئۇلاغ كۆپ.

توخۇ بار، پوقى بار.

توخۇ مىلىندۇرمىسە چۈجىسى مىلىندۇرۇپتۇ.

تۈتى قۇش ئىنىدەككە كەپتۇ.

تۈزلۈق سۇ داغنى يۇيىدۇ.

تۇمان كەتمىسە جۇت بولىدۇ،
تومۇز كەتمىسە قۇرت (بولىدۇ).

تۆگە يانتاقنى تونۇيدۇ.

تۆگىنىڭ چاقچىقى بىر باغ پاخال.

چ

چارچىغان ئىتنىڭ تىلى ساڭگىلار.

چاشقانغا مۈشۈكتىن چوڭ دۈشمەن يوق.

چاشقان ئىنىگە سىغمايدۇ،
كۆتىگە غەلۋىر باغلايدۇ.

چاقماق چاقسا، دەرەختىن قاچ.

چاقماق نەدە چېقىلسا، يامغۇر شۇ يەردە.

## د

داۋىنى كۆپ تاغدىن بەز،
مېۋىسى يوق باغدىن (بەز).

دەرەخ بويىدىن يىقىلار.

دەرەخنىڭ ئەجىلى پالتىدا.

دەرەخنىڭ تۈۋى سۇنمايدۇ، شېخى سۇنىدۇ.

دەرەخ ئىچىدىن پورلىنىدۇ.

دەرەخ يوپۇرمىقى بىلەن چىرايلىق.

## س

سوغۇق سۇ ئۆز ئەكسىنى تارتار.

سۇتسىز سىيىر ئۇسكەك بولار.

سېغىزخاننىڭ ئۇۋىسىنى تورۇلغا تارتىۋاپتۇ.

سېمىز ئاتنى چاپتۇرسا دېمى كېسىلەر.

سېۋەت ئېغىزىدىن چۈۋۈلىدۇ.

سىيىرنىڭ سۈتى ئاغزىدا.

## ش

شامال قايان؟
قومۇش شۇيان.

شامال ئۆتمەس تۆشۈك يوق،
بەز يېمەس مۈشۈك (يوق).

## غ

غەزەپكە كەلگەن كاللا يولۋاسنى يېگىپتۇ.

غۇنان گېلىغىچە سۇ كېچىپ ئۆتۈپ،
ئاختامىدا يەرنى كولاپ سۇ ئىچىپتۇ.

# ق

قار ئېرىسىمۇ مۇزى قالىدۇ.

قاشاڭ ئۆردەك بۇرۇن ئۇچار.

قانجۇق سەكرىسە كۈچۈك قاۋايدۇ.

قاۋان ياردۇ، يىلان چاقىدۇ.

قوتۇر كالىغا مۈڭگۈز ياراشماس.

قوچقار بولىدىغان قوزىنىڭ قاق ماڭلىيى دۆڭ كېلەر.

قويمۇ سەركە بولمىسا ماڭمايدۇ.

قوي ھايداقتا سەمرىيدۇ،
ئات باغلاقتا (سەمرىيدۇ).

قۇش ئاچ بولسا ئىگىسىنى ئالىدۇ.

قۇش تامىقى ئۈچۈن ئالار،
ئىت ئىگىسى ئۈچۈن (ئالار).

قۇشقاچقىمۇ جان كېرەك.

قولان قۇدۇقتا چۇشۇپ كەتسە،
قولىقىدا پاقا ئوينار.

قېچىرنىڭ تۇيىقى قىزىسا سايغا سال.

## ك

كاسكا ئىتنىڭ چىشى تېز ئۇپرار.

كامادىكى قوشقاچنىڭ ئەس ـ يادى مۇشۇكتە.

كۆكتە قاغا كۆرۈنسە، يېغىر ئېشەك بېلىنى ئېگەر.

كۆل بېلىقى بىلەن داڭلىق.

## ل

لالما ئىت ئۇچرىغاندىن تاياق يەر.

## م

مورىنىڭ ئاچچىقىدىن ئىس تورۇلۇپ چىقار.

مۈشۈك بالىسى ئانىسىغا ئوخشاش مىياڭلار.

مۈشۈك مۈشۈكنى قاراڭغۇدىمۇ تونۇيدۇ.

## ھ

ھايۋاننىڭ قېنىنى ئىت بىلىدۇ،
ئادەمنىڭ قېنىنى پىت (بىلىدۇ).

ھەسەل بولسا چىۋىن بار.

ھۆتىنىڭ ئېتى يامان،
دەلۋىنىڭ سوغۇقى (يامان).

ھىجايغان تۈلكىنى ئۇر.

## ئو

ئوچاق بېشىنى مۈشۈك ئالدى،
ئىشىك تۈۋىنى ئىت (ئالدى).

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

## ئې

ئېشەك پاتقان يەرگە تەخىيى پاتماس.

ئېشەك سەمرىسە تۆۋەنگە قاچار،
ئېكە سەمرىسە سۈيدۈك چاچار،
ئات سەمرىسە دۆڭگە چاپار.

ئېشەك كۆۋرۈكتىن ئۆتتۈۋېلىپ،
ئۆزىنى تۇلپار دەپتۇ.

ئېشەك يۈگۈرۈكى ئات بولماس.

## ئى

ئىت ئىرىكسە تامدىن سەكرەيدۇ.

ئىت چوپاننىڭ قولىقى.

ئىت سۆڭەك تاشلىغاننى بىلەر.

ئىت سۆڭەك غاجىغان يەرگە شۆلگىيىنى ئېقىتىدۇ.

ئىتقا ئۇيات كىرسە ئۇلتان يېمەس.

ئىت قاۋىسا ئات قۇلىقىنى دىڭ تۇتار.

ئىت كۆپ مەھەللىدە جىرىم ئاينىماس.

ئىتنى قوغلىسا سۆڭگەچتىن قاچار.

ئىتنىڭ خۇيىنى ئىگىسى بىلەر.

ئىتنىڭ خىرىلداشقىنى ــ سالاملاشقىنى.

ئىتنىڭ ئورنى ئىشىك تۈۋىدە،
مۈشۈكنىڭ ئورنى ئۆينىڭ تۆرىدە.

ئىتنىڭ ئۆپكىسىنى ئىگىسى بىلمەس.

ئىت ئوچۇق قازاننى يالايدۇ.

ئىت ئۆز ئۆۋىسىدا كۈچلۈك.

ئىت ئىتنى كۆرسە قاۋايدۇ.

ئىت ئىتنىڭ قۇيرۇقىنى دەسسىمەس.

ئىت يۈرسە سۆڭەك تاپىدۇ.

ئىككى قىرچاڭغۇ توقايدا تېپىشىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ي

ياخشى ئات قېرىسىمۇ ئۈز يورغىسىنى تاشلىماس.

ياخشى ئات ئىشلەتسەڭ قول، ساتساڭ پول.

ياغ بىلەن سۇ ئارىلاشماس.

يامان ئۆكۈز بۇيانلاقنى سۇندۇرار.

يامان ئىتنىڭ ئىسمى بۆرەباسار.



## قوشۇمچە (3):



# «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى ماقال - تەمسىللەردىن تەرمىلەر

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com

# ئا

ئاسىغسىز تۇسۇلماز قاداش ئەرسە قود،
تۇسۇلۇر ئاداش تۇت ئاسىغ بىرلە تود.
(قېرىنداش، كۆيۈمسىز بىنەپ ئۆلسە، قوي،
ئاداش تۇت نەپئىلىكنى، نەپى ئىلە توي.)

ئاغىرلىق تىلەسە ئۆزۈڭكە تۇچى،
ئاغىرلا كىشىگ سەن ئايا قوپتاچى.
(تىلىسەڭ ئۆزۈڭگە دائىم ئېھتىرام،
كىشىنى ئېزىزلە سەن ئەي مۆھتەرەم.)

ئاغىشقا ئىنىش ئول ئەدىزكە باتىغ،
سەۋىنچكە ساقىنچ ئول ئاچىغقا تاتىغ.
(چىقىشقا چۈشۈش بار، ئېگىزگە باتىق[1]،
سۆيۈنچكە قايغۇ ـ غەم، ئاچچىققا تاتىق[2].)

---

① باتىق ــ (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) چوڭقۇرلۇق، ئوي يەر.
② تاتىق ــ (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) تاتلىق، لەززەت.

ئەرەج قولسا ئەمگەك تۇتاشى بارىر،
سەۋنچ قولسا قادغۇ تۇتاشى يۇرىر.
(هالاۋەت هەممشە جاپا بىرلەدۇر،
سۆيۇنۇش قايغۇلە دائىم تەڭ يۇرۇر.)

ئەرىگ ئۆگسە ئەلگىن كور ئارسلان تۇتۇر،
تاتىغ ئۆگسە يۇگرۇر ئۇ چارىغ يەتەر.
(تۇتار قول بىلەن شىر ــــ ئەرنى ماختىساڭ،
يېتەر قوشقان ئېتىڭ ئەگەر سىلىساڭ.)

ئەسەنلىك كەرەك ئەرگە نەڭ ئەكسۇمەز،
تىرىگلىك كەرەك قۇشقا مەڭ ئەكسۇمەز.
(ئېسەنلىك كېرەك، ئەرگە مال كەم ئەمەس،
تىرىكلىك كېرەك قۇشقا، دان كەم ئەمەس.)

ئەلىگ تارلىقى بولسا ئەدگۇ يەمە،
قىلىنچ ئارتاتۇر كۆر مۇڭادىپ بۇ ما.
(قولى قىسقا بولسا هەتتا ياخشىلار،
بۇ موهتاجلىق بىلەن خۇيىنى بۇزار.)

ئەۋ ئالماق تىلەسە ئايىت قوشنىسىن،
يىر ئالماق تىلەسە ئايتغىل سۇۋىن.
(ئۆي ئالماق تىلىسەڭ، قوشنىغا قارا،
يەر ئالماق تىلىسەڭ، سۇيىنى ئارا.)

## ب

باغىرسىز توسۇلماز ئوغۇلدا كۆرۈ،
باغىرساق تاپۇغچى تۇسۇسى ئۆرۈ.
(كۆيۈمسىز، نەپئىسىز ئوغۇلدىن كۆرە،
كۆيۈمچان، نەپئىلىك خىزمەتچى ئۆرە.)

بايات قۇللارىغا توسۇل ئاي بۇگۇ،
كىشىكە توسۇلۇر ئەرنگ ئەر تەگۇ.
(خۇدا قۇللىرىغا نەپئى بەر، ھېكىم،
دېگىن ئەر، كىشىگە نەپئى بەرسە كىم.)

بۇ كۇنكى ئىشىڭ قودما، قىلما يارىن،
يارىن بولسا ئىشىڭ قالۇر قىلمادىن.
(بۇگۇنكى ئىشنى ئەتە ئۇچۇن قويمىغىل،
ئەتە ئىش بولسا ئۇ قالۇر يەنە، بىل.)

بۇشى بولسا يالڭۇق بىلىگسىز بولۇر،
قالى ئۆفكە كەلسە ئۇقۇشسۇز قىلۇر.
(قىزىققان بولسا ئىنسان بىلىمسىز بولۇر،
غەزەپلەنسە ئادەم ئەقىلدىن قالۇر.)

بىر ئىشنى ئىكىگۇكە ئايما تىلىن،
ئىشەنگۇ بولۇر ئىش قالۇر قىلمادىن.
(بىر ئىشنى ئىككى شەخسكە بۇيرۇما تەڭ،
قىلىنماي قالۇر ئىش ئىتتىرىش بىلەن.)

بىلىگسىزكە بىرسە بەگى قۇر ئورۇن،
بەگكە يازىغلى مۇنى بىل بۇرۇن.
(بىلمىسىزگە بەرسە بەگ ئۇستۇن ئورۇن،
بېگىگە مۇخالىپ كېلۇر، بىل بۇرۇن.)

# ت

تاشىن كۆرمەگىل سەن، ئاي ئەلىگ، كىشىگ،
كىشىنىڭ ئىچىن كۆر ياشۇتلۇغ ئىشىگ.
(ئېلىگ[1] سەن قارىما كىشى تېشىغا،
ئىچىگە قارا ھەم مەخپىي ئىشىغا.)

تەڭىزدىن چىقارماسا يىنچۇ كىشى،
كەرەك يىنچۇ بولسۇن كەرەك ساي تاشى.
(دېڭىزدىن چىقارمىسا ئۈنچە كىشى،
قالۇر پەرقسىز بولۇپ ئۈنچە — ساي تېشى.)

توغا ئېسىز ئەرسە ئاڭار يوق ئوتى،
ئاجۇنقا بەلا ئول بودۇنقا يۇتى.
(يامان بولسا تۇغما، ئاڭا يوق داۋا،
خەلققە ئاپەتتۇر، جاھانغا بالا.)

تىلەگلى يۇگۇرگۇ كەرەك تىنمادى،
تىنىپ ياتغۇچىلار تىلەك بولمادى.

---

① ئېلىگ — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) ھۆكۈمدار.

(تىلىگۈچى تىنماي يۈگۈرسۇن ھامان،
تىلەككە يېتەلمەس ئارام ئېپپياتقان.)

تىرىگ بولسا يالغۇق تىلەكى ئانۇق،
ئەت ئۈز باش ئەسەن بولسا ئارزۇ ياغۇق.
(تىرىك بولسا ئىنسان تاپار مەقسىتىن،
ئېسەن بولسا باش ـ تەن، تىلىكى يېقىن.)

تىلەك بىرلە ماڭسا كىشى ئارزۇلاپ،
ئارىپ يولدا قالماز تىلەكىن ئۇلاپ.
(كىشى ماڭسا مەقسەتكە ئۈمىدلىنىپ،
تىلەككە يېتەر، يولدا قالماس ھېرىپ.)

تىلىڭدەن چىقارما بۇ يالغان سۆزۈگ،
بۇ يالغان سۆزۈگ ئەر ئۇچۇزلار ئۆزۈگ.
(تىلىڭدىن چىقارما يالغان سۆزۈڭنى،
خار قىلۇر ھەر يالغان سۆزۈڭ ئۆزۈڭنى.)

تىلىن سۆزلەمىش سۆزدە يانماز ئەرەن،
سۆزىندە يانىغلى تىشلەر سانى.
(بىر ئېيتقان سۆزىدىن يانمايدۇ ئەرەن،
سۆزىدىن يانغۇچى خوتۇندۇر، دېمەك.)

سوزۇن سۆكسە يالڭۇق ئاچىتسا تىلىن،
سۆڭۈككە سىزىغ ئۇل كۆڭۈلكە يالىن.
(كىشى سۆز ۋە تىلىدا بېرۈركەن ئازار،
سۆڭەك ئاغرىتىپ دىلغا بىر ئوق ياقار.)

سۆزۈك ساقنۇ سۆزلە ساقىنچ كەلمەگەي،
ياۋا قىلما ئود كۈن ئۆكۈنچ بولماغاي.
(سۆزۈڭنى قىل ئويلاپ، غېمىڭ ئاشمىغاي،
زايا قىلما ۋاقتىڭ، پۇشمان بولمىغاي.)

سۆزۈگ ساقنۇ سۆزلە سەن ئەۋمە سەرىن،
ئەۋە سۆزلەمىش سۆز ئۆكۈنچى يارىن.
(بايقاپ قىل سۆزۈڭنى، سەن ئالدىرىمىغىن،
سۆز ئېيتساڭ ئالدىراپ، پۇشايمان كېيىن.)

سۆزۈڭنى كۈدەزگىل باشىڭ بارماسۇن،
تىلىڭنى كۈدەزگىل تىشىڭ سىنماسىن.
(سۆزۈڭنى كۆزەتكىن بېشىڭ كەتمىسۇن،
تىلىڭنى كۆزەتكىن چىشىڭ سۇنمىسۇن.)

سۆزى چىن كەرەك بەگ قىيىقسىز كۆنى،
سۆزىندە يانىغلىغ تەمە ئەر ئانى.
(بەگ راست سۆز بولغۇلۇق ۋە تاناماس كېرەك،
سۆزىدە تۇرماسنى ئەر دېمەس كېرەك.)

www.uyghurkitap.com

# ق

قاراڭغۇ ئەۋ ئول بۇ كىشى تۇن سانى،
ئۇقۇش بىر يۇلا تەگ يا رۇتۇر ئانى.
(كىشى تۇن كەبى بىر قاراڭغۇ ئىرۇر،
ئەقىل بىر چىراغدەك ئۇنى يورۇتۇر.)

قارىن تودسا ئارپا يا هالۋا بىر ئول،
قالۇر بارچا ئارتىپ تولۇر كىرگۇ يول.
(قورساق تويسا ئارپا يا هالۋا بىر ئول،
قالۇر بارچە ئېشىپ، تولسا كىرەر يول.)

قارىندا تۆرۈمىش قىلىنچ ئۆگرەتىگ،
ياغىز يىر قاتىندا كېتەر ئاي تەتىگ.
(قورساقتا تۆرەلمىش خۇلقى، ئەي چېۋەر،
قوڭۇر يەر قېتىغا كىرگەندە تۇگەر.)

قامۇغ ئەدگۇكە بول سەن ئەدگۇكشى،
ئېسىزكە ئېسىز بول ئول ئېسىز تۇشى.
(پۇتۇن ياخشىغا بول سەن ياخشى كىشى،
يامانغا يامان بول، يامانلىق توشى.)

قالى ئۇمدۇسىن بولسا ئول ئۇمدۇچى،
ئاتاغاي سىنى ئول ئىنى يا ئەچى.
(تاماخور سىنىڭدىن كۆرسە نەپئىنى،
ئاتايدۇ سېنى ئۇ ئاكا يا ئىنى.)

قايا ياڭقۇسىندىن قودى بولماغىل،
سىنى سەن تىسەلەر ئانى سەنلەگىل.
(قايا ياڭقۇسىدىن[1] تۆۋەن بولمىغىل،
سېنى سەن دېسەلەر، ئۇنى سەنلىگىل.)

قايۇ كىم توغار ئەرسە ئۆلگۇ كەرەك،
قايۇ نەڭ ئاغار ئەرسە ئىلگۇ كەرەك.
(نېمە كىم تۇغۇلار ھەم ئۆلمەك كېرەك،
نېمە ئۆرلىسە، پەسكە چۈشمەك كېرەك.)

## ك

كۆلەر يۈز ئىسىغ سۆزكە يالڭۇق ئىسىر،
ئىسىنسە بۇ يالڭۇق بولۇر قۇل ئەسىر.
(كۈلەر يۈز، شېرىن سۆزگە ئەر ئىسسىنۇر،
ئىسسىنسا بۇ ئىنسان ئەسىر، قۇل بولۇر.)

كۆڭۈل بولماسا ئەر كۆزى ئاسغى يوق،
ئۇگى بولماسا ئەر كۆڭۈل ئوسغى يوق.
(ئىرۇر پايدىسىز كۆز، كۆڭۈل بولمىسا،
كۆڭۈل پايدىسىزدۇر ئەقىل بولمىسا.)

كېڭەش بىرلە قىلغۇ كەرەك ئىش بىلىپ،
ئۆكۈندى كېڭەشمەگىلى ئىشلە ئۇلىپ.

---

① قايا ياڭقۇسى ــــ (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) ئاۋازنىڭ تاغقا ئۇرۇلۇشىدىن چىقىدىغان ئەكس سادا. شائىر بۇ يەردە ياخشىلىق قىلغۇچىغا ياخشىلىق ياندۇرغىن، دېمەكچى.

(قىلىش لازىم ھەر ئىشنى كېڭەشلە بىلىپ،
كېڭەشمەس ئۇ ئىگرار ئۆكۈنۈپ.)

كىرىشكە ياراشى چىقىش قىل ياقىن،
چىقىش بولسا تەركىن كىرىشكە باقىن.
(كىرىمگە يارىشا چىقىم ئەيلىگىل،
چىقىم بولسا دەرھال كىرىم يولىن قىل.)

كىشى ئاسغى بولسا كىشىگە قاتىل.
كىشىكە توسۇلماق كىشى ئاسغى بىل.
(كىشى نەپئى بولسا كىشىگە قېتىل،
كىشىگە بېرىش نەپ ھەر كىم نەپئى بىل).

ن

نەچە ئىش كىشىكە كىڭەشگۈ كەرەك،
كۆڭۈل تاپلامىش ئىشنى قىلغۇ كەرەك.
(ۋە بەزى ئىشلاردا كېڭەشمەك كېرەك،
لېكىن دىلغا ياققاننى قىلماق كېرەك.)

نەچە كۆركلۈگ ئەرسە قاغۇن تاش يۈزى،
يىدى يا بەدىزى يا مەڭزى توزى.
(قوغۇننىڭ تېشى يالى رەڭگى - يۈزى،
ھىدى، مەڭزى كۆركەم نەچاغلىق ئۆزى؟)

# ئۇ

ئۇلۇغ ھۆرمەتى بار ئاجۇندا تورۇ،
ئۇلۇغ كەلسە قوپغىل ئاداقىن ئورۇ.
(ئۇلۇغقا ھۆرمەت — بۇ، جاھان قانۇنى،
ئۇلۇغ كەلسە قوپۇپ كۇتۇپ ئال ئۇنى.)

ئۇلۇغلۇغ، بۇ بەگلىك يۇز ئەۋرىر ساڭا،
مەگەر ئەدگۇلۇك يۇز ئەۋرىمەز توڭا.
(يۇز ئۆرۈر ئۇلۇغلۇق، بۇ بەگلىك ساڭا،
پەقەت ياخشىلىق ئۆرۈمەس يۇز، توڭا.)

ئۇلۇغلۇغ ئۇلۇغلا كۆدەز ھۇرمەتى،
ساڭا كەلگەن دەۋلەت ئۇلۇغلۇغ قۇتى.
(ئۇلۇغنى ئۇلۇغلاپ، قىل ھۆرمەت ئاڭا،
كېلۇر بەختۇ دۆلەت، ئۇلۇغلۇق ساڭا).

ئۇلۇغلۇقىقا تەكسە ئوقۇشسۇز كىشى،
ئىدسى باشىن يېر ئاي ئەلچى باشى.
(ئۇلۇغلۇقىقا يەتسە بىلىمسىز كىشى،
ئىگىسى بېشىنى يەر، ئى ئەل بېشى.)

www.uyghurkitap.com

## ئۆ

ئۆرۈك سۈت بىلە كىرسە ئەدگۈ قىلىق،
ئۆلۈم تۈتماغۇنچا ئەۋۈرمەز يورىق.
(ئەگەر كىرسە ئاق سۈت بىلەن ياخشىلىق،
ئۆلۈم تۇتمىغۇنچە ئۆزگەرمەس قىلىق.)

ئۆكۈش سوزلەسە ياڭشادى تىر بىلىگ،
يانا سۆزلەمەسە ئاغىنىن تىر تىلىگ.
(بىلىم دەر «مەمەدانە» كۆپ سۆزلىسەڭ،
گاچا دەيدۇ، سۆزنى ئەگەر دېمىسەڭ.)

ئوقۇشسىز كىشى ئول يىمىشسىز يىغاچ،
يىمىشسىز يىغاچىغ نەگۈ قىلسۇن ئاچ.
(ئەقىلسىز كىشىدۇر يېمىشسىز ياغاچ،
نە قىلغاي يېمىشسىز دەرەخلەرنى ئاچ؟)

## ئي

ئىسىزكە قاتىلما ئاي ئەدگۈ كىشى،
ئىسىز بولغا قىلقىڭ ئول ئىسىز تۈشى.
(قوشۇلما يامانغا ئى ياخشى كىشى،
بولۇر خۇلقۇڭ يامان ئۇنىڭ ئۇخشىشى.)

ئېسىزكە قاتىلما سەلامەت يۈرى.
قىلىنچىڭ كۈنى تۈت كەۋەل تەگ كۆرى.
(يامانغا قوشۇلماي ئامانلىقتا تۇر،
بولۇپ تۇر خۇلۇقلۇق، ئاغماقتەك يۈگۈر.)

ئېسىز ئەش تۆتۈنما يىراق تۇر تەزە،
ئىسىز ئەش ئازىتۇر سىنى يول ئۆزە.
(يامانني ئىلما ئەش، قېچىپ نېرى بار،
يامان ھەمراھ سېنى يولدىن ئازدۇرار.)

## ئى

ئىچىندە تاتىغ بولماسا ئول قاغۇن،
ئانى تاشتىن ئاتغۇ بولۇر ئاي سىغۇن.
(بى تەم بولسا لېكىن ئىچىدىن قوغۇن،
ئۇنى تاشلاش كېرەك، ئى چاققان سوغۇن[①].)

ئىككى تۈرلۈگ ئات ئول بۇ تىلدە يورىر،
بىر ئەدگۈ، بىر ئىسىز ئاجۇندا قالىر.
(كىشىدەك ئىككى ئات، بۇ، تىلدا يۈرۈر،
بىر ياخشى، بىر ئەسكى جاھاندا قالۇر.)

ئىسىز قىلسا ئىسىز يانۇتى ئۆكۈنچ،
ئۇسا ئەدگۈلۈك قىل ئىسىزكە ئۆچۈن.

① سوغۇن — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) تاغ تېكىسى.

(يامان قىلسا يامانلىق، پۇشايمان يېنىق،
يامانلىقتا مۇمكىنچە قىل ياخشىلىق.)

## ي

يانتۇلۇغ كىشى ئول كىشى ئەزگۈسى،
بۇدۇندا تا لۇسى كىشى بەلگۈسى.
(يانتۇلۇق كىشى[1] ئۇ كىشى ياخشىسى،
خەلقنىڭ خىلمۇدۇر، كىشى بەلگىسى.)

ياراشۇر ئۇلۇغقا كىچىك ھۆرمەتى،
ئۇلۇغ ما كىچىككە قىلۇر ئوق كۆرۈ.
(كىبىرەكتۇر كىچىكتىن ئۇلۇغقا ھۆرمەت،
ئۇلۇغمۇ كىچىككە قىلۇر ئەيىننى.)

يۇلا ئول ئۇقۇش كور قاراغۇقا كوز،
ئولۇگ تەنكە جان ئول ئاغىن تىلكە سوز.
(ئەقىل بىر چىراغدۇر، كۆزى يوققا كۆز،
ئۆلۈك تەنگە جان ئول، گاچا تىلغا سۆز.)

[1] يانتۇلۇق كىشى — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) ياخشىلىققا ياخشىلىق يانـدۇرغۇچى كىشى.

# قوشۇمچە (4):



# ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى ئاتىلار سۆزى

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
www.uyghurkitap.com

## ئا

ئات بار يەردە، ئېشەككە يول بولسۇن،
دوست بار يەردە، ھېسابتا پۇل بولسۇن.

ئاۋازىڭغا بېقىپ ساز تەلەپ قىل.

ئاسان ئىشنىڭ بېشىغا،
ھەركىم كېلەر قېشىغا.

ئابدالدا ئۇيات يوق،
كېپەكتە قۇۋۋەت (يوق).

## ب

باغلاقلىق ئىت ئوۋغا يارىماس.

باخشى «سۇپكۈچ» بىلەن كۈن ئۆتكۈزەر.

باخشى دېپىنى داڭلار،
ئابدال قېپىنى (داڭلار).

باققال باغقا تويماپتۇ،
پېرىخون داپقا (تويماپتۇ).

بورا كوچىسىدىن بورا ئالسام باغلىقى يوق،
باغ كوچىسىدىن چوكان ئالسام ياغلىقى يوق.

## پ

پادىچى پوستەكچى بىلەن دوست بولالماس.

پەشنى كىسىپ يەڭنى ياماپتۇ.

پۇلسىز چىرىكلىق يوق،
ھەرىكەتسىز تىرىكلىك (يوق).

پۇل تېپىپ قەشقەردە خەجلەڭ،
نان تېپىپ جانبازدا يەڭ.

## ت

تاپالىساڭ ھالال يە،
تاپالمىساڭ شامال (يە).

تاماق تۇزى بىلەن،
دوغاپ مۇزى بىلەن.

تاغلىقتا ئۆي كۆرسەتمەك،
ئۆچكىگە باغ (كۆرسەتمەك).

توقۇمنى ئوغرىلىغان تۆگىنىمۇ ئوغرىلار.

تۆگەنچىنىڭ پايدىسى غەللە ـ پوستەك،
داققالچىغا تېگىدىغىنى تەستەك.

تۆگە مىنىپ توشقان تۇتۇپتۇ.

تېپىمۇالساڭمۇ سانىۋال.

تېرىمىغان كېۋەزگە باپكار ئارىلىشىپتۇ.

## چ

چىلىمى يوق بەڭگى مەست،
نوختىسى يوق ھاڭگا (مەست).

## د

داپ ــــ ھەممە سازنىڭ ئەيىبىنى ياپ.

## س

ساۋابنى ئىزدىسەڭ دېھقاندىن سورا،
كاۋاپنى ئىزدىسەڭ قاسساپتىن (سورا).

سول قولۇڭدا تاش بەرسەڭ،
ئوڭ قولۇڭدا گۆھەر ئالىسەن.

## ق

قارچىغا ئېتەكنى پوق ئېتەر،
قۇش بىلەكنى (پوق ئېتەر).

قەلەندەر ئىتتىن قورقماس،
يالاڭ ئاياغ سۇدىن (قورقماس).

قىمارۋازنىڭ ئالچىسى تولا،
پوستەكچىنىڭ خالتىسى (تولا).

قىمارۋازنىڭ كۆزىنىڭ قارىچۇقى كەينىدە.

## ك

كەچ قالغان قاراڭغۇدىن قورقماس.

كوزىچى پۇچۇق كوزىدا سۇ ئىچەر.

كۆپ ئىت كېيىكنى قاچۇرار.

كۆزگە كۆرۈنمىگەن ئوغرى مەككار ھۇنەرۋەندىن ياخشى.

## م

مەيلى بولسا مەيخانا،
چىلىم بولسا سەيخانا.

## ن

نان بەرسە ئال، قوينۇڭغا سال.

ناسۇلچى قىرىسا قاپاق ئاسىدۇ،
بەڭگى قىرىسا چاپاق باسىدۇ.

## ھ

ھەر ئىشنىڭ يولى باشقا،
ھەر گىياھنىڭ گۈلى (باشقا).

## ئو

ئوغرى ئوغرىلاشقا بىر نەرسە تاپالمىسا،
ئۆزىنىڭ بۆكىنى ئوغرىلار.

ئوغرى بىيىماس،
تەمەخور تويىماس.

## ئۆ

ئۆي دېسە مورىسى يوق،
باغ دېسە غورىسى يوق.

ئۆچكىنىڭ مويى تۆگمەس،
بەڭگىنىڭ ئويى (تۆگمەس).

# ئى

ئىككى ئۇۋچى بار يەردە توشقان قېچىپتۇ.

ئىت قاۋايدۇ،
هايان قەلەندەرنىڭ.

# ي

يازلىق قوغۇن تولاشماس،
تۆزسىز خېمىر قولاشماس.

يارىدەمچىڭ ياخشى بولسا، ئىشىڭ ئوڭغا تارتار.

يالغان ئىشتىن پايدا تاپساڭمۇ، ئاخىرى زىيان تارتىسەن.

يامانلىغان ئابدالنىڭ خۇرجۇنىغا زىيان.

يامان ئوغرى پاخال ئوغرىلار.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# قوشۇمچە (5):

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


1. مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»( ئۈچ توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل (1 ـ توم)، 1983 ـ يىلى ( 2 ـ توم)، 1984 ـ يىلى (3 ـ توم) 1 ـ نەشرى.

2. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

3. ئەھمەد يۈكنەكى: «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

1. مەمتىلى سايىت توپلاپ، رەتلىگەن: «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

2. زۇنۇن قادىرى، مۇھەممەد رەھىم توپلىغان: «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1957 ـ يىل نەشرى.

3. غ. سەيدىۋاققاسوف، ش. كىبىروف، ھ. ۋەھىدوف قاتارلىقلار توپلاپ، رەتلىگەن: «ئۇيغۇر ماقال ۋە تەمسىللىرى»، ئالماتا، 1978 ـ يىلى نەشرى.

4. «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان: «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» (ئىككى قىسىم)، 2006 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

5. ئابدۇراھمان زۇنۇن تۈزگەن: «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى خەزىنىسى»، شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2014 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

6. قازاقىستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تۈزگەن: «ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ ئانتولوگىيەسى»، قازاقىستان س س ر «نائۇكا» نەشرىياتى، ئالمۇتا 1988 ـ يىلى نەشرى.

7. غ. سەيدىۋاققاسوۋ، ش. كىبىروف، ھ. ۋاھىدوف: «ئۇيغۇر ماقال ۋە تەمسىللىرى»، قازاقىستان دۆلەت گۈزەل ئەدەبىيات نەشرىياتى، ئالمائاتا، 1960 ـ يىلى نەشرى.

8. كۆرتۈلۈش ئۆزتوپچۇ: «ئۇيغۇر ئاتا سۆزلىرى ۋە دېيىملىرى»، ئىستانبۇل، 1990 ـ يىلى نەشرى.

9. ئىزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تۈزگەن: «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى». شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 - يىلى 1 - نەشرى.
10. ئالىم قادىر، جاڭ جۈنشى، جاۋ شىنجيې: «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىل-لىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2014 - يىلى 2 - ئاي 1 - نەشرى.
11. مەمتېلى سايىت توپلىغان: «ماقال - تەمسىللەر ۋە تېپىشماقلار»، خوتەن ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشىر قىلىش، پىلانلاش رەھبەتلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى ئىچكى قىسىمدا باستۇرغان نۇسخىسى، 1991 - يىلى باسمىسى.
12. تۇرپان ۋىلايەتلىك خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى تەھرىر ھەيئىتى تۈزگەن: «تۇرپان خەلق ماقال ماقال - تەمسىللىرى»، 1992 - يىلى 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى.
13. قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى تەھرىر ھەيئىتى تۈز-گەن: «قەشقەر خەلق ماقال ماقال - تەمسىللىرى»، 1994 - يىلى 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى.
14. كورلا شەھەرلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى «ئۈچ توپلام» ئىشخانىسى تۈز-گەن: «كورلا خەلق قوشاقلىرى ۋە ماقال - تەمسىللىرى»، 1993 - يىلى 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى.
15. ئىسمائىل تۆمۈرى: ««قۇتادغۇبىلىك، داستانىدىكى ماقال - تەمسىللەردىن تەرمىلەر»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1984 - يىللىق 2 - سان.
16. روزى سايىت: ««ئەتەبەتۇل - ھەقايىق،(ھەقىقەت ئىشىكى) داستانىنىڭ شېئىرىي تەرجىمىسىگە ئىلاۋە»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2001 - يىللىق 6 - سان.
17. بايمەتھاجى راخمان نەشرگە تەييارلىغان: ««تۈركىي تىللار دىۋانى،دىكى ئە-دەبىي مىراسلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى.
18. ئا. خۇدايقۇلوف توپلىغان: «ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتى پارچىلىرى»، تاش-كەنت، 1934 - يىلى نەشرى.
19. ق. ھەسەنوف، ئا. شەمەيېف: «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى»، ئالموتا، 1949 - يىلى نەشرى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: دىلنۇر ئابدۇراخمان
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
قايتا تەكشۈرگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئەنۋەر قۇتلۇق
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
بەت ياسىغۇچى: ئابلەت ئاۋۇت
باسما مەسئۇلى: لىيۇ ۋېيىيۇ

كىتاب نامى: ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى (3)
تۈزگۈچىلەر: ئادىل مۇھەممەت، روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ مەدەنىيەت نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى
پەن - تېخنىكا باغچە يولى 5 - قورۇ
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: بېيجىڭ شىنخۇا باسما چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 21.75
نەشرى: 2016 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2017 - يىلى 1 - ئاي 1 - قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 8734 - 7
باھاسى: 65.00 يۈەن

---

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى - شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن

ISBN 978-7-5469-8734-7

9 787546 987347 >

定价：65.00 元